يۇ. س. خۇدياكوۋ

# مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ
# قورال - ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇد قەشقىرى « ئۇيغۇر » سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇيغۇر ، بىر ئەلنىڭ ئىسمى ، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار . بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن يۇتۇم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن .

ماڭا مۇھەممەت چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى : زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن • ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن• ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە « Inan huzhurand — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ » دەپتۇ . شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل « huzhur » دەپ ئاتىلىپتۇ .



سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە بۆلۈمى
تارىخ ، فىلولوگىيە ۋە پەلسەپە ئىنستىتۇتى

يۇ.س.خۇدياكوۋ

# مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ
# قورال - ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
中亚游牧民族冷兵器/乎德亚科夫著,帕尔哈提·吉兰译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11
ISBN7-228-08418-7

Ⅰ.中… Ⅱ.①乎…②帕… Ⅲ.牧民-武器-发展史-中亚-古代-维吾尔语 (中国少数民族语言)
Ⅳ.E92-093.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 101444 号

# 中亚游牧民族冷兵器 (维吾尔文)

乎德亚科夫 著
帕尔哈提·吉兰 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.625 印张 2 插页
2003 年 11 月第 1 版 2003 年 11 月第 1 次印刷
印数:1-3,000

ISBN7-228-08418-7 定价: 22.00 元

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

مەن 1991 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھەربىي ئىشلار ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىم باشلاندى. ھەربىي ئوقۇتۇش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا «ھەربىي ئىلىم» دىن ئىبارەت بۇ ساھەنىڭ ئۆزگىچە بىر ئىلىم ساھەسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ھەمدە مەندە ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە يىل جەريانىدا زور قىزىقىش ۋە ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ھەربىي ئىلىمنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ھەربىي ئىشلارغا دائىر نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى، ھەرقايسى مىللەت، قوۋملارغا دائىر ھەربىي ئەسەرلەرنى ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە قايسى تىلدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يىغدىم ۋە ئۆگەندىم ھەمدە «ھەربىي خەت - ئالاقە يېزىقچىلىقى» (1998 - يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى) «سۇن زىنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى» (2001 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «جۇگې لياڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي - تەدبىرلىرى» (2003 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەنتىقىسى» (2002 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) قاتارلىق كىتابلارنى نەشىر قىلدۇردۇم. بۇ جەرياندا نۇرغۇن يولداشلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، ياردەم - مەدەتلىرىگە ۋە ماتېرىيال ئۇچۇرلىرىغا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى پىشقەدەم شائىر، تىلشۇناس،

تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن ئاكىدۇر. بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئۆزىدە بىر ئېسىل كىتابنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن كىتابنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنىڭ قىرغىزىستانلىق روس ئالىمى خۇدياكوۋنىڭ «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرى» دېگەن روسچە كىتابى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۆزۈم روسچىنى بىلمىگەچكە كىتابنى بىۋاسىتە كۆرۈپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىدى. كىتابنى تېزدىن كۆرۈپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىستىكى مېنى ئارامىمدا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كىتابنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى تىلشۇناس، يازغۇچى، تەرجىمان پەرھات جىلان ئەپەندىگە ھاۋالە قىلدىم. پەرھات ئاكىمۇ بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كىتابنى يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن تەرجىمىنى كۆرگەندىن كېيىن كىتابنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى، بېرىلگەن ئۇچۇر، ماتېرىيال ـ مەنبەلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ، بۇ ئەسەرنى ئۆزۈملا كۆرسەم بەكمۇ شەخسىيەتچىلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەسلىدە تەتقىقاتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تەرجىمە قىلدۇرغان بۇ ئەسەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نەشر قىلدۇردۇم. شۇنىڭدەك كىتابنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە نەشرىدە «مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى» دەپ ئالدىم. چۈنكى، كىتابتا جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قەبىلىلەرگە دائىر مەلۇماتلار بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرى، ھەربىي تەشكىلى تۈزۈلمىسى بىلەن ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر مەزمۇنلار خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «مەركىزىي ئاسىيا» دىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىمۇ بىرلىككە كەل-

مىگەن، تالاش ـ تارتىش بولىۋاتقان مەسىلە بولغاچقا، مەن
«مەركىزىي ئاسىيا» ئۇقۇمىنى كەڭ مەنىدە قوللىنىپ ئىشلەت-
تىم. خۇدياكوۋ: «بۇرۇن بىر قىسىم ئالىملار مەركىزىي ئاسىيا-
نى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىر دەپ ھېسابلىغان. بىز ئېيتىۋاتقان
مەركىزىي ئاسىيا تارىخىي ـ مەدەنىيەت رايونى ھازىرقى موڭغۇل-
يە ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە تېررىتورىيىسىنى (بايقال كۆلى ئەترا-
پى، تۇۋا، مىنۇسىن ۋە ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقى، ئالتاينىڭ
تاغلىق ۋە دالا رايونلىرى، ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى،
ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇن-
داقلا جەنۇب تەرەپتىكى زېمىنلاردىن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ۋە
شىنجاڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى پاسىل قىلغان يايلاقلىرى ۋە
شىزاڭ ئېگىزلىكىنىمۇ مەركىزىي ئاسىيا دائىرىسىگە كىرگۈزۈش
كېرەك» دېگەن. بۇ ھەقتە دوكتور ئەسئەت سۇلايمان «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلىرى-
دىكى «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن
ماقالىسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا، ئىچكى ئاسىيا
دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ناملار پەقەت يېقىنقى بىر ـ ئىككى يۈز
يىلدىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ كونكرېت دائىرىسى ئۈستى-
دىكى تالاش ـ تارتىشلار تا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە ھەل
بولمىدى. مېنىڭچە بۇ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى،
يەنى دەريالىرى ئوچۇق دېڭىزغا ئېقىپ بارالمايدىغان كەڭ رايون-
لارنى كۆرسىتىش مۇمكىن» دەپ يازغان. قىسقىسى، جۇڭگو ۋە
چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ
دائىرىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا قىسمەن پەرقلەر بولسىمۇ،
ئومۇمىي جەھەتتىن زور ئوخشاشلىق بار. شۇڭا، مەن كىتابنىڭ
ئىسمىنى ئۇيغۇرچە نەشرىدە «مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ
قورال ـ ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى» دەپ ئالدىم. بۇ ماكاندا

چېتىلىدىغان ۋەقەلەرگىلا قىزىقاتتى.

يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ كەلدى. ھازىر مەزكۇر تېمىنى ئىشلەشتە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ھەربىي ئىستىھكاملار، خارابىلەر ۋە كۆلگە ئايلانغان جايلار، ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى ۋە باشقىلار ئۇرۇشلارنىڭ ماددىي ئىزلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ھېسابقا ئېلىش لازىمكى، ھەربىي ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە يەككە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش چېگرىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرغان. قورال - ياراغ تۈرلىرى ھەربىي ئىشلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبە بولالايدۇ. بۇ قوراللار ھەربىي پائالىيەتنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. دېمەك، مەنبە ئاساسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تارىخىنى قورال - ياراغ تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا، شۇ قوراللارنىڭ قايسى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى پۈتۈن دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدىكى بىر پەۋقۇلئاددە مەسىلە بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كۆچمەنلەر جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىكى ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئېنىقلاشقا ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش ئامىلىنى تەكشۈرگەندە يايلاق ئاھالىسى ئىچىدىن مەدەنىي ئىگىلىك تۈرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۆلىنىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنى

ئېچىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ تەدرى-
جىي تەرەققىياتىدىكى مۇقىملىق بىلەن ئۆزگىرىشنىڭ نىسبىتىنى
ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ،
بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تۇرغان كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر-
نىڭ گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش سەۋەبلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ،
تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈش دولقۇنلى-
رى ۋە تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.
يۇقىرىقى قانۇنىيەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى
ياۋروپا - ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان زامان ۋە ما-
كاندىكى ھەربىي ئىشلار تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى سىستېمى-
لاشتۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگە باغلىق. كۆچمەنلەر جەمئىيەتنىڭ
ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدا مەۋجۇت بولغان دەۋرىگە ئائىت
بارلىق مەنبەلەر يىغىپ تەكشۈرۈلسە، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئۇ-
رۇش قىلىش سەنئىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئەڭ تولۇق ۋە ئەي-
نەن بولار ئىدى. ھالبۇكى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى تۈر-
لۈك دەۋرلەردىكى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە تەئەللۇق بولغان مەنبەلەر-
نىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقى بىلەن ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ
كېتىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يايلاق-
لاردىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىي ئىشلارنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى كۆپىنچە ھاللاردا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان كونكرېت زەھبىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش زۆرۈر-
يىتىدىن كېلىپ چىققان. بۇ كۆپ قاتلاملىق تېما بولۇپ، ھەربىر
قاتلىمى يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم تېما بولىدۇ (مەسىلەن، شەرقىي
ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي تۈركىستان، يىراق شەرق
ئەھۋاللىرى)، بۇ تېمىلار كونكرېت رايونلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش
سەنئەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا،
بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەزكۇر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
كۆچمەنلەر دۇنياسىدىكى شۇنداق بىر تارىخىي مەدەنىي رايوننى

رىلەردە كۆپلىگەن ئۇرۇشلار، ھەربىي يۈرۈشلەر، جەڭلەر، قى-
سىملار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار
ساقلىنىپ قالغان». بۇ جەھەتتىمۇ ئېلىمىز خاتىرىلىرى ناھايىتى
مول ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇلار كۆچمەنلەرنىڭ قورال -
ياراغ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىرىنچى قول ماتېرىيال
بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، «كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش
قىلىش سەنئىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا
ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن. كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر
ئاساسلىق مەلۇماتلار شۇ كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا دۇچ كەل-
گەن دېھقانچىلىق ئەللىرىنىڭ ۋەكىللىرى يازغان يىلنامىلەردە ۋە
تارىخىي ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان. تەبىئىيكى، بۇ مەنبەلەر
تولۇق ئەمەس ۋە خاھىشچانلىققا ئىگە. چەت ئەللەر ئۆز دۆلىتى-
نىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئوخشىمايدىغان كۆچمەنلەرچە ئۇرۇش
قىلىش سەنئىتىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىگىلا قىزىققان، شۇڭا رىئال
مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەھمىيەتسىز نەرسىلەردەك
قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان ياكى غەيرىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ چۈشەن-
دۈرۈلگەن. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى يىلنامىچىلەر ۋە
تارىخچىلار كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى ئانچە بىلىپ كەت-
مەيتتى، چۈنكى ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆ-
زەتمەستىن، پەقەت ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە چېتىلىدىغان
ۋەقەلەرگىلا قىزىققان». شۇڭا، كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي قورال
- ياراغ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا تارىخىي يازما مەنبەلەر
بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى كۆچمەنلەر پائالى-
يەت قىلغان زېمىنلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مىللەتلەر تارىخىي
خاتىرىلىرى، جايلاردىن قېزىلغان، تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيە-
لىك تېپىلمىلار ھەم شۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن يازما مەنبەلەردىكى خا-

ھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىلىپ قالغان خاتالىقلارنى تېپىپ چىقق‍ى-
لى، مەلۇماتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىد-
غان قىيىنچىلىقلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ. چۈنكى كۆچمەنلەر پائا-
لىيەت ئېلىپ بارغان جايلار ئىنتايىن كەڭ.

سىنىپ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى يىراق قەدىمكى دەۋردە،
ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن ئاساسلىقى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۈ-
رەش قىلغان بولۇپ، ئەمگەك قوراللىرى بىلەن ھەربىي قورال
ئايرىلمىغان. قورال - ياراغ قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى،
شۇنداقلا ئۇرۇش قىلىدىغان ئاساسلىق قورال. ئۇ ئەمگەك قورال-
لىرىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ
مۇستەقىل بىر سىستېمىغا ئايلانغان. قورال - ياراغ تەرەققىيات
تارىخىنى ئادەتتە سوغۇق قوراللار، ئوت قوراللار ۋە زامانىۋى
قوراللاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىغا، ھەربىر باس-
قۇچنى يەنە بىر نەچچە تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.
مەزكۇر كىتاب سوغۇق قوراللار دەۋرىدىكى تۆمۈر قوراللارنى
تەتقىق قىلىش ۋە بايان قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بو-
لۇپ، مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ شۇ دەۋر قوراللىرىنىڭ
ئاساسىي ئەھۋالىنى ناھايىتى ئىلمىي ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلار ئاسا-
سىدا پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ كىتاب بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي ئىشلار تەتقى-
قاتىمىزدا ئۈلگىلىك رول ئويناش بىلەن بىللە، بىزنى ئىلمىي
تەتقىقات مېتودى ۋە مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالىمجان ھاشىر تۈرگۈن

2003 - يىل 11 - نويابىر، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ئوتتۇرا ئەسىرلەر كۆچمەنلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىلىرى ... 1
ئەسەرلەر ۋە مەنبەلەر ھەققىدە.................. 11

بىرىنچى قىسىم كېيىنكى قەدىمكى زامان دەۋرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ قوراللىرى .................. 41
بىرىنچى باب ھۇنلاردا يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قورال- لىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى...44
ئىككىنچى باب تېس قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قورال تۈر- لىرى .......................................... 82
ئۈچىنچى باب كۆكەل قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىرى ......... 96
تۆتىنچى باب تاشتىق قەبىلىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى ... 126
بەشىنچى باب يۇقىرى ئوب قەبىلىلىرىنىڭ قورال تۈر- لىرى ........................................ 157
ئالتىنچى باب بېرىل قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىرى......... 177

ئىككىنچى قىسىم ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى- دىكى كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ... 191
بىرىنچى باب قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ... 195
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى ئالا- ھىدىلىكلەر ......................... 243
ئۈچىنچى باب كىماكلارنىڭ قورال تۈرلىرى ........... 262

ئۈچىنچى قىسىم جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي
ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ
قورال ـ ياراغ تەرەققىياتى ۋە ئۇرۇش
سەنئىتىدىكى ئاساسلىق قانۇنىيەتلەر ...... 297

خاتىمە .................................................. 327

ئىزاھات ............................................ 330

## مۇقەددىمە

# ئوتتۇرا ئەسىرلەر كۆچمەنلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىلىرى

ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى داللىرىدا ياشىغان كۆچمەن خەلقلەر تارىخىدا ھەربىي ئىشلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. دۇنيا تارىخىدا كۆچمەن چارۋىچىلارغا خاس مەدەنىيەت - ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۈچ مىڭ يىل داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى كۆپ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەدىمدىن تارتىپ كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشنا خەلقلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەنىدى. يېزىق ئەنئەنىسى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ئەللەردە كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى، بۇلاڭچىلىقلىرى ۋە كەڭ كۆلەمدىكى تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. كۆچمەنلەردىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىنىشى، ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى، دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ھەربىيلىشىش ئەھۋاللىرى ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئەللىرىدە مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆچمەنلەر بىلەن ئۇلارغا چېگرىلىنىدىغان ئەللەرنىڭ قورال -

ياراغلىرى ھەم ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز ئارا
قويۇق تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتىدە بولغان ھەمدە بۇ كۆپ
جەھەتتىن كۆچمەنلەرگە قوراللىق تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىدىن
بەلگىلەنگەن. شۇڭا، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى
كۆچمەنلەر دۇنياسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئولتۇراق دېھقانچى-
لىق ئەللىرىنىڭ تارىخىدىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر-
نىڭ تەتقىقاتى كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەھلىل قىلىشى-
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

بۇ خىل تەتقىقات يۆنىلىشى ھازىرغىچە يېتەرلىك تۇتۇلمى-
دى. ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىگە دائىر دۇنيا تارىخىغا مۇناسىۋەت-
لىك ئومۇمىي بايان تۈرىدىكى ئەسەرلەردە كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي
ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان سەھىپە بەك ئاز، ئادەتتە، بۇنداق ئەسەر-
لەردە قەدىمكى يۇنان ۋە جۇڭگونىڭ ئۇرۇش تارىخلىرىغا مۇناسى-
ۋەتلىك بايانلاردىكى سكىفلار ۋە ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش تارىخلىرى-
دىن ئېلىنغان ئايرىم ۋەقەلەر لا تىلغا ئېلىنىدۇ. ① ئوتتۇرا
ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى ئۇرۇش سەنئى-
تىنى تەتقىق قىلغۇچى تارىخچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدىن
پۈتۈنلەي چەتتە قالغان. پەقەت ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدىكى موڭ-
غۇللارنىڭ ئۇرۇش تارىخى ۋە قوراللىنىشى بىر قەدەر تەپسىلىي
بايان قىلىنغان. ② ھالبۇكى، ئالدىنقى دەۋرلەردىكى كۆچمەنلەر-
نىڭ ئۇرۇش تارىخى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بولغاچقا، موڭغۇللارنىڭ ئۇ-
رۇش قىلىشتىكى ئاجايىپ ئۇتۇقلىرى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە توغرا
شەرھلەنمىدى ۋە پۈتۈنلەي چىڭگىزخاننىڭ تالانتىدىن بولغان دەپ
ھېسابلاندى.

ئولتۇراق ۋە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى-
گە ئائىت بىلىملەرنىڭ تولۇق بولماسلىقى كۆپ جەھەتتىن مەنبە
ئاساسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇنلىغان
ئولتۇراق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا زور

ئۇرۇش ۋەقەلىرىنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسى بولغانىدى. شۇ خاتى-
رىلەردە كۆپلىگەن ئۇرۇشلار، يۈرۈشلەر، جەڭلەر، قوشۇن قۇ-
رۇلمىسى ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ساقلىنىپ
قالغان. ئاشۇ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرى-
نى ئومۇملاشتۇرۇشقا قارىتىلغان ئۇرۇنۇشلار كۆرۈلگەن، «غە-
لىبە قىلىش ئىلمى» ھەققىدىكى بايانلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ
كۆپ قاتلاملىق مول ماتېرىياللار قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر
دەۋرلىرىدىكى دېھقانچىلىق ئەللىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ بار-
لىققا كېلىش ۋە راۋاجلىنىشتەك تارىخىي مەنزىرىسىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشەنچلىك مەنبە بولالايدۇ ③. بىر قەدەر
كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى تەتقىق قىلغۇ-
چى تارىخچىلار بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان، ھەربىي نەزەر-
يىچىلەرمۇ بۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۇرۇشلاردا
قوللانغان.

كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى-
نىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. كۆچمەنلەر-
نىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر ئاساسلىق مەلۇماتلار شۇ كۆچمەن-
لەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا دۇچ كەلگەن دېھقانچىلىق ئەللىرىنىڭ ۋە-
كىللىرى يازغان يىلنامىلەر ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە ساقلىنىپ
قالغان. تەبىئىيكى، بۇ مەنبەلەر تولۇق ئەمەس ۋە خاھىشچانلىققا
ئىگە. چەت ئەللىكلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئوخ-
شاشمايدىغان كۆچمەنلەرچە ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ ئايرىم
تەرەپلىرىگىلا قىزىققان. شۇڭا، رېئال مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن
مەسىلىلەر ئەھمىيەتسىزدەك قالدۇرۇپ قويۇلغان ياكى غەيرىي
پوزىتسىيىدە چۈشەندۈرۈلگەن. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى
يىلنامىچىلەر ۋە تارىخچىلار كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى
ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالىنى كۆزەتمەستىن، پەقەت ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە

چېتىلىدىغان ۋەقەلەرگىلا قىزىقاتتى.
يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ كەلدى. ھازىر مەزكۇر تېمىنى ئىشلەشتە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ھەربىي ئىستىھكاملار، خارابىلەر ۋە كۆلگە ئايلانغان جايلار، ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى ۋە باشقىلار ئۇرۇشلارنىڭ ماددىي ئىزلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ھېسابقا ئېلىش لازىمكى، ھەربىي ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە يەككە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش چېگرىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرغان. قورال - ياراغ تۈرلىرى ھەربىي ئىشلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبە بولالايدۇ. بۇ قوراللار ھەربىي پائالىيەتنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. دېمەك، مەنبە ئاساسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تارىخىنى قورال - ياراغ تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا، شۇ قوراللارنىڭ قايسى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ ئېنىقلاشقا بولىدۇ.
كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى پۈتۈن دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدىكى بىر پەۋقۇلئاددە مەسىلە بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كۆچمەنلەر جەمئىيەتىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىكى ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئەينەن چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش ئامىلىنى تەكشۈرگەندە يايلاق ئاھالىسى ئىچىدىن مەدەنىي ئىگىلىك تۈرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنى

ئېچىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ تەدرى-
جىي تەرەققىياتىدىكى مۇقىملىق بىلەن ئۆزگىرىشىنىڭ نىسبىتىنى
ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ،
بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تۇرغان كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر-
نىڭ گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش سەۋەبلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ،
تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈش دولقۇنلى-
رى ۋە تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى قانۇنىيەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى
ياۋروپا - ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان زامان ۋە ما-
كاندىكى ھەربىي ئىشلار تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى سىستېمى-
لاشتۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگە باغلىق. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ
ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدا مەۋجۇت بولغان دەۋرىگە ئائىت
بارلىق مەنبەلەر يىغىپ تەكشۈرۈلسە، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئۇ-
رۇش قىلىش سەنئىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئەڭ تولۇق ۋە ئەي-
نەن بولار ئىدى. ھالبۇكى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى تۈر-
لۈك دەۋرلەردىكى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە تەئەللۇق بولغان مەنبەلەر-
نىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقى بىلەن ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ
كېتىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يايلاق-
لاردىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىي ئىشلارنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى كۆپىنچە ھاللاردا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان كونكرېت رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇش زۆرۈرى-
يىتىدىن كېلىپ چىققان. بۇ كۆپ قاتلاملىق تېما بولۇپ، ھەربىر
قاتلىمى يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم تېما بولىدۇ (مەسىلەن، شەرقىي
ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي تۈركىستان، يىراق شەرق
ئەھۋاللىرى)، بۇ تېمىلار كونكرېت رايونلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش
سەنئەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا،
بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەزكۇر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
كۆچمەنلەر دۇنياسىدىكى شۇنداق بىر تارىخىي مەدەنىي رايوننى

تاللاپ ئېلىش زۆرۈركى، بۇ رايوننىڭ ئۇرۇش تارىخى ئۆزىنىڭ كونكرېت رەقىبلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئەنئەنىسىگە مۇناسىۋەتسىز بولسۇن، بۇ رايوندىكى ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى تاشقى ئامىللار بىلەن ئەمەس (تاشقى ئامىللارنى ئېنىقلاش بەك تەس)، بەلكى كۆچمەنلەر جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن بەلگىلەنسۇن. ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندە، قىسمەن ئامىللارنىڭ ھېسابقا ئېلىنماي قېلىشى بىلەن مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، ئەھۋالنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى فۇنكسىيە مېخانىزمىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭدا مەركىزىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە زېمىنلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىي رايوننى تاللاپ ئېلىش كېرەك، چۈنكى كۆچمەنچىلىك مەۋجۇت بولغان تارىخىي دەۋرلەردە بۇ جاينىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى مەلۇم بىر دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى رايونىغا تارقىلىش بىلەن چەكلەنمىگەن. ئەلۋەتتە، ئۈچ مىڭ يىللىق كۆچمەنچىلىك تارىخى داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى رايونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۆزلىرىمۇ ئولتۇراق ئەللەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن، قوراللىق ھۇجۇملارغا ئۇچراپ تۇرغان ۋە بەزىدە جەنۇب، شەرق، غەربتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئىستېلا قىلغان. بەلگىلىك تارىخىي پەيتلەردە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە يۆنىلىشى ۋە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆلىمى ئۆز ماكانلىرى دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. ھالبۇكى، بۇ خىل يۈرۈشلەر كۆپ ھاللاردا ئۇزۇنغا سوزۇلمايتتى ۋە يالغۇز بىر دۈشمەن بىلەنلا قارشىلىشىشنى مەقسەت

قىلمايتتى. مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىنى تاللاشتا، مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆچمەنلەر تارىخىدىكى ئالاھىدە رولى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلەرنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرەپلەرگە كېڭەيگەن كۆپ قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنلىرىنىڭ «باشلىنىش نۇقتىسى» بولغان.

بۇرۇن بىر قىسىم ئالىملار مەركىزىي ئاسىيانى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىر دەپ ھېسابلىغان. بىز ئېيتىۋاتقان مەركىزىي ئاسىيا تارىخى مەدەنىي رايونى ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە تېررىتورىيىسىنى (بايقال كۆلى ئەتراپى، تۇۋا، مىنۇسىن ۋە ئاچىن - مارىن ئويمانلىقى، ئالتاينىڭ تاغلىق ۋە دالا رايونلىرى، ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، جەنۇب تەرەپتىكى زېمىنلاردىن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى پاسىل قىلىدىغان يايلاقلىرى ھەم شىزاڭ ئېگىزلىكىنىمۇ مەركىزىي ئاسىيا دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. بىز مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ مۇشۇ تېررىتورىيىدىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىمكانقەدەر تولۇق قوللىنىشقا تىرىشتۇق.

بىز تەتقىقاتتا مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئالمىشىش دەۋرلىرىنى ھەمىدە تۆمۈر قوراللار ئاساسىدىكى ئۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۈرلىرىنى تاللىۋالدۇق. مەركىزىي ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە تۆمۈر قوراللار گەرچە سكىف دەۋرىدىلا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدا) بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ھۇنلار بۇ خىل قوراللارنى مىلادىيىدىن سەل ئاۋۋالقى ئەسىرلەردە ئاندىن كۆپلەپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. شۇ ۋاقىتلاردا ھۇنلاردا سۆڭەك بىلەن قاپلانغان ئوقيا كەشىپ قىلىنغان (قاتتىقلىق پەللىسى ئۈچ ۋە ئەۋرىشىملىك پەللىسى ئىككى). بۇ خىل ئوقيالار كۆچمەنلەر

دۇنياسىدىكى ئارىلىق ساقلاپ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنىڭ كې-
يىنكى تەرەققىياتىنى بەلگىلىگەن. يەنە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ
قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قوراللاردىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىمۇ
كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر كۆچمەنلەرنىڭ
ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى تارىخىدىكى تۇچ قوراللار دەۋرى بىلەن
تۆمۈر قوراللار دەۋرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ. تۇچ قوراللار دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋاسىتىلىرى-
نىڭ خاس ئالاھىدىلىكى خېلى ئۆزگىچە بولۇپ، ئايرىم تەتقىق
قىلىنىشقا تېگىشلىك.

تارىخىي تەرەققىيات مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئوتتىسىز
قوراللارنىڭ ئوق ئاتىدىغان قوراللارغا ئالمىشىش دەۋرىنى مەز-
كۇر تېمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خرونولوگىيىلىك چېكى دېيىش
مۇمكىن، چۈنكى ئوق ئاتىدىغان قوراللار ئۇرۇش پائالىيەتلىرى-
نىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى تەرەققىياتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى
ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس يول
بىلەن بولىدىغان تەرەققىياتىنى ئاياغلاشتۇردى. بۇنداق قورال
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدا كەشىپ قىلىن-
غانىدى. لېكىن، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدە بۇنداق قوراللار بىر
قەدەر كېيىنرەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ـ ئىگى-
لىك شەكلى يىمىرىلىشكە باشلىغان دەۋردە ئۆزلەشتۈرۈلگەن.
مەزكۇر ئەسەردە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قەدىمكى
(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىر — مىلادىيە 5 ـ ئەسىر)
ۋە ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىرلەر (مىلادىيە 6—7 ـ ئەسىرلەر)
دىكى قوراللىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر
دەۋرىگە (11—14 ئەسىرلەر) ياتىدىغان قوراللار ئايرىم تەھلىل
قىلىنىدىغان بولۇپ، بىز بۇ تېمىنى كېيىن ئىشلەپ چىقىشنى
ئۈمىد قىلىمىز.

ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قى-

لىشتا زوّروّر بولىدىغان يىتەرلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ئۇچۇن
تەتقىق قىلىنغۇچى ھادىسىنىڭ فۇنكسىيە ئالاھىدىلىكلىرىگە ئا-
ئىت ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. قورال شە-
كىللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولغاچقا،
قوراللىنىش ھەققىدىكى بايانلاردا شۇ قوراللارنىڭ كونكرېت قاي-
سى مىللەت ياكى قايسى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق بولغانلىقى مەسىلە-
سى كۆپ ھاللاردا ھېسابقا ئېلىنماي كەلدى. تەتقىقاتتا بۇنداق
يول تۇتۇلغاندا، ئايرىم جايلاردىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ كونكرېت
ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىقلانماي قالىدۇ. قوشنا تېررىتورىيىلەردىكى
ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىلىرىنى سېلىش-
تۇرغىلى بولماي قالىدۇ، ئۇ ياكى بۇ ئېتنىك تۇركۇملەرنىڭ
تۆھپىلىرىگە باھا بېرىش تەسلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا
رېئال تارىخىي جەريان تولۇق ئىپادىلەنمەي ئاددىيلىشىپ قالىدۇ.
شۇڭا، بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، قوراللار ۋە ئۇرۇش قىلىش
سەنئىتىگە دائىرى ماتېرىياللارنى تارىختا مەلۇم بولغان ھەر قايسى
تائىپىلەرگە ياكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرى-
ياللىرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەتلەرگە تەتبىقلاش كېرەك. ئار-
خېئولوگىيىلىك قېزىلمىلىرى ھازىرچە تېپىلمىغان ئېتنىك تۇر-
كۇملەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش
سەنئىتى تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنى ھازىرچە ئەينەن كۆرسەت-
كىلى بولمايدۇ. كونكرېت قورال تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم
مەدەنىيەتلەردىكى قوللىنىلىش ئەھۋالىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن-
دەك يول بىلەن تەتقىق قىلغاندا، بەلگىلىك تېررىتورىيىدىكى
كۆچمەنلەرنىڭ ئۇ ياكى بۇ دەۋردىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى
مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. ئۇلارنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە سېلىش-
تۇرغاندا كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ شۇ تارىخىي مەدەنىيەت رايونى-
دىكى ھەربىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلى-
غىلى بولىدۇ. قورال - ياراغلار ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش مۇمكىن-

چىلىكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات — ھۆججەت (يېزىقتىن ۋە يېقىن-
دىن بولىدىغان جەڭ) ۋە مۇداپىئە ۋاستىلىرىنى تەتقىق قىلىش
دېگەنلىكتۇر. بۇنداق جەڭ ۋاستىلىرى ئۇرۇش پائالىيىتىدىكى
قارشىلىشىش فۇنكسىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئاساسلىق
دىئالېكتىك قارىمۇقارشىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇنداق قار-
شىلىشىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى خۇسۇسىيەتلەر بويىچە بىر
تەرەپ قىلىنىشى قورال - ياراغ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق قانۇ-
نىيەت بولىدۇ. ⑥

ھەرقايسى كونكرېت تائىپە ياكى مەدەنىيەتنىڭ ھەربىي ئىش-
لىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق
تارماقلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك: قورال - ياراغلار
(يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش قورال-
لىرى) قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى، بۇ خىل ئۇ-
سۇل قىرغىزلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قوللى-
نىلغان ۋە نەتىجىسى ياخشى بولغان ⑦. مەزكۇر ئەسەردە بىز
بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇش
تارىخىدىكى ۋەقەلەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش يولى بىلەن تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنمايمىز. تارىخىي جەھەتتىن دەۋر-
داش، ۋاقىت جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن بولغان ئايرىم تۈرلەردىكى
تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدار بولۇشى تەتقىقات
ئاساسىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ چىنلىق ئۆلچىمى ھېسابلىنى-
دۇ. ھەر بىر تۈردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر مەركىزىي ئاسىيا
كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تارىخىنى دەۋرلەر-
گە بۆلۈشتىكى ئاساس بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، قو-
رال - ياراغلاردىن ئىبارەت ماددىي مەنبەلەر ئاساسىدىكى تارىخىي
ئۆچۈر ئەمەلىيلىشىدۇ ⑧. قورال - ياراغ ۋە ئۇرۇش قىلىش
سەنئىتىنى تەھلىل قىلغاندا، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقاي-
سى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تۇرمۇشىدا ئۇرۇش پائالىيەتلىرى-

نىڭ ئوينىغان رولى ⑨ ھەمدە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ ⑩.

مەزكۇر ئەسەردە مېتودولوگىيە، تەتقىقات ئۇسۇلى، خرونولوگىيە ۋە كونكرېت قورال تۈرلىرىنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىمىزدە قىسمەن مۇھاكىمە قىلىنىغانىدى. بۇ كىتابقا يەنە تەكشۈرۈلىدىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ماھىيەتلىك رول ئوينىمىغان بىر قىسىم قوشۇمچە قوراللار ۋە ئەسلىھەلەر (خەنجەر، چوماق، قوغدىنىش ئەسۋابلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ كىرگۈزۈلمىدى. لېكىن، بۇنداق مەلۇماتلار ھەر قايسى كۆچمەن مەدەنىيەتلەرنىڭ قورال تۈرلىرى ھەققىدىكى بۆلەكلەردە تىلغا ئېلىندى ۋە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىدىغان راۋاجلىنىش يوللىرىنى بايان قىلغاندا ھېسابقا ئېلىندى.

## ئەسەرلەر ۋە مەنبەلەر ھەققىدە

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى، ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ رايونلار بويىچە ۋە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تەتقىق قىلىنىش دەرىجىسى تەكشى ئەمەس. مىنۇسىن ئويمانلىقى ①، ئالتاي ②، غەربىي سىبىرىيە ③ ۋە يىراق شەرقتىن ④ يىغىلغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئاخىرقى بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بىر نەچچە مەخسۇس ئەسەر يېزىلدى. بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەرنىڭ قورال - ئەسلىھەلەر قىسىملىرىدا

بۇ ھەقتىكى ياۋروپا⑤ كۆچمەنلىرىگە ۋە قەدىمكى رۇسىيىگە⑥ ئائىت ماتېرىياللار ئاساسىدىكى قورال تەتقىقاتى مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقىمۇ بىز تۇتقان بۇ تېمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى ھەمدە مۇشۇ مەنبەلەر تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىلگىرى تارىخىي مەنبەلەرنىڭ يالغۇز بىر تۈرىدىنلا پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈش تەجرىبىلىرىمۇ بولغانىدى. ئالايلۇق، چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى ئىلگىرى يالغۇز يازما مەلۇماتلارغا تايىنىپلا ئېلىپ بېرىلغانىدى⑦. يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئارخېئولوگىيىلىك ۋە تەسۋىرىي ماتېرىياللار ھېسابقا ئېلىنىدىغان بولدى⑧.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قېزىپ تېپىلغان ھەممە قورال ـ ئەسلىھەلەرنى، مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئەۋرىشكىلەرنى، مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئائىت تەسۋىرىي ۋە يازما مەنبەلەرنىڭ ئىلىم ساھەسىدە قوللىنىلىشىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا، بايان كېلەڭسىزلىشىپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئانچە پايدىسى بولمايدۇ.

بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، تەتقىقات جەريانىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان يېڭى مەنبە تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى، تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ھەربىي تۈزۈلمە ۋە جەڭ تاكتىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر — قورال ۋە ئۇرۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش تارىخىنىڭ پاكىتلىرى بولالايدۇ.

مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا دائىر مۇشۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ھازىرچە كۆپ ئەمەس. 18 ـ ئەسىردىكى ئاكادېمىيە ئېكسپېدىتسىيىسىنى تەشكىللىگەن ئالىملار جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ ئوتتۇرا

ئەسىر يادىكارلىقلىرىدىن ئايرىم ساندىكى قوراللارنى تاپقان بولسىمۇ، بۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىگەن ⑨. ئۇ چاغدا پەقەت كۆچمەنلەر ھەققىدىكى يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارلا ئېتىبارغا ئېلىنغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ۋ. رادلوۋ ئالتاي ۋە ئوتتۇرا يېنىسەيدە ئېلىپ بارغان قىدىرىش نەتىجىسىدە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىر قوراللىرىغا دائىر كۆپ ۋە خىلمۇخىل ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان ⑩. ئۇ بىر يۈرۈش قوراللارنى تۈرگە ئايرىپ، ئۈچ خىل قىلىچ، نەيزە ۋە بەش خىل ئوق باشقىنى ھەم ساۋۇتلارنى تونۇشتۇرغان. قارىغاندا، رادلوۋ تۈرگە ئايرىشتا تىغىنىڭ كەڭلىكى، تىغ ئۇچى ياكى تۈۋىنىڭ شەكلى، ئوق قۇيرۇقىنىڭ كېسىلىشى ياكى ئۇنىڭغا قىستۇرۇلغان پەيىنىڭ شەكلى قاتارلىق بەلگىلەرنىڭ پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغان. رادلوۋ بىرىنچى بولۇپ بايقىغان ئوتتۇرا ئەسىر قوراللىرى يازما مەنبەلەردە مەلۇم بولغان تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىزلارغا تەئەللۇق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تەھلىللىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەسۋىرىي مەنبەلەرنى كۆرسەتكەن، تۈرلۈك ئوق شەكىللىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان ⑪. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسى جەنۇبىي سىبىرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سېلىپ بەردى. ن. بىچۇرىن، ۋ. شوت قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن كەڭ دائىرىلىك يازما مەنبەلەر ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلدى ⑫.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەش ئىشلىرى ئالاھىدە جانلاندى. ئارخېئولوگىيە ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان شۇ خىزمەتلەر نەتىجىسىدە تېپىلغان قورال ـ ئەسلىھەلەر موسكۋا، پېتېربورگ، تومسك، مىنۇسىن مۇزېيلىرىغا قويۇلدى. سىبىرىيە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان،

يىغىلىۋاتقان قورال ـ جابدۇقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈرگە ئاي-
رىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. د. كلېمېنتسىنىڭ ئەسىرى
بۇ جەھەتتىكى تۇنجى ئەمگەكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مە-
نۇسىن مۇزېيىدىكى تېپىلمىلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ، «تۆ-
مۈر، پولاتتىن ياسالغان ئەگرى ۋە تۈز قىلىچلارنى»، نەيزە
باشلىرىنى، تۆمۈر ۋە زەنجىر ساۋۇتلارنى تەسۋىرلىگەن ⑬. لې-
كىن ئۇ ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا زۆرۈر بولغان خاس بەلگە-
لەرنى كۆرسەتمىگەن. تۆمۈر ئوق ئۇچلىرى (تېپىلمىلار ئىچىدە-
كى ئەڭ كۆپ كاتېگورىيە) باشاقنىڭ شەكلىگە ئاساسەن تۆت
گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. يەنى ياپىلاق، ئۈچ يۈزلۈك، ئۈچ قىر-
لىق، تۆت قىرلىق دېگەندەك. بۇ گۇرۇپپىلاردا جەمئىي 36 ئوق
شەكلى كۆرسىتىلگەن. ھالبۇكى، بۇنداق ئايرىشقا ئاساس بولغان
بەلگىلەر (ئوق ئۇچىنىڭ شەكلى، باشاقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلى-
كى، زىننەتلەش شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى) پەرقلەندۈ-
رۈلمىگەن ⑭. كلېمېنتسىنىڭ تۈرگە ئايرىشىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە
گەرچە ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا قوراللارنى تەتقىق
قىلىشتىكى مۇھىم ئىلگىرىلەش بولغانىدى. بۇ ئارخېئولوگىنىڭ
ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى تۈرلۈك بەلگىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىدە،
جۈملىدىن ئوق ئۇچلىرىنىڭ كېسىلىشى ۋە باشاقنىڭ شەكلىدىكى
ئىزچىللىقنى ئېنىقلىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 80—90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە س. كۈز-
نېتسوۋ تومى دەرياسى بويىدىن ⑮، ئا. ئانورىئانوۋ مىنۇسىن
ئويمانلىقىدىن ⑯، يۇ. تالكو ـ گرىنسېۋىچ بايقال كۆلى ئەتراپى-
دىن ⑰ دىققەتكە سازاۋەر بولغۇدەك ئوتتۇرا ئەسىر قورال ـ
جابدۇقلىرىنى تاپتى. ئى. ئاسپېلىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى جە-
نۇبىي سىبىرىيە ئوتتۇرا ئەسىر تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە چوڭ ھەي-
كەل يادىكارلىقلىرىنى ھەممىدىن كۆپ توپلىغانىدى ⑱. ن.
يادرىنتسېۋ، ۋ. رادلوۋ، د. كلېمېنس، گ. رامستېد، ئى. گرل-

نى [19] قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلى-
رىنىڭ تۇرالغۇ جاي ۋە قورال - ياراغ ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ
قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئارخېئولوگى-
يىلىك قېدىرىشلارنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە 20
- ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە كەڭ كۆلەملىك ۋە كۆپ خىل
ماتېرىياللار ئىلمىي خىزمەتلەر جەريانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ماتې-
رىياللار يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا تەھلىل قىلى-
نىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شەرھلەندى. موڭغۇلىيە ۋە جەنۇبىي
سىبىرىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ ئو-
قۇلۇشى بىلەن بىر قىسىم يادىكارلىقلارنىڭ تۈرك ۋە قىرغىزلار-
دىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ ئېتنىك تۈركۈملى-
رىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يۇ. تالكو -
گرىنسېۋىچ ئوتتۇرىغا قويغان بايقال يادىكارلىقلىرىنىڭ هۇنلارغا
تەئەللۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەز ئىسپاتلاندى. 20 -
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىللىرى ئىچىدە بايقال ئەتراپىدىن تېپىل-
غان هۇن يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار داۋاملاشتى.
تومى ۋە چۇلىم ۋادىلىرىدا كۆپلىگەن قورال - جابدۇقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئۆزگىچە «قورال ئامبارلىرى» تېپىلدى. س.
مىنسلوۋ بىلەن ئا. ئادرىئانوۋ تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىق-
لىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى [20]. ن. گۇلىيايېۋ ئوب دەرياسى-
نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر تۈركۈم يادىكارلىقلارنى تاپتى [21].
شۇ دەۋردە ئا. تالگىرىنىڭ بىر قىسىم ئوتتۇرا ئەسىر قوراللىرى
توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى [22].

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبى-
رىيە كۆچمەنلىرىنىڭ هەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش تارىخى-
دىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى دەۋر يازما، تەسۋىرىي
قۇرۇلما ۋە ماددىي مەنبەلەرنىڭ يىغىلىشى بىلەن خاراكتېرلىنى-
دۇ. هازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىس-

مى ئىلمىي خىزمەتلەردە قوللىنىلدى. يادىكارلىقلارنى دەۋرلەرگە
ئايرىش ئىشى تۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ
قايسى ئېتنىك تۈركۈملىرىگە تەئەللۇق بولغانلىقىنى ئېنىقلاشقا
قارىتىلغان خىزمەتلەر ئىشلەندى. قوراللارنى تۈرگە ئايرىش تەج-
رىبىسى ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىشتىكى ئالغا تاشلانغان
مۇھىم بىر قەدەم بولدى. تەتقىقاتچىلار مەركىزىي ئاسىيادىكى
«جەڭگىۋار كۆچمەن قەبىلىلەر» نىڭ ھاياتىدا قورال ۋە ھەربىي
ئىشلارنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بىردەك تەكىتلىدى. لې-
كىن بۇ دەۋردە بۇ تېما تېخى ئىلمىي ئىزدىنىشلەردىكى مۇستەقىل
يۆنىلىش بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. بارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ماتې-
رىياللىرى «قەدىمكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى» ئىچىگە كىرگۈزۈ-
لۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ۋە تۈركىي قەبىلىلەرگە ئورتاق
دەپ قارالغانىدى.

20 ـ يىللاردا موڭغۇلىيە ۋە تۇۋادىكى خەلق ئىنقىلابلىرى-
نىڭ غەلىبىسى ۋە مىللىي دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى
بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆت-
مۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلدى.
شۇ يىللاردا ئالتايدا س. رۇدېنكو، ئا. گلۇخوۋ، م. گريازنوۋ،
مىنۇسىن ئويمانلىقىدا گ. سوسنوۋسكىي، س. تېپلوخوۋ، م.
گريازنوۋ، س. كىسېليوۋ، تۇۋادا س. تېپلوخوۋ، موڭغۇلىيىدە
پ. كوزلوۋ، س. تېپلوخوۋ، ئا. بورووۋكا، ۋ. كازاكېۋىچ، بايقال-
دا گ. سوسنوۋسكىي، گ. دىبېسلار ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلى-
رىنى قىدىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ㉓. ھاسىل قىلىن-
غان نەتىجىلەر ئاساسىدا تېپلوخوۋ بىلەن گريازنوۋ مىنۇسىن
ئويمانلىقى ۋە ئالتايدىن تېپىلغان مېتال دەۋرىگە ئائىت (ئوتتۇرا
ئەسىرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
دەۋرلەرگە ئايرىدى ㉔. تېپلوخوۋنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈشى ئاساسى-
دا مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ماتېرىياللى-

رىنىڭ خرونولوگىيىلىك ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلىرى ئېنىق ئاي-
رىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆرسىتىلگەن تۈرلەردىكى قوراللارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك قېزىلمىلارنى پىلانلىق سىستېمىلاش-
تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. موڭغۇلىيىدىكى نويىن ئۇلا
قورغانلىرىدىن تېپىلغان هۇن دەۋرى ۋە گوتتۇرا ئەسىر قېزىلمى-
لىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ مەزكۇر تېمىنى
ئىشلەشتە مۇهىم ئەهمىيىتى بار [25]. مۇشۇ دەۋردە ن. كوز-
مىن، گ. گرۇم - گرژىمايلو، ۋ. بارتولدلارنىڭ مەركىزىي ئا-
سىيا ۋە ئايرىم كۆچمەن تائىپىلەرنىڭ تارىخلىرىغا دائىر ئومۇمىي
بايان تۈسىدىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. [26] بۇ ئەسەرلەردە
مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ هەر خىل تىللاردىكى يازما
مەنبەلەردىن ئېلىنغان هەربىي ۋە سىياسىي تارىخىغا دائىر مەلۇ-
ماتلىرى سىستېمىلاشتۇرۇلدى، سېلىشتۇرۇلدى ۋە ئومۇملاشتۇ-
رۇلۇپ يەكۈنلەندى.

ۋ. كۋارتسوۋنىڭ كراسنويارسكى مۇزېيىدىكى قېزىلمىلار كا-
تالوگىنى تۈزۈشتە قوللانغان قورال - جابدۇقلارنى تۈرگە ئايرىش
تەجرىبىسى ئالاهىدە ئەهمىيەتلىك [27]. ئۇ تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنى
ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگەن (ئۈچ يۈزلۈك ۋە ياپىلاق)، بۇ ئىككى
گۇرۇپپىدىكىلەرنى يەنە تۆت ۋە توققۇز خىلغا ئايرىغان. ئۇ كونك-
رېت تۈرلەرنى ئىپادىلەشتىكى ئاتالغۇ قىيىنچىلىقىنى هېس قىد-
لىپ، ئۇلارنىڭ هەربىرىنى لاتىن يېزىقىنىڭ هەرپلىرى بىلەن
ئىپادىلىگەن. لېكىن، كۋارتسوۋنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشى ۋە ئۇلار-
نى ئىپادىلىشى ئانچە ئىزچىل بولمىغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئايرى-
شىدىكى ياپىلاق باشاقلار ئىچىدە «دولقۇنسىمان ياپىلاقلىرى-
مۇ»، «تۆمۈر تاختىدىن كېسىپ چىقىرىلغانلىرىمۇ» بار، سۆ-
ڭەك باشاقلار گۇرۇپپىلارغىمۇ هەم تۈرلەرگىمۇ ئايرىلمىغان.
كۋارتسوۋنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى ئارقىلىق باشقى يۈزىگە تۆ-
شۈك ئېچىلغان ئوق ئۇچقاندا ئاۋاز چىقىراتتى دېگەن پەرەزنىڭ

توغرا بولمىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇ يەنە ئاچىن ـ مارئىن ئويمانلىقى ۋە كراسنويارسكى رايونىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە تاشتىق[1] دەۋرلىرىنىڭ شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان[28]. ب. پېترى بىلەن پ. مىخنو بايقال ئەتراپىدىن كەم ئۇچرايدىغان قېزىلمىنى، يەنى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرگە ياتىدىغان تۇچ چەۋەنداز ھەيكىلىنى تاپقان[29]. ئۆتكەن ئون يىللاردا تېپىلغان ماتېرىياللار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبلىك ۋ. زاخاروۋ ۋ. رادلوۋنىڭ ئالتايدىن تاپقان قېزىلمىلىرىنى قايتا نەشر قىلدۇردى. بۇ قېزىلمىلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسىم قوراللىرىمۇ بار[30].

ئومۇمەن، 20 ـ يىللاردا جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى پىلانلىق تەكشۈرۈشكە ئاساس سېلىندى. تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ جۇغلىنىشى ھەر خىل مەنبە تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى. قورال ـ جابدۇقلارنى تۈرگە ئايرىش ئىشلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئايرىم ئەھۋاللاردىن بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئىلمىي تەتقىقاتتىكى مەخسۇس تېما بولالمىدى.

30 — 40 ـ يىللاردا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتى جەنۇبىي سىبىرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ماتېرىياللىرىغا مەركەزلەشتى. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم مېتودولوگىيىسى ئاساسىدا تەكشۈرۈش تەجرىبىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا ئائىت مەلۇماتلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى، ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىنىڭ تىكلىنىش ئاساسلىرى دەسلەپ-

---

① تاشتىق — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئاتىلىشى.

كى قەدەمدە تەھلىل قىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىللاردا س. كىسىلېۋ، ل. يېۋتيۇخوۋا، ۋ. لېۋاشوۋا، م. گريازنوۋ، ئا. لىپسكىيلەر جەنۇبىي سىبىرىيىدە ناھايىتى ئۈنۈملۈك قىدىرىشلارنى ئېلىپ باردى [31].

كىسىلېۋ قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە جەنۇبىي سىبىرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ھۇن دەۋرى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلىرىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئىلمىي پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويدى [32]. كىسىلېۋنىڭ ئېتنىك نەسەبلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمۇ ئوتتۇرا ئەسىر ماتېرىياللىرىنىڭ كېيىنكى تەكشۈرۈلۈشلىرىگە خېلى تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى قورالشۇناسلىق مەسىلىلىرىگىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشتى [33]. ئۇ كۆپ خىل قورال - جابدۇقلارنى، جۈملىدىن بىر نەچچە تۈرلۈك ئوقلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە ئوقلىرى ھەققىدىكى خرونولوگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئېيتقاندا، 6 — 8 - ئەسىرلەردە ئالتايدا «ئۈچ يانلىق» ۋە ئۈچ قىرلىق، يېنسەيدە ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرى كۆپ، ياپىلاق ئوق باشاقلىرى ئاز ساندا بولغان 9 — 10 - ئەسىرلەردە ئالتايدا ئۈچ قىرلىق ۋە ياپىلاق، يېنسەيدە ياپىلاق باشاقلار كۆپ، ئۈچ يانلىقلىرى ئاز بولغان [34]. كىسىلېۋ يەنە باشقا تۈردىكى قورال - ياراغلاردىن ئوقيا، نەيزە، ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنىمۇ تونۇشتۇرغان. ئۇ ئەگرى قىلىچ جەنۇبىي سىبىرىيە تېررىتورىيىسىدە كېلىپ چىققان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان [35]. كىسىلېۋ كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدە ئۇرۇشلار سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ تىكلىنىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرگەن دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئولجا ئېلىشقا ئىنتىلىش ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بولمىغان. ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ رولى «ھۆكۈمرانلار بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-

يەتنى پەسەيتىشتىن ئىبارەت بولغان» [36]. بۇ ئارخېئولوگ تاشتىق ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىپ، سۆڭەك باشاقلىق ئوقلار ئۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلمىگەن، كۆچمەنلەر قورالنى گۆرگە كۆمۈشتىن قورقاتتى دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان [37]. كىسېليوۋنىڭ قورالشۇناسلىققا ئائىت پىكىرلىرىنىڭ تولىسى جەنۇبىي سىبىرىيە تارىخىدىكى بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھازىر ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى كۆپ جەھەتلەردە كونىراپ قالدى ۋە تۈزىتىلدى.

شۇ يىللاردا ل. يېۋتيۇخوۋامۇ جەنۇبىي سىبىرىيەدە س. كىسېليوۋ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان. ئۇ يېنىسەي قىرغىزلىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە ئۆزىنىڭ ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ قىدىرىش نەتىجىلىرىنى ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىردى [38]. ئۇ بىر قىسىم يازما مەنبە مەلۇماتلىرىنى ۋە جەڭچىلەرنىڭ رەسىملىرىنى تېپىپ چىققان. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تاشتىق يادىكارلىقلىرى، بەزىلىرى يالغان رەسىملەر بولۇپ چىقتى. بۇ تەتقىقاتچىنىڭ تاپقان ماتېرىياللىرى بەك سۈپەتسىز بولغاچقا، ئەسىرىمۇ بەك يۈزە بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئەمگىكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيە تۈركىي تىللىق كۆچمەن خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشكە قارىتىلغان بىرىنچى تەجرىبە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەھمىيەتلىك. يېۋتيۇخوۋا مۇھىم مەنبە تۈرى بولغان قەدىمكى تۈرك تاش ھەيكەللىرىنى خېلى كۆپ يىغقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قورال شەكىللىرى بار [39].

ۋ. لېۋاشوۋا يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر ئايرىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرگەن [40]. ئۇ ئۆزى 7 — 8 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارىغان قورال جابدۇقلارنى تونۇشتۇر-

غان. ئۇ تەكشۈرگەن ماتېرىياللار ئىچىدە بىر قەدەر كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ قېزىلمىلىرىمۇ بار. بۇ تەتقىقاتچى باشاق يۈزىدە تۆشۈكى بولغان ئوقلارنىڭ «شاۋقۇن چىقىرىش ئۇنۇمى» بولغانلىقى ۋە قىرغىزلاردا «قېلىن تېرىدىن ياسالغان مېتال قاداقلىق» قالقانلارنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلەرگە ماددىي ئىسپات كەلتۈرۈلمىگەن. بۇ ئىلمىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىشتىن ئون يىل ئىلگىرى ۋ. كارتسوۋ ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق يۇقىرىدىكى بىرىنچى پەرەزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. لېۋاشوۋانىڭ تونجى ئۇتۇقلۇق تەجرىبىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇ بىر قاتار ئويما رەسىملەر ئىچىدىن تاشتىق مەدەنىيىتىگە ياتىدىغان جەڭچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى ئايرىپ چىققان [11]. ئۇ يەنە قورال - جابدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاپچال قەبرىلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارنىمۇ ئېلان قىلدۇرغان [12].

م. گرىيازنوۋ 1940 - يىلى ياكونۇر قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلما ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ قېزىلمىلار ئىچىدە تۆرلۈك قورال - جابدۇقلارمۇ بار. ئۇ يەنە مىنۇسىندىن تېپىلغان تاش ھەيكەللەرنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقتى [13].

ئا. بېرنىشتام قەدىمكى تۈركلەر ۋە يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ ئۇرۇش تارىخى ھەم ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ چىققان [14]. يا. ئاپپېلگرېن — كىۋالو ئىلمىي تەتقىقاتقا ئى. ئاسپېلىن ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كىردى [15].

ئومۇمەن 30 — 40 - يىللار ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قورال - ياراغ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش يولىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە ئائىت ئەسەرلەردە ھەربىي ئىشلارنىڭ مەخسۇس تارماقلارغا ئايرىپ تونۇشتۇرۇلغانلىقى ھەم خېلى كۆپ ساندىكى قورال -

جابدۇق قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ زور ئۇتۇق بولۇپ قالدى.

40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، تۇۋا، موڭغۇلىيە ۋە بايقال زېمىنلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ئىشلىرى قايتىدىن قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىزمەتلەرگە س. كىسېلىيوۋ، ل. يېۋتيۇخوۋا، ئا. ئوكلادىنكوۋ، ۋ. شىلوۋ، ئا. داۋىدوۋا، س. دورجسۇرەن، خ. پەرلە قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى ⑯. بۇ كەڭ كۆلەملىك خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىرى 50 — 60 - يىللاردا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدە دالىدىكى قىدىرىشلار دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە يېڭى ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئىشلىرىمۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. يازما مەنبەلەرنى قايتا نەشر قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ چىقىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقتى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ن. بىچۇرىن تەرجىمە قىلغان جۇڭگو يىلنامىلىرى قايتا نەشر قىلىندى. ن. كيۇنېر، گ. سۇپرۇنېنكو، ي. كىچالوۋ، ئا. مالياۋكىن قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تېكستلەرگە قارىتىلغان تولۇقلاش ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئېلان قىلىندى ⑰. لىۋ ماۋچەي تەرىپىدىن يىغىپ رەتلەنگەن قەدىمكى تۈرك تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى ⑱. ل. خېتاگۇروۋ، ئو. سىمىرنوۋا، ئا. ئارېندس، يۇ. ۋېرخوسكىي، ئۇ. كارايېۋ قاتارلىقلار ئەرەبچە، پارسچە مەنبەلەرنى تەرجىمە قىلدى ⑲. س. مالوۋ، س. كلياشتورنىي ۋە باشقىلار يىغىپ، رەتلەپ تەرجىمە قىلغان قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى تېكستلەر نەشر قىلىندى. موڭغۇل تارىخىغا دائىر مەنبەلەر ب. پانكراتوۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى ⑳. كەڭ مۇتەخەسسىسلەر مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرى ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان يازما مەلۇماتلارنىڭ ئاساسلىق توپلانمىسىدىن پايدىلىنالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپلىگەن يېڭى ۋە كەم ئۇچرايدىغان مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار كۆچمەنلەر تارىخىغا

ئائىت ئەسەرلەردە قوللىنىلدى.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئا. بېرنىشتامنىڭ ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئۇ ھۇن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلكىن كارتىنىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بايقال، مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسىلەشكە تىرىشقان. يەنە س. كلياشتورنىينىڭ قەدىمكى تۈرك تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتىلغان تەتقىقاتلىرى ئېلان قىلىندى [51]. ل. گۇمىلېۋنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۇن، قەدىمكى تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تارىخى يورۇتۇپ بېرىلدى [52]. چەت ئەللىك ئاپتورلاردىن ف. ئالتخايم، ئو. مەنچەن - خالفېن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ [53]. كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلەرگە چېتىلغان، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى، كۆچۈشلەرنىڭ سەۋەبلىرى، قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر، مەنبە مەلۇماتلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبلىك ھەربىي ئىشلارغا، جۈملىدىن قوراللىنىش ۋە ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىلىرىغا ئانچە كۆپ ئورۇن ئاجرىتىلماي كەلدى.

50 — 60 - يىللاردا ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تۇۋا ئارخېئولوگىيىسى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىقاتقا كىرىشتۈرگەن قېزىلمىلار بېيىتىلدى. بۇ دەۋردە ئا. گراچ، س. ۋاينىشتەين، ۋ. دياكونوۋا، ل. نېچايېۋا، ل. كىزلاسوۋ، د. ساۋىنوۋ، يۇ. ترىفونوۋ، ئا. ماندېلىشتام، م. مانناي - ئول ۋە باشقىلار كۆچمەنلەرنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەرگە ياتىدىغان يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى [54]. ئەنە شۇ تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئالىملار تۇۋا تېررىتورىيىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى دەۋرلەرگە بۆلدى. ھەر خىل قورال

تۈرلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئوقلارنىڭ قوللىنىلىش خرونولوگىيە-
سىگە بىر قاتار ماھىيەتلىك تولۇقلىمىلارنى كىرگۈزدى، ھەربىي
ئىستىھكام قۇرۇلمىلىرىنى تەكشۈردى، ماددىي، تەسۋىرىي ۋە
ئابىدە مەنبەلىرى توپلانمىسىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىدى.
م. گريازنوۋ، ل. كىزلاسوۋ، ر. نىكولايېۋ، ل. زيانبلىف،
ئا. گاۋرىلوۋا، ئا. ۋادېتسكايا قاتارلىقلارنىڭ مىنۇسىن ئويمانلى-
قىدا ئېلىپ بارغان ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە تاشتىق ۋە قىرغىز
مەدەنىيەتلىرىگە تەئەللۇق بولغان ماددىي ۋە تەسۋىرىي ماتېرىياللى-
رىنىڭ دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى [55]. ھەربىي ئىستىھكام قۇرۇل-
مىلىرىنى تەھلىل قىلىش تەجرىبىلىرى ئىشلەندى. شۇ دەۋردە
تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ دەۋلەرگە بۆلۈنۈشى ئىككى قېتىم توغرى-
لاندى. م. گريازنوۋ يەنسەي ئۇششاق رەسىملىرىنى تاپقاندىن كې-
يىن تاشتىق رەسىملىرىنى پەرقلەندۇرۇشكە ئىمكانىيەت يارىتىل-
دى [56]. ل. كىزلاسوۋنىڭ 11 — 12 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق
بولغان يادىكارلىقلارنى مىنۇسىن ۋە تاشتىق ماتېرىياللىرىغا ئاي-
رىغانلىقى قىرغىز مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى زور ئۆتۈق
بولۇپ قالدى [57]. ئا. لىپسكىي ئوتتۇرا ئەسىر قوراللىرىنىڭ كەم
ئۇچرايدىغان ئەۋرىشكىلىرىنى تېپىپ چىقتى [58]. قېزىپ تېپىلغان
قىرغىز يادىكارلىقلىرى ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈنلەشكە ئا-
ساس بولغۇچى ماتېرىيال بولۇپ قالدى.
50 — 60 - يىللاردا ئا. گاۋرىلوۋا، ئا. ئۇمانسكىي، ف.
ئارسلانوۋا، م. گريازنوۋ، م. كوماروۋا، ۋ. ماتيۇشېنكو، ل.
چىندىنا، ل. پلېتنېۋا، ت. ترويىتسكايا ۋە باشقىلار ئالتاي، ئوب
ۋادىسى ۋە شەرقىي قازاقىستاندا قىدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ
باردى [59]. شۇ چاغدا دالا ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئالتاي ۋە ئوب
ۋادىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەتلىرى دەۋرلەرگە ئايرىلدى.
قورال - جابدۇقلار تونۇشتۇرۇلدى. ئا. گاۋرىلوۋانىڭ ئەسىرىدە
ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تاغلىق ئالتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مۇرەككەپ

تەركىبلىك ئوقيالىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات مەسىلىسى ئەكس
ئەتتۈرۈلدى [60]. ئاپتور ئوقيالارنىڭ ھۇن دەۋرىدىن موڭغۇل
دەۋرىگىچە بولغان تەرەققىيات سخېمىسىنى كۆرسەتتى. گاۋرىلو-
ۋانىڭ پىكرىچە، ئوقيا تۈرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى — ئۆلچىمىنى
كىچىكلىتىش ۋە ياغا ئورنىتىلىدىغان سۆڭەك قاداقلارنى ئازايتىش
يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسى خۇددى بۇرۇن-
قى خرونولوگىيىلىك يەكۈنلىرىگە ئوخشاشلا جەنۇبىي سىبىرىيە
ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا تەت-
قىقاتچىلارنىڭ خىزمەتلىرىگە گەۋدىلىك تەسىر كۆرسەتتى. شۇن-
داقتىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە گاۋرىلوۋانىڭ ئوقيا تەرەققىياتى ھەققى-
دىكى كۆز قاراشلىرىنى ۋاقتى ئۆتكەن دېيىش لازىم. كېيىنكى
ۋاقىتلاردىكى تەتقىقاتچىلار ئېلىپ بارغان قىدىرىشلار داۋامىدا تې-
پىلغان جەنۇبىي سىبىرىيە ئوقياسىنىڭ سۆڭەك دېتاللىرى گاۋ-
رىلوۋا ئوتتۇرا قويغان سخېمىنى ئىنكار قىلىشقا ئاساس
بولالايدۇ.

يەنە شۇ دەۋردە ئا. ئوكلادنىكوۋ، س. كىسېليوۋ، ئا. داۋى-
دوۋا، ب. كونوۋالوۋ، ي. خامزىنا، ي. سىدياكىنا ۋە باشقىلار
بايقال ئەتراپىدىكى ھۇن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىنى قىدى-
رىش بىلەن شۇغۇللاندى [61]. نەتىجىدە، ھۇن مەدەنىيىتى، تۈر-
كىي تىللىق ۋە موڭغۇل تىللىق كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ يادىكار-
لىقلىرىغا دائىر مەنبەشۇناسلىق بازىسى زور دەرىجىدە كېڭەيتىل-
دى. ئا. داۋىدوۋا بايقال يېنىدىكى ئىۋولگىن شەھەر خارابىسىدىن
تېپىلغان ھۇن ئوقيالىرىنىڭ سۆڭەك باشاقلىرىنى تۈرگە ئايرىپ
چىققان [62]. بۇ ئايرىلغان تۈرلەردىن قارىغاندا، ئاپتور ئوق باشاق-
لىرىنىڭ كېسىلىشى، يۈزىنىڭ شەكلى، باشاقنى ئورنىتىش ئۇ-
سۇلى قاتارلىق ھەممە بۆلەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغان.

ئا. ئوكلادنىكوۋ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىرگە ياتىدىغان
قىياتاش رەسىملىرىنى كەڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئاساسىدا تونۇشتۇرغان. بۇ رەسىملەر ئىچىدە چەۋەنداز جەڭچى-
لەرنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار [63]. 50 — 60 ـ يىللىرى موڭغۇلىيىدە
موڭغۇل، سوۋېت، چىخ، ۋېنگرىيە ئارخېئولوگلىرى ئىشلىدى.
ئۇلار ھۇن، تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبرىلىرى،
خاتىرە تاشلىرى ۋە تەسۋىرىي سۈرەتلىرىنى تەكشۈردى. س.
كىسېلىيوۋ ھەمكارلاشقۇچى ل. يېۋتيۇخوۋا، ن. مېرپېرت قاتار-
لىقلار بىلەن بىرلىكتە بايقال ۋە موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر ۋە موڭ-
غۇل دەۋرلىرىگە ئائىت ھەربىي ئىستىھكام قورۇلمىلىرى ۋە
شەھەرلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىلمىي تەتقىقاتقا كىر-
گۈزدى [64]. تۇرلۇك ئەۋرىشكىلەر قاتارىدا موڭغۇل دۆلىتىنىڭ
پايتەختى قاراقۇرۇمدىن تېپىلغان قورال ـ جابدۇقلار سىستېمى-
لاشتۇرۇلدى. بۇ تېپىلمىلار چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدى-
كى موڭغۇل جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرۈشكە ئىمكان بەردى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرى-
يىتى تېررىتورىيىسىدىكى ھۇن، ئۇيغۇر، قىتان ۋە موڭغۇل
دەۋرلىرىگە ئائىت شەھەر ۋە قەلئە قورۇلمىلىرى خ. پەرلە تەرى-
پىدىن تەكشۈرۈلدى [65]. بۇ خىزمەتلەر نەتىجىسىدىن قىتان يادى-
كارلىقلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئۆتتۈرىغا قويۇشقا
ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ن. سەر ـ ئوجاۋ، ل. يىسىل، ل. يېۋتيۇ-
خوۋالار موڭغۇلىيىدىكى تۈرك يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈردى [66].
ئۇلار تاپقان بۇيۇملار ئىچىدە قورال ـ جابدۇقلارمۇ خېلى
كۆپ. س. دورجسۈرەن، ئى. ئېردەلى، ل. فېرىنسى ۋە باشقىلار
ھۇن قەبرىلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى [67]. 60 ـ
يىللاردا س. رۇدېنكونىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن پ. كوزلوۋنىڭ
نويىن ـ ئۇلادىن تاپقان ئەۋرىشكىلىرى قايتا نەشر قىلىندى [68]
. رۇدېنكونىڭ ئەسىرىدە قورال جابدۇقلار تەپسىلىي تونۇشتۇ-
رۇلغان، ساۋۇت، گۇرزە، «تۆمۈر مۇشت» بىر قەدەر ئېنىقلان-
غان. ئاپتور ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى يازما مەنبەلەردىكى مەلۇ-

ماتلار بىلەن دەلىللىگەن ⑱ .

50 — 60 ـ يىللاردا تارىخ ـ فىلولوگىيە پېنىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىغا دائىر مەنبەلەر بازىسى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلدى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار خېلى كۆپەيدى، تەسۋىرىي مەنبەلەرنىڭ سانى ئاشتى، ئۇزۇش تارىخىدىكى يىراق ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر شاھىدلىرىنىڭ يازما گۇۋاھلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئاسانلاشتى. شۇ دەۋردە ئوب ۋادىسى، تۇۋا ۋە ئالتايدىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىنى دەۋرلەرگە ئايرىش، چېگرىداش تېررىتورىيىلەر ماتېرىياللىرىنى جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيەتلىرىنىڭ خرونولوگىيىلىك بۆلۈنۈشى بىلەن تەققاسلاپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. يېڭىدىن تېپىلغان ۋە بۇرۇندىن مەلۇم بولغان نۇرغۇن ئەۋرىشكىلەرنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش ئىشى ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. كەڭ دائىرىلىك تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ئەسەرلەرگە ئەنئەنىگە ئايلانغان ئۇسۇل بويىچە كۆچمەن ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كىرگۈزۈلدى. قوراللارنىڭ ئايرىم تۈرلىرىنى، جۈملىدىن ئالتايدىكى تۈركىي تىللىق كۆچمەنلەرنىڭ ئوقياسلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋاقىت بويىچە راۋاجلىنىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش تەجرىبىلىرى ئىشلەندى.

70 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە توپلانغان ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر خىلمۇخىل ماتېرىياللار مۇشۇ خىلدىكى مەنبەلەرنى قورالشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. سىبىرىيە ئارخېئولوگىيە ئىلىمىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇستەقىل تارمىقى بولۇپ ئايرىلىشى ئۇچۇن شەرقىي ياۋروپانىڭ قەدىمكى ۋە

ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوبدان تەتقىق قىلىنغانلىقى بىر قوشۇمچە ئۆلگە بولۇپ بەردى [71]. ئا. مېلىيوكوۋا بىلەن ي. چېر-نېنكو سكىفلارنىڭ قوراللىرىنى، ك. سمىرنوۋ بىلەن ئا. خازانوۋ سارماتلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى، ئا. مېدۋېدېۋ بىلەن ئا. كىر-پىچنىكوۋ قەدىمكى رۇسىيە قوراللىرىنى تەتقىق قىلدى، يۇقىرى-دىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى سىبىرىيە قورالشۇناسلى-قىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. لې-كىن يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىش زۆرۈركى، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شەرقىي ياۋروپا ماتېرىياللىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخ-شاش مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم پەرقلەر مەۋجۇت، سكىف - سارمات كۆچمەنلىرى ۋە قەدىمكى رۇسىيە ئاھالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا (ھەر-بىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى، ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى، ئۇرۇش جەريانىدىكى تاكتىكىلىق ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر) نۇرغۇنلىغان يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ھەل قىلى-غۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. يېتەرلىك دەرىجىدىكى مول ۋە ئىشەنچلىك تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرى قورال - ياراغ تۈرلىرىنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم مەنبە بولالايدۇ. شۇڭا، ماددىي مەنبە-لەرنىڭ رولى مەلۇم بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مەزمۇنىغا ۋە ھەربىي - تارىخىي تەھلىل نەتىجىسىگە ئارخېئولوگىيىلىك قو-شۇمچە بولۇشتىن ئىبارەت. ماتېرىياللارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، تەسۋىرلەنگۈچى قوراللارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆششاق تۈرلەرگە ئايرىش، قېزىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش، تېپىلمىلار-نىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلىرى ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى سىنتېز-لاش مەسىلىلىرى ئۇ ياكى بۇ قورال تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىش

ۋە قوللىنىلىش ۋاقتى، ياسىلىش تېخنىكىسى مەسىلىلىرى بىلەن چەكلەنگەن. قورالنىڭ جەڭدە ئىشلىتىلىشى، ئايرىم تۈرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فۇنكسىيە ئىزچىللىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى تارىخ ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ تەھلىل قىلىنغان ياكى بۇنداق مەسىلىلەر ئومۇمەن ئېتىبارغا ئېلىنمىغان.

جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا ماتېرىياللىرى بويىچە قورالشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ھەر قايسى مەنبە تۈرلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. كۆچمەنلەرنىڭ ئايرىم ئېتنىك گۇرۇپپىلىرىغا تەئەللۇق يازما مەنبەلەر پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك، بار بولغانلىرىمۇ بەك قىسقا، ئۈزۈندە تەرىقىسىدە ئۇچرايدۇ. تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىمۇ چەكلىك. مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا ماددىي بۇيۇملار ئاساسلىق مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن قورال ۋە ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان ئۈلگىلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ فۇنكسىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان بىرلىكلىرىنى تېپىپ چىقىش پرىنسىپى بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇش لازىم. تەجرىبە ۋە پاكىتلارغا ئاساسلانمىغان ئۇچۇرلارنى فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىلىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش ئىشى پەقەت جەڭ ۋاسىتىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋە قوغدىنىشتىن ئىبارەت قارىمۇقارشى فۇنكسىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق جۇغلانمىسى دائىرىسىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە قوراللىرىنىڭ تەتقىقاتى ماتېرىياللارنى يىغىش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە تۈرلەرگە ئايرىش بىلەنلا (جۇملىدىن يېقىن ۋە يىراق ئارىلىقتىن جەڭ قىلىش ۋە

قوغدىنىش قوراللىرى) چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە تۈرلەرگە ئايرىلغان بىرلىكلەرنى فۇنكسىيە جەھەتتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق دەـ لىللەش ۋە شۇ ئاساستا ھەر خىل قوراللارنىڭ ھەرقايسى تەرەققىـ يات باسقۇچلىرىدىكى ئۆزئارا ئالاقىدار تۈرلىرىنى ئايرىپ چىقىش لازىم. قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇچۇرلار ۋە ھەربىي قوشۇنلارنىڭ قۇرۇلمىسى بىر پۈتۈن ھەربىي سىستېمىغا ئىگە بولغان مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى كونكرېت ئېتنىك گەۋدىنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاـ ساس بولالايدۇ.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سىبىرىـ يە ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قورال تېپىلمىلىرى مول بولغان ئايرىم مەدەنىيەتلەرنىڭ قورال تۈرلىرىنى تەكشۈـ رۈشكە كىرىشكەن. ئا. كۇلېمزىن بۇ تېما ئۈستىدە ئالاھىدە ئەھـ مىيەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى گەرچە بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنىڭ خرونولوگىيىلىك چېكىدىن ھالـ قىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماقالىلىرىدىكى بەزى نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىـ رىدە ھەر خىل قوراللار تىپولوگىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىلغان ۋە ئايرىم تۈرلەر قوللىنىلغان ۋاقىتلارنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى تۈرـ غۇزۇلغان ⑦①. ئۇنىڭ قورال ـ جابدۇقلاردىكى ئايرىم دېتاللارنىڭ مېخانىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىسى ۋە قەبرىلەردىن تېپىلغان قورال ـ جابدۇقلارنىڭ تارقىلىش ئەھـ ۋالىغا قاراپ جەڭچىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە ئايرىشقا تىرىشقانلىقى دىققەتكە سازاۋەردۇر ⑦②. بۇ خىل تەتقىقاتلار تاگار مەدەنىيىتىدىكى ھەربىي ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن سىـ بىرىيە قورالشۇناسلىقى ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەتقىقات پروگراممىسىدا فۇنكسىيىسى پەرقلىق بولغان تاگار قوراللىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى ئۈستىدىكى

ئۆز ئارا ئالاقىدار تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى يوق بولغانلىقتىن ۋە شۇ قورال تۈرلىرىنىڭ جەڭدە قوللىنىلىش ئۇسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەجرىبىسى ئىشلەنمىگەنلىكتىن قوراللارنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىغان. خەنجەر دەستىسىنىڭ تۇسۇقى قارشى تەرەپ زەربىسىنى تۇسۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان، ئۇ تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئاساس بولغان دەپ تەھلىل قىلىنغان [73]. بۇنداق پىكىرگە قوشۇلۇش تەس، چۈنكى خەنجەر سانجىغۇچى قورال بولۇپ، ئۇنىڭ تۇسۇقىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى دەستىنى ئالىقان بىلەن چىڭ تۇتۇشقا ۋە تىغ ئۇچى قاتتىق جىسىمغا ئۇرۇلغاندا قول پەسكە سىيرىلىپ كېسىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. يەنى تۇسۇقنىڭ قاتتىقلىقىغا بولغان قارشىلىقى كەسكۈچى - سانجىغۇچى قوراللاردىكىدەك (تۈز، ئەگرى ۋە قىسقا قىلىچلار) تىغقا چۈشمەستىن، بەلكى دەستىگە چۈشىدۇ. ئاپتور تۈر بىرلىكلىرىنى ئايرىش پرىنسىپلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلمىغان. مەسىلەن، سۆڭەك باشاقلارنىڭ تۈرلىرى بەزىدە كېسىلىشىگە قاراپ، بەزىدە شەكلىگە قاراپ ئايرىلغان، بېزەكلەر بەزىدە ئورنىتىلىش شەكلىگە قاراپ، بەزىدە يۈزىنىڭ كېسىلىشىگە قاراپ ئايرىلغان [74]. ئومۇمەن ئالغاندا، كۆلېمىزنىڭ ئەمگەكلىرى، شۈبھىسىزكى، سىبىرىيە قورالشۇناسلىقىنىڭ تىكلىنىشىدە ئىجابىي رول ئوينىدى.

شۇ يىللاردا بىزمۇ 6 — 12 - ئەسىرلەردىكى يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىدۇق. بۇ تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرى بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى ۋە بىر مەخسۇس ئەسەردە ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلدى [75]. ئۆزىمىزنىڭ ئەمگىكىمىزگە باھا بېرىشىمىز ئەپسىز بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تەقرىزلەرنى كۆرۈپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمىز [76].

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بىز ئۇتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ـ ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورالللىرىغا دائىر كەڭ كۆلەم-لىك مەنبەلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمىز ئۈچۈن مۇشۇ تېمىنى تاللىدۇق ۋە تۆۋەندىكىدەك ئۇقتىئىنەزەرلەرنى چىقىش قىلدۇق: (1) يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى قورال ـ ياراغلارنىڭ ھەممە ئاساسلىق تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ (گەرچە ھەر قايسى تۈرلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ)، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بار؛ (2) يېنسەي قىرغىزلىرىغا تەئەللۇق بولغان قورالللىق ھەيكەللەرنىڭ تولىسى جەنۇبىي سىبىرىيە تېررىتورىيىسىگە مەركەزلەشكەن؛ (3) بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكىنى يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن دەپنە مۇراسىملىرىدىكى جەسەت كۆيدۈرۈش قائىدىسىگە ئاساسلىنىپ ئېنىقلاش بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ. يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ئارخې-ئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت تەرتىپىنى تۈرغۇزۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى: قوراللارغا ئائىت ماتېرىياللارنى سىستېمى-لاشتۇرۇش، قوراللارنىڭ ئايرىم تۈرلىرىنى تىپولوگىيىلىك تۈر-لەرگە ئايرىش، بۇ تۈرلەرنى ئۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن توپلىمىغا يىغىنچاقلاش ۋە مۇشۇ توپلام بىلەن ھەربىي قوشۇنلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈرۈپ قىرغىزلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. ھاسىل قىلىنغان نەتى-جىلەر ئۇرۇش تارىخىدىكى ۋەقەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ قايتا تەكشۈرۈلۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز قىرغىزلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئايرىم ھادىسە ئەمەس، بەلكى ياۋروپا ـ ئاسىيا كۆچمەنلىرى ھەربىي ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارايمىز. تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، بىزنىڭ پروگراممىمىزنى باشقا كۆچمەنلەر مەدەنىيەتلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ قوللىنىشقا

بېلىندۇ (77). بىز يەنە قۇراللارنى تۈرگە ئايرىشتىكى نەزەرىيە مەسىلىلىرى، تۈرگە ئايرىش بىرلىكلىرىنىڭ بەلگىلىرى ۋە تەرتىپىنى بەلگىلەش، فورمال لوگىكا ئاساسىدا تۈرگە ئايرىشنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى قايتا تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق (78).

ئۆتكەنكى يىللاردا سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا قۇرالشۇناسلىقى تېما، خرونولوگىيە ۋە تېررىتورىيە جەھەتلەردە زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ھازىر قۇرالشۇناسلىق تېمىسىدىكى ماقالىلەردە ۋە شۇ تېمىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىدا مىنۇسىن ئويمانلىقى، تۇۋا، موڭغۇلىيە، بايقال ئەتراپى ۋە يىراق شەرق زېمىنلىرىدىكى تاش، مىس، دەسلەپكى تۆمۈر قۇراللار دەۋرلىرىگە، ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە ياتىدىغان مەدەنىيەتلەر تەتقىق قىلىنماقتا. مۇھىمى، قۇرالشۇناسلىق مەسىلىلىرى، جۈملىدىن سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ماتېرىياللىرى ئاساسىدىكى تەتقىقاتلار مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان تۆۋەندىكى تەتقىقاتچىلارنى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك: ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى يىراق شەرق ئاھالىسىنىڭ قۇراللىرى ساھەسىدە — ي. دېرېۋيانكو، ۋ. مېدۋېدېۋ، ل. سېمېنچېنكو، ئو. گالاكتىئونوۋ، يۇ. ۋاسىلىېۋ، ۋ. خورېۋ، ۋ. شاۋكۇنوۋ (79)؛ بايقال ئەتراپىدىكى ھۇنلارنىڭ قۇراللىرى ساھەسىدە — پ. كونوۋالوۋ (80)؛ بايقال ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قۇراللىرى ساھەسىدە — ي. كوۋىچېۋ، ۋ. نېمېدوۋ، د. كىرىلوۋ، يۇ. خۇدياكوۋ (81)؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۇۋا كۆچمەنلىرىنىڭ قۇراللىرى ساھەسىدە — ب. ئوۋچىننىكوۋا، يۇ. خۇدياكوۋ (82)؛ ئالتاي ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قۇراللىرى ساھەسىدە — د. ساۋىنوۋ، س. نېستېروۋ، يۇ. خۇدياكوۋ (83)؛ غەربىي

سىبىرىيە ئاھالىسىنىڭ قوراللىرى ساھەسىدە — ل. چىندىنا، ئا. سولوۋيوۋ، ۋ. مولودىن، ب. كونىكوۋ، يۇ. پلوتنىكوۋ ۋە يۇ. خۇدياكوۋ [84]؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرقىي قازاقىستان كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى ساھەسىدە — يۇ. پلوتنىكوۋ [85]؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى موڭغۇلىيە كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى ساھەسىدە — م. گورېلىكا، يۇ. خۇدياكوۋ [86]؛ مىنۇسىن ساھەسىدە — يۇ. خۇدياكوۋ [87]. مۇھىم ئىجابىي پاكىت سۈپىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سىبىرىيىدە 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ قورالشۇناسلىق ئىلمى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىدىكى دائىمىي تېمىغا ئايلاندى [88]. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ شىمالىي ئاسىيا ماتېرىياللىرى ئاساسىدا داۋاملىق راۋاجلىنىدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىياغا دائىر تۇنجى قورالشۇناسلىق ئەسەرلىرى توپلىمى يورۇقلۇققا چىقتى [89].

ئاخىرقى ئون يىلدىن بۇيانقى تەتقىق قىلىنىدىغان رايوندىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا دائىر قورالشۇناسلىق ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى قېزىلمىلار ۋە مۇزېي ئەۋرىشكىلىرى ماتېرىياللىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە تۈرگە ئايرىشقا بېغىشلانغان. ئاپتورلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈرگە ئايرىش بىرلىكلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى ئۇلارنىڭ تارقىلىش دەرىجىسى بويىچە تاللاشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا ئەمەل قىلماقتا. بۇ ئۇسۇل بويىچە تاللىنىدىغان بەلگىلەر مۇنداق: قورال ياسالغان ماتېرىيال، تۇتاشتۇرۇلغۇچى قىسمىنىڭ شەكلى (ئورنىتىش ئۇسۇلى)، ئىش قىسمىنىڭ كېسىلىشى، ئىش قىسمىنىڭ شەكلى. شۇڭا، بۇلارنىڭ پەرقلىرى پەقەت تۈرگە ئايرىش بىرلىكلىرىنىڭ ئاتالغۇلىرىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. قىسمەن ھاللاردا مەلۇم بىر رايون ياكى ئايرىم مەدەنىيەت دائىرىسىدىكى ئايرىم قورال تۈرلىـ

رىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنقىلاشقا بولغان ئۇرۇنۇشلار كۆرۈلىدۇ.
سىبىرىيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر قوراللىرىنىڭ تەتقىقات تەجرىبى-
سىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، كونكرېت قورال تۈرىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى تەھلىل قىلىشتا شۇ مەدەنىيەتكە ياتىدىغان بارلىق قوراللار-
نىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. جەنۇبىي سىبىرىيە
دائىرىسىدىكى قورال ـ جابدۇقلارنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت ئالاھى-
دىلىكلىرىنى ئىنقىلاشقا قارىتىلغان ئۇرۇنۇشلار قىزىقارلىق بول-
غان، بۇ جەھەتتە د. ساۋىنوۋنىڭ ئەسىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.
بۇ ئەسەردە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ھۇن، قەدىمكى تۈرك ۋە
موڭغۇل دەۋرلىرىگە تەئەللۇق مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالارنىڭ
تەدرىجىي تەرەققىياتى تەھلىل قىلىنغان [90]. بۇنىڭدا يەنە سايان
ئالتاي تېررىتورىيىسىدىكى تۈرلۈك ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ قە-
دىمكى تۈرك دەۋرىدىكى قول بىلەن ئاتىدىغان قوراللىرى مىلادىيە
1 ـ مىڭ يىل مەدەنىيىتى رامكىسى ئىچىدە مەخسۇس تەتقىق
قىلىنغان. ئاپتور ھەر خىل ئوق ۋە يا تۈرلىرىنىڭ ئېتنىك
ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئايرىم بىر رايون دائىرىسىدىكى
مۇستەقىل تەرەققىياتىنى تونۇشتۇرغان.

ئى. بېرخ، س. دىنېپروۋ، س. مىنيايېۋ، ن. زىنياكوۋلار
بايقال ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى قورال ـ
جابدۇقلار ئۈستىدە مېتاللوگرافىيىلىك ۋە خىمىيىلىك تەكشۈ-
رۈش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى
تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇشۇ تېررىتورىيىلەرنىڭ قورال
ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى سې-
لىشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى [91].

م. گورېلىك ئۇزاقتىن بۇيان قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر
جەڭچىلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى بى-
لەن شۇغۇللانماقتا. ئاخىرقى يىللاردىن بېرى ئۇ مەركىزىي ئا-
سىيا كۆچمەنلىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرىنى ماددىي

مەنبەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلماقتا. قەدىمكى تۈرك،
قىتان ۋە موڭغۇل جەڭچىلىرىنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي ئۇسۇل بى-
لەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تاشقى قىياپەتلىرى زور ئىلمىي ئەھ-
مىيەتكە ئىگە [92].

تەبىئەتشۇناسلىق ۋە تېخنىكا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقى-
لىق قورال - جابدۇقلارنىڭ فۇنكسىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
تەتقىق قىلىش ھازىرقى سىبىرىيە قورالشۇناسلىقىدىكى ئالاھىدە
بىر تېما بولۇپ قالدى. ھەر خىل قورال تۈرلىرىنىڭ فۇنكسىيە-
لىك ئىقتىدارلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشى كەلگۈسىدە قوراللارنىڭ ئە-
قىلگە مۇۋاپىق رەۋىشتە تۈرگە ئايرىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش
بىلەنلا قالماي، بەلكى تەتقىق قىلىنىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندىكى
جەڭ ۋاستىلىرى تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى
ئېنىقلاشقىمۇ شارائىت ھازىرلايدۇ. بۇنداق تەكشۈرۈشلەرنىڭ نە-
تىجىسى ھازىرقى زاماندىكى نۇر ۋە ئېلېكتر دولقۇنىنى ئۆتكۈزۈش
ۋاستىلىرىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ [93].

قورالشۇناسلىقنىڭ سىبىرىيە ئارخېئولوگىيىسى ئىچىدىكى
مۇستەقىل ئىلمىي يۆنىلىش بولۇپ ئايرىلىپ چىققانلىقى
قورال - ياراغ ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە تەھلىل قىلىشتىن
ئىبارەت ئەنئەنىۋى شەكلىنى ئۆزگەرتمىدى، گەرچە ئۇلارغا بىر
قىسىم تولۇقلاشلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى ئون
يىلدىن بۇيان تەكشۈرۈلىدىغان تېررىتورىيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر
كۆچمەنلىرىنىڭ بۇرۇندىن مەلۇم بولغان ۋە يېڭىدىن ئېنىقلانغان
مەدەنىيەتلىرىگە تەئەللۇق قورال - جابدۇق ئۆرنەكلىرىنى تولۇق-
لاش ئىشى داۋاملاشتى. ئى. ئاسپېۋ [94] بايقال ئەتراپىدىكى، ي.
خامزىنا [95] غەربىي بايقالدىكى، ئى. كىرىلوۋ، ي. كوۋىچېۋ، ۋ.
نېمېروۋلار [96] شەرقىي بايقالدىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرى-
نىڭ، پ. كونوۋالوۋ [97] قەدىمكى ھۇنلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپ-
لىدى. ئاندىن بۇ ماتېرىياللار سىستېمىلاشتۇرۇلدى. ئوتتۇرا

يېڭى ئارخېئولوگىيىسىدە موڭغۇل دەۋرىدىكى قىرغىز مەدەنى-
يىتىنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت تۇغۇل-
دى (98). غەربىي سىبىرىيە ئارخېئولوگىيىسىدە يۇقىرى ئوب
مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى تولۇقلاندى. ئوتتۇرا ئوبقا
تەئەللۇق بولغان ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرى ئايرىم رېلكىن
مەدەنىيىتى قىلىپ ئايرىلدى (99). ئالتاي دالالىرى ۋە شەرقىي
قازاقىستان يادىكارلىقلىرىنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكى قايتىدىن شەرھ-
لەندى (100). سايان — ئالتايغا تەئەللۇق ئوتتۇرا ئەسىر يادىكار-
لىقلىرىنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت رايونلىرىغا بۆلۈنۈش مەسىلىلىرى
جىددىي ئىشلەندى (101)، ئالتاي ۋە تۇۋادىكى قەدىمكى تۈرك
يادىكارلىقلىرى تەتقىق قىلىندى (102). موڭغۇلىيىدىكى بىر قاتار
ھۇن، ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىمۇ تەكشۈرۈلدى (103). ئوتتۇ-
را ئەسىردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ
خرونولوگىيە ۋە ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكىگە مۇناسىۋەتلىك
مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا گەرچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەل-
تۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ساھەدىكى يەنە بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى
داۋاملىق ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بايان قىلىنىدىغان دەۋردە تەسۋىرىي سەنئەت مەنبەلىرىنىڭ
دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بايقال ئەتراپى، تۇۋا، موڭغۇ-
لىيە، ئالتاي، مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن يېڭىدىن تېپىلغان ئوتتۇ-
را ئەسىر قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرگۈزۈلدى
ۋە تەكشۈرۈلدى (104). مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت جۇڭگو،
ئەرەب ـ پارس ۋە تۈرك مەنبەلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى قايتىدىن
تۈزىتىلىپ نەشر قىلىندى (105). ھۇن، ئۇيغۇر، موڭغۇل ۋە
مۇشۇ رايوندىكى باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخلىرىغا دائىر ئىلمىي
ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەردە ئۇرۇش تارىخىغا مۇنا-
سىۋەتلىك مەسىلىلەرمۇ يورۇتۇلدى (106).

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى يىللاردىن بېرى ئوتتۇرا ئەسىر

كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئائىت مەنبەلەر دائىرىسى زور
دەرىجىدە كېڭەيدى. مۇتەخەسسىسلەر مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىيا-
سىي ۋە ئېتنىك تارىخىغا قارىتا بۇرۇن شەكىللەنگەن كۆز قاراش-
لارنى تولۇقلىدى ۋە تۈزەتتى. جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە قوشنا رايون-
لارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئۆرنەكلىرىنىڭ خرونولوگىيىسى ۋە
تۈرلەرگە ئايرىلىشى تۈزىتىلدى. قوراللار ۋە ھەربىي ئىشلارنى
تەكشۈرۈش مېتودىكىسى ئىشلەپ چىقىلدى ۋە بۇ جەھەتتىكى
تەجرىبىلەر كۆپەيدى. بۇ ئۇتۇقلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتىز
تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت يىغىلغان مەلۇماتلارنى ئومۇملاش-
تۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. ھەربىر كونكرېت كۆچمەنلەر مەدە-
نىيىتىنىڭ رامكىسى ئىچىدىكى بۇ خىل خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى
قوراللارغا ئائىت يىغىلغان ماتېرىياللارنى سىستېمىلاشتۇرۇشتىن
ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
ئايرىم قورال تۈرلىرىنىڭ تىپولوگىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىلىشى،
ئۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى ئېنىقلاش، ھەربىي تەش-
كىلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئېنىقلاش، شۇ ئاساستا ئۇرۇش قى-
لىش سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تاللاپ ئېلىنغان ۋاقىت
ئىچىدىكى ئايرىم مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەھلىل
قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرىدىكى تەرەق-
قىيات باسقۇچلىرىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيا كۆچ-
مەنلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان
ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاش، مەلۇم
رايون دائىرىسىدىكى ھەربىي ئىشلاردا ماكان ۋە زامانغا قاراپ يۈز
بەرگەن يېڭىچە ئۆزگىرىش مېخانىزمىنى تېپىپ چىقىش لازىم.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى كەڭ دائىرىلىك مەنبەلەر-
گە ئاساسلىنىدۇ. بىز جۇڭگو، ئەرەب، پارس، قەدىمكى تۈرك،
ئۇيغۇر، قىرغىزلارنىڭ رۇنىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ رۇس،
نېمىس ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىلىرىدىن، ھەر خىل تەسۋىرىي

مەنبەلەردىن (رەسىملەر، تام سۈرەتلىرى، ھەيكەللەر) پايدىلان-
دۇق. مەزكۇر ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ئاساسلىق مەنبەلەر كاتې-
گورىيىسى بىز قىدىرىش جەريانىدا تاپقان ۋە مەتبۇئاتتا ئېلان
قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىچىدىكى قورال - جاب-
دۇقلاردىن ئىبارەت، شۇنداقلا بىز پايدىلانغان تېپىلمىلار تۆۋەن-
دىكى ئورۇنلاردا ساقلانماقتا: دۆلەتلىك گۈزەل سەنئەت مۇزېي،
دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيى، ئومسكي ئوبلاستلىق تەزكىرە مۇزېيى،
تومسكي دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرا-
فىيە مۇزېيى، نوۋوسىبىرسك ئوبلاستلىق تەزكىرە مۇزېيى، س
س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق خەلقلىرى-
نىڭ تارىخ مەدەنىيەت مۇزېيى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەت مۇزې-
يى، ئالتاي رايونلۇق مۇزېيى، تاغلىق ئالتاي ئوبلاستلىق مۇزې-
يى، ۋ. بىئانكى نامىدىكى بىي مۇزېيى، كراسنويارسك ئۆلكىلىك
مۇزېيى، خاكاس ئوبلاستلىق تەزكىرە مۇزېيى، ن. مارتيانوۋ نا-
مىدىكى مىنۇسىن مۇزېيى، ئالدان مادىر نامىدىكى قىزىل مۇزې-
يى، ئىركۇتسك ئوبلاستلىق تەزكىرە مۇزېيى، بۇريات ئوبلاست-
لىق تەزكىرە مۇزېيى، كەختىن تەزكىرە مۇزېيى، چىتا ئوبلاست-
لىق تەزكىرە مۇزېيى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك
مەركىزىي مۇزېيى، مۇرەن شەھەرلىك تەزكىرە مۇزېيى. ئەسەر-
نى يېزىش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ
فوندلىرىدىن پايدىلاندۇق: س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى
ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى س س س ر پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى
قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى ئارخېئول-
وگىيە تەجرىبىخانىلىرى، ئارخېئولوگىيە تەجرىبىخانىلە-
رى، كېم دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە كافېدراسى،
ئىركۇتسكي دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە تەجرىبىخا-
نىلىرى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تارىخ ئىنستىتۇتى ЧГПИ ئارخېئولوگىيە تەجرىبىخانىلىرى، س

س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى، س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئارخىپلىرى.

بىز مەزكۇر كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە پىكىر قاتناشتۇرغان ۋ. بۇتانايېۋ، ئې. ۋادېتسكايا، ئا. گراچ، ئى. كوجومبېردىيېۋ، ئا. لىپسكىي، س. نېستېروۋ، يۇ. پلوتنىكوۋ، خ. پەرلە، د. چەۋەندورجولاغا ۋە مۇزېيلارنىڭ، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى فوندلارنىڭ، ئارخىپلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى يەغىشقا ياردەم بېرىپ، قېزىلمىلار ئىچىدىكى تېخى ئاشكارىلانمىغان ماتېرىياللارنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا بەرگەن بارلىق خادىملارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىز يەنە ئۇستازلىرىمىز — ئاكادېمىك ئا. ئوكلادنىكوۋقا ۋە س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ئا. دېرېۋيانكوغا، شۇنداقلا س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ـ فىلولوگىيە ۋە پەلسەپە ئىنستىتۇتىدىكى ئىناق ئارخېئولوگلار كوللېكتىپىغا ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتىمىز.

مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قورالىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى سىناقتىن ئۆتكەن ئۇسۇللار ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە تەھلىل قىلىش تەجرىبىسى پۈتۈن ياۋروپا ـ ئاسىيا داللىرىدىكى ئۇرۇش سەنئىتى تارىخىنىڭ بىز قاراپ چىقىۋاتقان دەۋرىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# بىرىنچى قىسىم

## كېيىنكى قەدىمكى زامان دەۋرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ قوراللىرى

(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىر — مىلادىيە 5 ـ ئەسىر)

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا كۆچمەنلەر دۇنياسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ياۋروپا ـ ئاسىيا هاياتىدا ھېچقانچە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىمىغان قەبىلىلەر دۇنيا تارىخىنىڭ سەھنىسىدە پەيدا بولدى: قارا دېڭىز بويلىرىدا سارماتلار، يېقىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پارفىيانلار ۋە توخارلار، مەركىزىي ئاسىيادا ھۇنلار باش كۆتۈردى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ۋەقەلەر ياۋروپا ـ ئاسىيا داللىرىغا خاس بولۇپ، جايلاردىكى كۆچمەنلەر مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ھادىسىلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىغانلىقى بىكار ئەمەس. يايلاقلاردا ئاسىيا كۆچمەنلىرى كۆپەيدى. ئۇ جايلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاھالىلىرى تەدرىجىي ھالدا كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ چەت ـ ياقا يەرلىرىگە سىقىپ چىقىرىلدى، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى ياكى ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان دېھقانچىلىق مەملىكەتلىرىدە ئولتۇراقلاشتى.

ۋەقەلەرنىڭ بۇنداق راۋاجلىنىشىدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل سەۋەبلەر بار: دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئەللىرىدە قۇلدارلىق سىستېمىسى كرىزىسقا دۇچ كەلدى، شەرق ئەللىرىدىكى يۇنان دۆلەتلىرى ئاجىزلاشتى، سكىف دۆلىتى يىمىرىلدى، سارماتلار

رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى بىر قىسىم ئاھالە كۆچۈپ كېتىپ، ئارقا سەپ ئاجىزلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىدىن بولغان ھۇنلار سەددىچىن سېپىلىدا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالالمىدى، لېكىن ئۇلار شۇ ئۇرۇشلار داۋامىدا بىرلىككە كەلگەن ھەربىي ـ مەمۇرىي تۈزۈمدىكى دۆلەتنى قۇردى. بۇ دۆلەت يات كۆچمەن ئاھالىلەر ياشايدىغان كەڭ يايلاقلارنى بويسۇندۇردى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قورال ـ ياراغ ھۈنەرۋەنلىكىدە مىسنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي تۆمۈر ئىگىلىگەن دەۋرگە توغرا كەلدى. گەرچە يايلاق دائىرىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا بۇ جەريان خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولسىمۇ، قورال ئىشلەپچىقىرىشتىكى تېخنىكىلىق ئۆزگىرىش جايلاردىكى مېتالچىلىق ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي ئاسىيادىن ئېسىل قوراللارنىڭ ئىمپورت قىلىنغانلىقى، جەڭلەردە قورال ـ جابدۇقلارنىڭ ئولجا ئېلىنغانلىقى، ھۇجۇم ۋە قوغدىنىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېلىق ھېسابىدا يىغىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن.

ھەربىي ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەر شەرقتىكى كۆچمەنلەرنىڭ تاكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئەڭ ئالدى بىلەن، يېڭىچە مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيانىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل يانىڭ ئۇزۇن ھەم سالماقلىقى ئوقنىڭ خېلى يىراققا ئېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۈچ يانلىق تۆمۈر ئوق ئۇچلىرى كەڭ تارقالدى. ئوقلارنىڭ ياغاچ دەستىسىگە كۆپ ھاللاردا ئىسقىرتقۇچى سۆڭەك شارىكلار بېكىتىپ قويۇلاتتى.

مۇرەككەپ تەركىبلىك يا ۋە ئوقنىڭ قوللىنىلىشى كۆچمەنلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى يىراق ئارىلىقتىن ھۇجۇم قىلىدىغان تارقاق سەپ تاكتىكىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈستۈردى.

مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھۇنلار رەھبەرلىكىدىكى بىرلىككە كەلگەن مەملىكەتتە ئۇيۇشقاندىن كېيىن ھەربىي تەشكىلىي ئىشلاردا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تەڭرىقۇت رەھبەرلىكىدىكى مۇكەممەل ھەربىي - مەمۇرىيەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى شۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «ھاكىممۇتلەقلىق» ئىدىيىسى كۆچمەنلەر دۇنياسىدا يايلاق دۆلەت تەشكىلاتلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئاساسلىق سىياسىي مۇددىئالىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

# بىرىنچى باب ھۇنلاردا يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

ھۇنلارنىڭ ھەربىي - سىياسىي تارىخى، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى، قورال - ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر ماتېرىياللار مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى كۆپ قېتىم جەلپ قىلدى. شۇ مۇتەخەسسىسلەر بىر يۈرۈش يازما مەنبەلەرنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە تولىسى شەرقىي ئاسىياغا تەئەللۇق) ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرگۈزدى ۋە تەتقىق قىلدى ①. بايقال، تۇۋا، ئالتاي، موڭغۇلىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يەنىمۇ جەنۇبتىكى رايونلىرىدىن تېپىلغان ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى يىغىلدى، توپلاندى، ۋە جىددىي تەكشۈرۈلدى ②. بايقال ③ ۋە موڭغۇلىيىدىن ④ تېپىلغان ھۇن قوراللىرى تەھلىل قىلىندى. ھازىرغا قەدەر ھۇن قوراللىرىغا دائىر كۆپلىگەن يېڭى ماتېرىياللار تېپىلدى. ھۇن مەدەنىيىتى تارقالغان ھەممە تېررىتورىيىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىش زۆرۈر. ھالبۇكى، بىر قاتار ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلارنىڭ ھۇن مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسىدە ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بىر قىسىم ئالىملار ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيە ماتېرىياللىرىنىمۇ ھۇنلارغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇن قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى خىلمۇخىل، ھۇنلارنىڭ يىراق ئارىلىقتىن جەڭ قىلىش قوراللىرى خېلى كۆپ، لېكىن يېقىن ئارىلىقتىن جەڭ قىلىش قوراللىرى ۋە قوغدىنىش ۋاستە-

لىرىگە ياتىدىغان تېپىلمىلار ناھايىتى ئاز، بۇنداق مەلۇماتلارنى يازما يادىكارلىقلار ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرى بىلەن قىسمەن تولۇقلاشقا بولىدۇ.

ھازىرقى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشىچە، شەھەر خارابىلىرى، ئولتۇراق جايلار، «بەگلەرنىڭ» قەلئەلىرى، «پۇقرالارنىڭ» قەبرىلىرى، قىيا تاش رەسىملىرى ھۇن يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھۇنلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى بولالايدۇ. بۇ يادىكارلىقلار ھۇن دۆلىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرىدىكى زېمىنلىرىدىن بولغان بايقال، موڭغۇلىيە، ئىچكى موڭغۇل، تۇۋا ۋە ئالتايدىن تېپىلغان. بىر مەزگىل ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان شەرقىي تۈركىستاندا بۇنداق يادىكارلىقلار تېپىلمىدى.

تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسىك، ئۇلان ئۇدە، كەختە، ئۇلان باتۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك مۇزېيلار، ئىلمىي ئىنستىتۇتلار ۋە مەكتەپلەردە ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق. بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللاردىن تاپتۇق.

ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتىن جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت بولغان. ئۇرغۇنلىغان ھۇن يادىكارلىقلىرى يىراق ئارىلىقتىن جەڭ قىلىش قوراللىرى (يا ۋە ئوقلارنىڭ قالدۇقلىرى) ۋە كېيىملەرنى (ساۋۇتلارنىڭ قالدۇقلىرىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئوقيالار

ئوقيالارنىڭ تۈرى بىر خىللا بولۇپ، ھەممىسى مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلارنى تارقىلىش ئورنى ۋە سانىغا قاراپ بىر نەچچە تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ⑤.

1 ـ تىپ، يانىڭ ئۇچى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچىلار. جەمئىي 11 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: شۇمۇرت جىلغىسى (بايقال)، 14 ـ، 49 ـ، 50 ـ، 60 ـ قەبرىلەر؛ ئىل جىلغىسى (بايقال)، 45 ـ، 47 ـ، 50 ـ، 53 ـ قەبرىلەر؛ ئىۋولگىن خارابىسى (بايقال) ⑥؛ تەبىش ئۇل (موڭغۇلىيە)، 7 ـ قەبرە ⑦. يانىڭ ئەسلىدىكى چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچىلار ئۇزۇن، كەڭ، سوقىچاق شەكىلدە. يانىڭ ئۇچىدىكى قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، تار، سەل ئېگىلگەن، كىرىچنى باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. قاپلىغۇچىلارنىڭ سىرتقى يۈزى سىلىقلانغان، ئىچكى يۈزى ياغاچ ياغا چىڭ بېكىتىش ئۈچۈن قىيپاش ياكى تور شەكلىدىكى كېسىكچىلەر بىلەن قاپلانغان ⑧.

2 ـ تىپ، يانىڭ ئۇچلىرىدىكى، ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچلار ۋە ئوتتۇرىدىكى ئۆتتۇشمە قاپلىغۇچىلار. جەمئىي ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىل جىلغىسى، 48 ـ قەبرە؛ شۇمۇرت جىلغىسى، 58 ـ قەبرە ⑨؛ چاندىمان ئۇل (موڭغۇلىيە)، 29 ـ قەبرە ⑩. گ. سوسنوۋسكي ۋە د. چەۋەندورجىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، يانىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.1 مېتىر ⑪. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، كەڭ، سوزۇنچاق شەكىلدە، ئوتتۇرىدىكى ئۆتتۇشمە قاپلىغۇچ تار، سەل ئېگىلگەن، كىرىچنى بېكىتىش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان.

3 ـ تىپ، يانىڭ ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار، مۇرەككەپ يان قاپلىغۇچلار ۋە يانىڭ ئۇچلىرىدىكى قاپلىغۇچلار. جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىل جىلغىسى، 51 ـ قەبرە؛ شۇمۇرت جىلغىسى، 61 ـقەبرە ⑫؛ تەبىش ئۇل، 1 ـ قەبرە؛ سۇل تولغوي (موڭغۇلىيە)، 1 ـ قەبرە

[13]. پ. كونوۋالوۋنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، يانىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.6 مېتىر [14]. يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، كەڭ ياكى تار، سوزۇنچاق شەكىلدە. مۇرەككەپ يان قاپلىغۇچلار قىسقا، كەڭ ياكى تار، سەل ئىگىلگەن. يا ئۇچلىرىدىن بىرىنىڭ سىرتقى يۈزى يانتۇ كېسىلگەن. يا ئۇچلىرىنىڭ قاپلىغۇچىلىرى ئۇزۇن، تار، بەزىلىرى سەل، بەزىلىرى بەكرەك ئىگىلگەن. ھەر بىر قاپلىغۇچنىڭ ئۇچى كىرىچ بېكىتىش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان.

4 ـ تىپ. يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچلار، ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە قاپلىغۇچلار، مۇرەككەپ يان قاپلىغۇچلار ۋە يانىڭ ئۇچلىرىدىكى قاپلىغۇچلار. جەمئىي ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىل جىلغىسى 52 ـ قەبرە؛ شۇمۇرت جىلغىسى 51 ـ قەبرە [15]؛ تەبىش ئۇل 2 ـ، 3 ـ، 16 ـ قەبرە؛ نايما تولغوي (موڭغۇلىيە)، 6 ـ قەبرە [16]. يانىڭ ئۇزۇنلۇقى ئېنىقلانمىدى. د. چەۋەندورجىنىڭ پەرىزىچە، يانىڭ ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1.4 ـ 1.6 مېتىر بولغان بولۇشى مۇمكىن [17]. يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، كەڭ، سوزۇنچاق ياكى ئەگمە شەكىللىك بولغان. يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە قاپلىغۇچ تار بولۇپ، ئىككى ئۇچى كاناي شەكلىدە كېڭەيتىلگەن. بىر ئۇچىنىڭ سىرتقى يۈزى يانتۇ كېسىلگەن. يا ئۇچى قاپلىغۇچىلىرى ئۇزۇن، تار، سەل ئىگىلگەن، ھەر بىر قاپلىغۇچنىڭ ئۇچى كىرىچ بېكىتىش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىلگەن.

ھۇنلاردا شۇ خىل قورالنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى شۇ دەۋرنىڭ يازما ۋە تەسۋىرىي يادىكارلىقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ، «ئوقيا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ھۇنلار ئاتلىق قوشۇنغا قاتنىشىدۇ» [18]. شۇ ئەسەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قوراللىرى

يا بىلەن ئوق، قىسقا قوراللىرى قىلىچ ۋە نەيزە» [19]. سالنامىچى-
لار ھۇنلارنى «ئوقياچىلار» [20]، «ئوقيا ئاتىدىغان چەۋەنداز-
لار» [21] دەپ ئاتاشقان. خانىن خاد ئېغىدىكى يامانى ئۇس غارىدا
(موڭغۇلىيە) [22]، جۇڭگونىڭ بەزى رەسىم ۋە ھەيكەللىرىدە [23]
ھۇنلارنىڭ ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئېتىۋاتقان ياكى
ساداقتا سېلىنغان ئوقيانى دۈمبىسىگە ئېسىۋېلىپ ئاتلىق كېتى-
ۋاتقان قىياپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. كۆپىنچە تەتقىقاتچىلارنىڭ
پىكرىچە، ھۇنلار پەقەت بىر خىل تىپتىكى ئوقيالارنىلا ئىشلەت-
كەن. ئەسەرلەردە ئوقيانىڭ كونكرېت شەكلى، قاپلىغۇچلارنىڭ
سانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يانىڭ چوڭ - كىچىكلىكى توغرى-
سىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى خىلمۇخىل، ئالايلۇق، ئا. ئالفېلدى
ۋە ئى. ۋېرنېر خەلقلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى دەۋرىدىكى يادىكارلىق-
لارنى ۋە بايقال ئەتراپىدىن تېپىلغان ھۇن يادىكارلىقلىرىنى تەھ-
لىل قىلىپ، ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدىن تېپىلغان سۆڭەك
قاپلىغۇچلۇق ئوقيالارنىڭ تولىسى ھۇنلارنىڭ دەپ ھېسابلىغان [24]
. ئالفېلدنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل
ئوقيانىڭ يەتتە قاپلىغۇچى بولغان، يەنى يانىڭ ئوتتۇرا يان قاپلى-
غۇچلىرى، يانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە قاپلىغۇچلىرى ۋە ھەر
خىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى جۈپ يا ئۈچى قاپلىغۇچلىرى دېگەن-
دەك. يانىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5 مېتىر بولغان. يانىڭ
ئەگمىلىرى سىممېترىيىلىك بولغان [25]. گ. سوسنوۋسكىينىڭ
پىكرىچە، ھۇن ئوقياسى «يەتتە دانە سۆڭەك قاپلىغۇچتىن (تۆتى
يا ئۈچى، ئۈچى يا ئوتتۇرىسى) تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇ-
قى 1.4 مېتىر بولغان» [26]. ئۇنىڭ ئەسىرىدە يانىڭ ئەگمىلىرى
سىممېترىيىلىك بولغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. ئېلىمىز تەتقىقات-
چىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سوسنوۋسكىينىڭ ھۇن ئوقياسى يەتتە
قاپلىغۇچتىن تەركىب تاپقان دېگەن پىكرىگە قوشۇلىدۇ [27]. پ.
كونوۋالوۋنىڭ ھۇن ئوقياسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى تونۇشتۇرۇ-

شى باشقىچە. ئۇ ئىل ۋە شۇمۇرت جىلغىلىرىدىن تېپىلغان قېزىلمىلارنى تەھلىل قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ھۇن ئوقياسى 10 قاپلىغۇچتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ تۆتى يا ئۇچىدا، تۆتى ئارىلىقتىكى ئورۇنلاردا، ئىككىسى ئوتتۇرىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۈپ - جۈپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان» [28]. د. چەۋەندورجىننىڭ موڭغۇلىيىدىكى ھۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى قېزىلمىلىرى ئاساسىدىكى ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، «ھۇن ئوقياسى 11 قاپلىغۇچتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆتى يا ئۇچىدا، تۆتى ئارىلىقتىكى ئورۇنلاردا، ئىككىسى ئوتتۇرىدا، بىرى يانىڭ مەركىزىي قىسمىدا» [29]. تونۇشتۇرۇشلاردىكى بۇ خىل پەرقلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانكى، قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان، سۆڭەك قاپلىغۇچلار ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىدىن يۆتكىۋېتىلگەن ياكى ئاز بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئاخىرقى 15 يىلدىن بۇيانقى ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن قېزىلمىلار ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، پەقەت ئىككى ئورۇندىكى سۆڭەك قاپلىغۇچلارلا ئەسلىدىكى ھالەتلىرىنى ساقلاپ قالغان (شۇمۇرت جىلغىسى، 51 - قەبرە؛ چاندىمان ئۇل، 29 - قەبرە) . بۇ ئىككى قەبرىدە يەتتە قاپلىغۇچلۇق ئوقيا ساقلىنىپ قالغان (2 - تىپ) ، باشقا يادىكارلىقلاردا قاپلىغۇچلار ئەسلىدىكى ھالەتلىرىنى ساقلاپ قالالمىغان، ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ تولۇق ئەمەس. ھالبۇكى، تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئوقيا تىپلىرىغا ماس كېلىدىغان تېپىلمىلارمۇ بار. ھۇن ئوقيالىرىنىڭ مۇكەممەللەشكەن شەكىللىرى ۋە تىپولوگىيىلىك پەرقلىرى بولغانلىقتىن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەكشۈرۈلگەن دەۋردە بۇ قورال تۈرى جىددىي يېڭىلىنىش باسقۇچىدا تۇرغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەقلىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مۇرەككەپ تەركىبكە ئىگە سۆڭەك قاپلىغۇچلۇق ئوقيالار ھۇن دەۋرىگە يېتىپ كەلگىچە كۆچمەنلىك مۇھىتىدا

ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن.
ھالبۇكى، بۇ خىل ئوقيانى «سىكىف» ئوقياسىنىڭ ئادەتتىكى
تەقلىدىي نۇسخىسى دېسەك توغرا بولمايدۇ [10]. ئوقيالارنىڭ
كېيىنكى يېڭىچە شەكىللىرىدە ئۇنىڭ ئەۋرىشىملىكى، يىراققا
ئېتىشى ۋە دەللىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىلغان بىر قاتار
پرىنسىپال تېخنىكىلىق يېڭىلاشلار كۆرۈلىدۇ. شۇ مەقسەتكە
يېتىش ئۈچۈن يانىڭ ئۆلچىمى چوڭايتىلغان. يانىڭ ئەۋرىشىملى-
كىنى تەلەپ قىلىدىغان جايلىرى كېڭەيتىلگەن ۋە قاتتىقلىقنى
تەلەپ قىلىدىغان جايلىرى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئالدىنقى ئىككى
تىپتىكى ئوقيالاردا قاتتىقلىق ئورۇنلىرى يانىڭ ئوتتۇرىسى ۋە
ئۇچلىرىدا، ئەۋرىشىملىك ئورۇنلىرى يانىڭ ئىككى يېنىدا بول-
غان. ئاخىرقى ئىككى تىپتىكى ئوقيالاردا بولسا، قاتتىقلىق
ئورۇنلىرى بىر ئاز يان تەرەپلەرگە كېڭەيگەن. يان قاپلىغۇچلار-
نىڭ مۇشۇنداق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق زادى قانداق
ئۇنۇمگە ئېرىشىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش
تەس.
ھۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ خرونولوگىيىسى تېخى ئىشلەنمە-
گەنلىكى ئۈچۈن ھۇن مەدەنىيىتى تارىخىدىكى كونكرېت دەۋرلەر-
گە تەئەللۇق ئوقيا تۈرلىرىنى باشقا قوشۇمچە بۇيۇملار بىلەن
سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشكە ھازىرچە ئىمكانىيەت يوق. شۇنداقتى-
مۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ھۇن ئوقيالىرىنىڭ تەدرى-
جىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئالدىنقى ئىككى تىپى كەڭ تارقال-
غان. بۇ خىل قۇرۇلمىغا ئىگە ئوقيالار تاكى مىلادىيە 1 - مىڭ
يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قوللىنىلغان. بۇنداق ئوقيالار ھۇنلار
ئىشلەتكەن مۇرەككەپ يان قاپلىغۇچلۇق ئوقيالارغا نىسبەتەن بىر
قەدەر مۇكەممەل ئىدى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 3 - ۋە
4 - تىپتىكى ئوقيالار باشقىلىرىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن
بولسىمۇ، بەلگىلىك دەۋر جەريانىدا 1 - ۋە 2 - تىپتىكى ئوقيالار

بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلگەن. بىز خاس ھۇن ئوقيالىرىغا دائىر ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ھۇنلارنىڭ غەربكە قارىتا ئۇزلۇكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىشى بىلەن ئۆتكەن كېيىنكى دەۋردە ياۋروپا - ئاسىيا چۆللىرىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى ئوقيالار سىممېترىيىلىك بولغان. خاس ھۇنلارنىڭ ئوقيالىرىمۇ شۇنداق بولغانمۇ، دېگەن مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمىز.

ھۇنلارنىڭ مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە خاس بولغان قول بىلەن ئاتقۇچى قورالنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

## يا ئوقلىرىنىڭ باشاقلىرى

يا ئوقلىرى ھۇن يادىكارلىقلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان قورال تۈرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تۆمۈر، مىس ۋە سۆڭەك ئوقلار بىر خىللا بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ساپىقى بار. ساپاقلىق تۆمۈر باشاقلار ئوق ئۇچىنىڭ كېسىلىشى جەھەتتە بەش گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپا ئوق ئۇچىنىڭ شەكلىگە قاراپ تىپلارغا بۆلۈنىدۇ.

1 - گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، بەش تىپ.

1 - تىپ. غەيرىي سىممېترىيىلىك رومبا شەكلىدە، جەمئىي توققۇز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىۋولگىن خارابىسى، بۇردۇن (بايقال)؛ سۇل تولغۇي، 1 - قەبرە؛ نۇختىيىن ئام، 23 - قەبرە؛ تەبىش ئۇل، 2 - قەبرە؛ نايىنتە سۇمە (موڭغۇلىيە) ㉛. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 3 س م، ساپىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاقلارنىڭ ئۇچلىرى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، تۆۋ قاناتچىلىرى تىك چۈشكەن. بەزى نۇسخىلاردا سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلار ئورنىتىلغان.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، جەمئىي سەككىز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىل جىلغىسى، 52 ـ، 53 ـ قەبرىلەر؛ شۇمىۇرت جىلغىسى، 49 ـ قەبرە ㉜؛ نويىن ئۇلا، تەبىش ئۇل، 2 ـ قەبرە ㉝. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، باشاق ئۇچلىرى تار بۇلۇڭ شەكلىدە سوزۇلغان، بەزىلىرىنىڭ يانلىرى كەڭ، بەزىلىرىنىڭ تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. قاتلاملىق، جەمئىي 11 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىل جىلغىسى، 50 ـ، 52 ـ، 53 ـ قەبرىلەر؛ شۇمۇرت جىلغىسى، بۇردۇن ㉞. سۇل تولغوي، 1 ـ قەبرە؛ نايما تولغوي، 6 ـ قەبرە ㉟. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 4 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6 س م. باشاقلارنىڭ ئايرىم چىقىرىلغان تار ئۇچى بار، قاناتچىلىرى كەڭ يېيىلغان، قاناتچىلىرىنىڭ ئۇچلىرى يۇمۇلاقلاشقان. بەزى نۇسخىلارنىڭ يۈزىدە تۆشۈكچىلىرى بار.

4 ـ تىپ. چىشلىق، جەمئىي ئىككى نۇسخا بولۇپ، دەرەستۇي قولتۇق (بايقال) يادىكارلىقىدا كۆرۈلىدۇ، 28 ـ قەبرە ㊱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى ئارقىغا قايرىلغان بولۇپ، تىكەنسىماق چىشلىرى بار.

5 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، جەمئىي 12 نۇسخا بولۇپ، سۇل تولغوي يادىكارلىقىدا كۆرۈلىدۇ، 1 ـ قەبرە ㊲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچلىرى سوزۇنچاق تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ گۇرۇپپا. تۆت يانلىق باشاقلار، يالغۇز بىر تىپ.

1 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق، يالغۇز بىر نۇسخا
بولۇپ، دەرەستۇي قولتۇق يادىكارلىقىدا كۆرۈلىدۇ، 14 - قەبرە
[38]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 2 س
م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچلىرى تار بۇلۇڭ
شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 - گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، يالغۇز بىر تىپ.

1 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، جەمئىي يەتتە
نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: نويىن ئۇلا،
2 - قەبرە، غول مود (موڭغۇلىيە)، 14 - قەبرە [39]. ئوق
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 0.8 س م، ساپاق
ئۇزۇنلۇقى 5.5 س م. باشاق ئۇچلىرى تار بۇلۇڭ شەكلىدە،
زەربە بەرگۈچى باش قىسمى ياپىلاق، قاناتچىلىرى تۈز.

4 - گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، يالغۇز بىر تىپ.

1 - تىپ. سول تولغۇي يادىكارلىقى 1 - قەبرىدىن تېپىلغان
بىر نۇسخا [40]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 س م، كەڭلى-
كى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى ئۆتكۈر
بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

5 - گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 - تىپ. غەيرىي سىممېترىيىلىك رومبا شەكلىدە، سول
تولغۇي يادىكارلىقى 1 - قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2.5 س م، ساپاق
ئۇزۇنلۇقى 4 س م، باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق
گەۋدىسى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 - تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، جەمئىي 10 نۇسخا
بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىۋولگىن خارابى-
سى، ئىل جىلغىسى، دەرەستۇي قولتۇق، شۇمۇرت جىلغىسى،
49-قەبرە؛ تەبىش ئۇل، 16-قەبرە [41]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س

م. باشاق ئۇچلىرى تار بۆلۈك شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. چىشلىق، ئېسۈلگىنى خارابىسىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑫. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى س م. باشاق ئۇچى تار بۆلۈك شەكلىدە ۋە چىشلىق.

4 ـ تىپ. ياي شەكىللىك، شومورت جىلغىسى يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑬. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاقنىڭ ئوق گەۋدىسى ياي شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

مىس باشاقلار ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ: ساپاقسىزلار ۋە ساپاقلىقلار. ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ. ساپاقسىز باشاقلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئىككى يانلىق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، چىشلىق. سۇل تولغوي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا، 1 ـ قەبرە ⑭. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، باشاق تۆشۈكى 1 س م. باشاقنىڭ بىر يېنى چىشلىق، تۆشۈك ھالقىسى بۆرتۈپ چىققان.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، بەش تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، موڭغۇلىيىدىن تاسادىپىي تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، باشاق ئۇچلىرى تار بۆلۈك شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى ھالقىلىق.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەش بۆلۈڭلۈك. سۇل تولغوي يادىكارلىقى 1 ـ قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑯. ئوق گەۋدىسى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م. باشاق ئۇچلىرى تار بۆلۈك شەكلىدە،

قىرلىرى پاراللېل، چىشلىق، تۆشۈكى ھالقىلىق.

3 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق. دەرەستۈي قولتۇق يادىكارلىقى 14 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑰. ئوق گەۋدىسى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قىرلىرى ئەگمە، چىشلىق، تۆشۈكى ھالقىلىق.

4 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە. بور يادىكارلىقى 1 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇقى س م، كەڭلىكى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى ئەگمە، چىشلىق، تۆشۈكى ھالقىلىق.

5 ـ تىپ. قاتلاملىق، جەمئىي ئىككى نۇسخا بولۇپ، بىرى ئىۋولگىن خارابىسىدىن ⑲، يەنە بىرى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م. باشاق ئۇچلىرى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى بۆرتۈپ چىققان، قاناتچىلىرى يۇمىلاق، چىشلىق، تۆشۈكى ھالقىلىق.

ساپاقلىق باشاقلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق رومبا شەكلىدە، بور يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㊿. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۆزۈنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، مىس ساپاقلىق.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە، جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، ئىۋولگىن خارابىسى، سۇل تولغوي 1 ـ قەبرىدىن تېپىلغان (51). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۆزۈنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز بولۇپ، تۆشۈك ئورنى بۆرتۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا تۆمۈر ساپاق بېكىتىلگەن.

2 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق رومبا شەكىللىك، بايقال ئەتراپىدىن

تاسادىپىي تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە قاناتچىلىرى تىك، بەلدەمچىسى بار، كۆرۈنمەس تۆشۈكى ئىچىگە تۆمۈر ساپاق بېكىتىلگەن.

سۆڭەك باشاقلار ئۈچ تارماققا ئايرىلىدۇ. ساپاقسىز باشاقلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، ئىۋولگىن خارابىسىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (52). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى كۆرۈنمەيدۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇق شەكلىدە، ئىۋولگىن خارابىسىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا (53). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 س م، كەڭلىكى 2 س م، باشاق ئۇچلىرى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز، تۆشۈكى كۆرۈنمەيدۇ.

ساپاقلىق باشاقلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە ئۈچ گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچبولۇق شەكلىدە، ئىل جىلغىسى يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (51). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، ساپىقى سوقىچاق.

2 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە، تەبىش ئۇل يادىكار-

لىقىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا (55). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م.
باشاق ئۇچلىرى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، ساپاق-
لىرى يۇمىلاق ياكى ياپىلاقراق (56).

3 - گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ.

1 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇڭ شەكلىدە، ئىۋولگىن
خارابىسى يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (57). ئوق گەۋدىسى-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 .1 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇ-
قى 5 س م، ساپاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى
تۈز.

باشاق ئۇچى ئوتتۇرىدىن تىلىنغان باشاقلار ئوق گەۋدىسىنىڭ
كېسىلىشى جەھەتتىن بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، بۇلار يەنە تىپ-
لارغا ئايرىلىدۇ.

1 - گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 - تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە. سۇل تولغوي يادىكار-
لىقىدىكى 1 - قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (58). ئوق گەۋدىسى-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، تىلىنغان تۆشۈك
ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلى-
رى يانتۇ.

2 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇڭ شەكلىدە. سۇل تولغوي
يادىكارلىقىدىكى 1 - قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (59). ئوق
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك
ئۇزۇنلۇقى 5 .0 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە بولۇپ،
تىلىنغان قىسمىدا قاپارتمىلىرى بار.

2 - گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، تۆت تىپ.

1 - تىپ. غەيرىي سىممېترىيىلىك رومبا شەكلىدە. ئىۋول-
گىن خارابىسىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (60). ئوق گەۋدىسىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، تىلىنغان قىسمىنىڭ

ئۆزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە،
يانتۇ قاناتچىلىرىنىڭ ئۇچلىرى ئىككىگە ئايرىلغان.

2 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق رومبا شەكلىدە، جەمئىي تۆت نۇسخا
بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىۋولگىن خارابە-
سى (61)، سۇل تولغوي 1 ـ قەبرە (62). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇ-
قى 7 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈك ئۆزۈنلۇقى 2 س م.
باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، يانتۇ قاناتچىلىرىنىڭ ئۇچلىرى
ئىككىگە ئايرىلغان.

3 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق ئۈچ بولۇڭ شەكلىدە، ئىۋولگىن
خارابىسىدىن تېپىلغان تۆت نۇسخا (63). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈن-
لۇقى 5 س م، كەڭلىكى س م، تۆشۈك ئۆزۈنلۇقى 4 س م.
باشاق ئۇچلىرى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز، تىلىنغان
ئورنى چىڭ (زىچ) بولۇپ، چەتلىرى ئىككىگە ئايرىلغان.

4 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەشبولۇڭ شەكلىدە. جەمئىي ئۈچ
نۇسخا بولۇپ، ئىۋولگىن خارابىسى ۋە سۇل تولغوي 1 ـ قەبرى-
دىن تېپىلغان (64). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇقى 5.6 س م،
كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۆزۈنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچلىرى
تار بولۇڭ شەكلىدە، قىرلىرى پاراللېل، تىلىنغان قىسمىنىڭ
ئۇچلىرى ئىككىگە ئايرىلغان.

3 ـ گۇرۇپپا. ئالتە قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق رومبا شەكلىدە. ئىل جىلغىسى يادى-
كارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (65). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۇ-
قى 6 س م، كەڭلىكى 3 س م، تۆشۈك ئۆزۈنلۇقى 3 س م.
باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى كەڭ، قاناتچىلى-
رى يانتۇ بولۇپ، بۇرمىسىمان تۆشۈك ئارقىلىق ئىككى يانغا
ئايرىلغان. تۆشۈكى كەڭ بولۇپ، ئوق گەۋدىسىگە ئىچكىرىلەپ
كىرگەن.

2 ـ تىپ. ئۆزۈنچاق ئالتە بولۇڭ شەكلىدە. ئىل جىلغىسى

51 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (66). ئوق گەۋدىسىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى
1.5 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇك شەكىلدە بولۇپ، يانلىرى
پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى چاڭ ئاياغ تەرىپى ئىككى-
گە ئايرىلغان.

4 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكىلدىكى باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىيىلىك رومبا شەكىلدە. ئىشۇل-
گىن خارابىسىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (67). ئوق گەۋدىسىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 1 س م. باشاق
ئۈچى كەڭ بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكىنىڭ
ئىككى يېنى تىلىنغان.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكىلدە. ئىشۇلگىن خارابىسى-
دىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا (68). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
3 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 1 س م. باشاق ئۈچى
تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكىنىڭ ئىككى
يېنى تىلىنغان.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچبولۇك شەكىلدە. چاندىمان ئۇل
يادىكارلىقلىرىدىكى 29 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (69). ئوق
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى
4 س م. باشاق ئۈچلىرى تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى تۈز،
تۆشۈكنىڭ يانلىرى تىلىنغان.

5 ـ گۇرۇپپا. ئىككى يانلىق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچبولۇك شەكىلدە. ئىشۇلگىن خارا-
بىسىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (70). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
7 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى 2 س م. باشاق ئۈچى
تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى تۈز، تۆشۈكنىڭ يانلىرى تى-
لىنغان.

ساپاقلىق تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى

ئىسقىرتقۇچى كاۋاك سۆڭەك شارچىلار بولۇپ (71)، بۇنداق ئىسقىرتقۇچىلار ئىل جىلغىسى، دەرەستۇي قولتۇق، ئىۋولگىن خىلرابىسى (72) ۋە سۇل تولغويدىن (73) تېپىلغان. ساپاقسىز مىس ئوق باشاقلىرىغا قوشۇلغان ئىسقىرتقۇچىلار ناھايىتى ئاز (74).

يازما مەنبەلەردە ھۇن قوراللىرى سىستېمىسىدىكى يا ۋە ئوقنىڭ مۇھىملىقى تەكرار تەكىتلىنىدۇ. ھۇنلار باللىق دەۋرلىرىدىن باشلاپلا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگەن. «ئوغۇللار قويغا مىنگىدەك بولغاندا ئوقيا بىلەن قۇشقاچ ۋە ئۇششاق ھايۋانلارنى ئېتىپ ئوينايدۇ، سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن توشقان ۋە تۈلكىلەرنى ئېتىپ ئوزۇق قىلىدۇ» (75). رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسقىرتقۇچىلارنى باتۇر تەڭرىقۇت ئىجاد قىلغان، بۇنداق ئوقلار ئىسقىرتىپ ئۇچۇش بىلەن دۈشمەن ئاتلىرىنى ئۈركۈتەتتى (76).

مەخسۇس ئەسەرلەردە ھۇنلارنىڭ ئوق باشاقلىرى توغرىسىدا يېزىلغان مەلۇماتلار قىسقا ھەم تولۇق ئەمەس. گ. سوسنوۋسكىي ئوق باشاقلىرىنىڭ بىر تۈرىنى تونۇشتۇرغان: «ئىل جىلغىسىدىن تېپىلغان تۆمۈر ئوق باشاقلىرى ئۈچ يانلىق بولۇپ، ئۇچى ئۇچلۇق ۋە بىر ئاز چوڭراق» (77). ئا. داۋىدوۋا بىلەن س. رۇدېنكو ئىۋولگىن خارابىسىدىن تېپىلغان سۆڭەك ئوق باشاقلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىغان (78). پ. كونوۋالوۋ بايقال ۋە موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت كەڭ تېررىتورىيىدىن يىغىلغان ھۇن ئوقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، ئوق باشاقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈرگە ئايرىش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. ئۇ تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ بەش، مىس باشاقلارنىڭ تۆت، سۆڭەك باشاقلارنىڭ بەش تىپىنى ئايرىپ كۆرسەتكەن (79). د. چەۋەندورجى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئەڭ يېڭى قېزىلما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ ئىككى، سۆڭەك باشاقلارنىڭ بىر تىپىنى ئايرىپ كۆرسەتكەن (80). شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھۇن ئوقلىرىنى تۈرگە ئايرىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ تولىسى ماتېرىياللارنى تو-

نۇشتۇرۇش يۇزىسىدىنلا بۇ مەسىلىنى ئانچە ـ مۇنچە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، تۈرگە ئايرىش بىرلىكلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغان. شۇڭا، پ. كونوۋالوۋ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپولوگىيىسى تېخى ئىشلىنىپ پۈتمىدى. كۆرگىنىمىزدەك، ھۇنلاردا ھەم ياپىلاق، ھەم ئۈچ يانلىق باشاقلار بولغان. ئۇ ياكى بۇ تىپنىڭ پەيدا بولۇش ئىزچىللىقىنىڭ خرونولوگىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئىشى قىيىن مەسىلە» ⑧① .

نۆۋەتتە، ھۇن ئوقلىرىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى ھەققىدە ئەھمىيەتلىك يېڭى مەلۇماتلار تېپىلغانلىقى ۋە قورال ـ جابدۇقلارنى تۈرگە ئايرىشتا زامانىۋى ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. سۇل تولغوي قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان تېپىلمىدىكى بىر ساداقتا ھەر خىل تىپلارغا ياتىدىغان ئوقلار، يەنى تۆمۈر ساپاقلىق ئۈچ يانلىق ۋە ياپىلاق ئوقلار، ساپاقسىز ئۈچ يانلىق ۋە ئۈچ قىرلىق ئوقلار، ئۈچ قىرلىق ۋە تۆت قىرلىق ئوق باشاقلىرى قاچىلانغان (ئەسلىدىكى جايلىشىش ئورنى بۇزۇلمىغان ھالەتتە). بۇنىڭدىن بۇ تېپىلمىلار كاتېگورىيىلىرىنى خرونولوگىيىلىك تەرتىپ بويىچە بۆلۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ ⑧② . ئومۇمەن ئالغاندا، مىس باشاقلار گەرچە تۆمۈر باشاقلاردىن قەدىمىيرەك بولسىمۇ، ھۇنلار بۇ ئىككى خىل ئوق باشاقلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئىشلەتكەن. ھۇن مۇھىتىدىكى قورال ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مىسنىڭ ئورنىنى تۆمۈر ئىگىلەش جەريانى تېخى ئاياغلاشمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھۇنلار ئىشلەتكەن ئوق باشاقلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى بىر يۈرۈش توپلانما دېيىشكە بولىدۇ. بۇ توپلانما ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرى رېئال فۇنكسىيىگە مۇۋاپىقلاشقان. ئۈچ يانلىق تۆمۈر ئوق باشاقلىرىدا ئۈچ يانلىق مىس باشاقلارنىڭ

ئەنئەنىۋى شەكىللىرى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان بولغاچقا، ئۆلچىمى ۋە ئوق دەستىسىنى تۆشۈككە ئورنىتىش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولغان. بۇنى ئۈزۈنچاق ئۈچ بۇلۇڭ، ئۈزۈنچاق رومبا شەكلىدىكى ۋە ئىلمەكلىك ئوق تىپلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. غەيرىي سىممېترىك ۋە قاتلاملىق باشاقلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى پۈتۈنلەي يېڭى تىپلار دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. باشاقلارنىڭ يان يۈزلىرىنىڭ چوڭايتىلىشى ۋە ئۇچىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن ئوقلارنىڭ ئۇچۇش ئالاھىدىلىكى ۋە زەربە بېرىش سۈپىتى ئاشۇرۇلغان، يەنى ئۇچۇش سىجىللىقى مۇقىملاشقان، نىشانغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىقتىدارى ۋە زەخىملەندۈرۈش نىسبىتى ئۆسكەن. باشاق ئۇچىنىڭ تار ۋە ئۈزۈن سوزۇلغان ئايرىم بىر بۆلەك قىلىنغانلىقى نىشاننى تېشىپ كىرىش چوڭقۇرلۇقىغا كاپالەتلىك قىلغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپلىرى ساۋۇت كىيىمگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە مۆلچەرلەنگەن. يېڭىچە شەكىلدىكى ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرى ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولۇپ، پۈتۈن مەركىزىي ئاسىياغا تېز تارقالغان. ئۇلار خۇسۇسەن ھۇن مەدەنىيىتىدىن خېلى كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ يەنىلا قوللىنىلغان. تۆت يادلىق باشاقلارنىڭ ياسىلىشىدىكى رېئال ئېھتىياج ھەققىدە بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز. پۈتۈن تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە بۇ خىل باشاقلار جايلاردا بەزىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ۋاقىت ۋە ماكاندا ئۆز ئارا باغلاشمايدۇ. تۆت يانلىق باشاقلارنى ئۈچ يانلىق باشاقلارنىڭ ئىزدىنىش ۋارىيانتى دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن. ئالتە بۇلۇڭلۇق ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىدىمۇ داۋاملىق راۋاجلاندى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۈچ يانلىق باشاقلار ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان. ئۇچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ياپلاق باشاقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مىس ئوقلار ئىچىدىكى بىۋاسىتە باغلىنىدىغان ئۈلگىلىرى يوق. ئىككى يانلىق مىس باشاقلار ئۇ-

لارغا بىر ئاز ئوخشاپ قالىدۇ، لېكىن قۇرۇلمىسى جەھەتتە ماھىيەتلىك پەرقلىرى بار. ئۇلارنىڭ شەكىللىرىنى ئەسلىدىكى تاش ئوقلاردىن كەلگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، ھەر ھالدا ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى ۋە ئىلمەكلىك (قاپارتمىلىق) باشاق تىپلىرى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى باشاقلارنىڭ پروتوتىپلىرى شىمالىي ئاسىيادا تېپىلغان تاش ئوقلار ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنداق تاش ئوقلار يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن. تاش ئوقلار ھۇن دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى سىبىرىيە ئورمانلىرىدا بىر قەدەر كېيىنكى دەۋلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن. غەيرىي سىممېترىك ۋە پار-چىلىنىدىغان ياپىلاق شەكىللىك تۆمۈر باشاقلارنىڭ تاش پروتو-تىپلىرى يوق. ئېھتىمال، بۇنداق باشاقلارنى ھۇنلار ياپىلاق تۆ-مۈر ئوقلار ئاساسىدا ئىجاد قىلغان بولسا كېرەك. بۇنداق باشاقلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىرلەر داۋامىدا مەۋجۇت بولدى ۋە موڭغول دەۋرىدە كەڭ تارقىلىپ، پۈتۈن ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئوقلار-دىن بولۇپ قالدى.

ھۇن ئوقياچىلىرى ئىشلەتكەن ساۋۇت تېشەر تۆمۈر ئوق باشاقلىرى ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى تىپ — ئۈچ قىر-لىق، ئۇزۇنچاق، ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدىكى تۆمۈر ساپاق ئورنىتىلغان (ئارىلاشما مېتاللىق) مىس باشاقلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. بۇنداق ئوقلارنى ھۇنلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن. بۇ خىلدىكى ئوقلار ناھايىتى ئاز تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ ساۋۇت تېشەر ئوقلارغا قانچىلىك ئېھتىياج-لىق بولغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش تەس. بۇنداق ئوقلار-نىڭ تىپلارغا ئايرىلىشى بولغۇدەك ھەر خىل تۈرلىرىمۇ يوق. يەنە بىر يېڭى تىپ تۆت قىرلىق ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدىن ئىبارەت. ساۋۇت تېشەر ئوقلارنىڭ ئانچە كۆپ بولماسلىقىدىكى سەۋەب،

ئېھتىمال، ھۇنلارنىڭ قوغدىنىش قوراللىرىدا ئالدىنقى دەۋردىكى-
گە قارىغاندا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا كېرەك. يېڭى
ھۇنەر تېخنىكىسىغا ئۆتۈش شارائىتىدا مەخسۇس قوغدىنىش تو-
سۇقلىرىنى بۇزۇش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن تۆمۈر باشاقلار بۇرۇن-
قى مىس باشاق ئۆرنەكلىرى بويىچە ياسىلىدىغان بولغان (8 -
رەسىم).

ھۇنلار ئىشلەتكەن مىس ئوق باشاقلىرىنىڭ سانى نىسبەتەن
ئازراق بولسىمۇ، تۈرى خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تىپ
ئىككى يانلىق، ئالتە تىپ ئۈچ يانلىق، ئىككى تىپ ئۈچ قىرلىق.
شۇنىسى مەلۇمكى، كۆرسىتىلگەن تىپلىمىلارنىڭ ھېچقايسىنى
خاس ھۇنلارنىڭ دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىكىف
دەۋرىدىلا بولغان. شۈبھىسىزكى، بۇ باشاقلار ئەنئەنە بويىچە قو-
بۇل قىلىنغان بولۇپ، يېڭى تېخنىكا تۈرغۇزۇلىۋاتقان دەسلەپكى
مەزگىللەرگىچە ساقلانغان. ئۇلار تۆمۈر باشاقلار بىلەن بىر ۋا-
قىتتا مەۋجۇت بولغان ۋە ئىككى خىل تېخنىكا بىرلەشتۈرۈلۈپ،
ئارىلاشما مېتاللىق ئۆرنەكلەرمۇ ئىشلەپ چىقىرىلغان. بۇ يەردە
شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھۇنلار تۆمۈر قوراللار دەۋرى-
نىڭ راۋاجلانغان مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇپ، تۆمۈردىن
تۈرغۇنلىغان بۇيۇملارنى ياسىغان. ئۆتمۈشتىكى مىسكەرلىك ھۇ-
نىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قاتار بۇيۇملا-
ردا ساقلىنىپ قالغان. مۇقەررەر ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان يېڭى
تېخنىكا تېخىمۇ ساپاقلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا يېتىشەل-
مىگەن شارائىتتا، يۇقىرىقىدە ھادىسىلەر باشقا جەمئىيەتلەردىمۇ
كۆرۈلگەن. مىس قۇيمىچىلىقى ئاسان ۋە قۇلايلىق بولغانلىقى
ئۈچۈن مىس ئوقلارنىڭ ئىلگىرىكى شەكىللىرى داۋاملىق ساقلى-
نىپ تۇرغان. ئومۇمەن، ھۇن مەدەنىيىتى تۆمۈر قوراللار دەۋرى-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى يېڭى تېخنىكا ئەنئەنىۋى تېخنىكىنى
تېخى تولۇق سىقىپ چىقىرىپ بولالمىغان دەرگە خاس ئالاھىدە

ئۆلگە ھېسابلىنىدۇ.
مىس ئوقلارنىڭ تولىسى ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەنگە زەربە ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن. بۇلاردىن پەقەت ئۈچ قىرلىق ئوق باشاقلىرىلا ساۋۇتنى تېشىش مەقسىتىدە ياسالغان. سول تولغۇيدىن قېزىۋېلىنغان تېپىلمىدىن قارىغاندا، مىس باشاقلار مېتال توسۇقتا ئۇرۇلغاندا خېلى زور دەرىجىدە شەكلى ئۆزگەرگەن.
ھۇنلاردا سۆڭەك ئوق باشاقلىرى نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ، تۈرى خېلى كۆپ بولغان. ئۇلارنى ئۈچ تارماق، توققۇز گۇرۇپپا، 17 تىپقا ئايرىش مۇمكىن. ھەر قايسى تىپلارغا ياتىدىغان باشاقلار كۆپ ئەمەس. ھەر قايسى جايلار ۋە ھەر خىل كاتېگورىيىدىكى يادىكارلىقلارغا مەنسۇپ بولغان بۇ خىل باشاقلارنىڭ تولىسىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدارلىقى يوق. قولىمىزدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھۇنلار ئىشلەتكەن سۆڭەك ئوق باشاقلىرى ناھايىتى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېتەكچى شەكىللەرنى ئايرىپ چىقىش تەس. بىر مۇنچە تىپلارغا تەئەللۇق بولغان باشاقلار باشقا دەۋرلەردىمۇ جاي ـ جايلاردا كەڭ تارقالغانىدى. تۆشۈكى ئىككى يانغا تېلىنغان باشاقلار ھۇن مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلانماقتا. بۇ خىل باشاقلار كۆپ بولۇپ، ئايرىم بىر تارماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق باشاقلار سىبىرىيىدىمۇ مىس قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. مۇشۇنداق باشاقلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ ئاخىرقى ئەسىرىدە جەنۇبىي سىبىرىيىدە تارقالغانلىقى ھۇنلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.
سۆڭەك ئوق باشاقلىرى باشقا ئېتىش ۋاسىتىلىرى ئىچىدە كۆپرەك نىسبەتنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن ھۇن ئوقياچىلىرىدا مېتال باشاقلار كەمچىل بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھۇن سۆڭەك ئوق باشاقلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. بۇ ئالاھىدىلىك ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە كەلگەندە كۆچمەن-

لەر دۇنياسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدىكى سىبىرىيە ئورمانلىرىغا تۇتۇشىدىغان جايلاردىمۇ ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر ئالاھىدىلىك — تىپلارنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە يېتەكچى شەكىللەرنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى شۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، ھەر بىر ئوقياچى سۆڭەك باشاقلارنى ئۆز ئالدىغا، ئومۇملاشقان ئۇسۇل بويىچە باشاق ئۇچىنى تار بۇلۇڭ نۇسخىسىدا قىلىپ، ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى، قاناتچىلىرى ۋە تۆشۈكىنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى ماتېرىيالىنىڭ كونكرېت شەكلىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ھەر خىل شەكىلدە ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. ھون سۆڭەك ئوق باشاقلىرىنىڭ تولىسى ئۇچلانغان پۈتۈن ئوق گەۋدىسىگە ئىگە بولۇپ، ساۋۇت كىيىمگەن دۈشمەننى ئېتىشقا تامامەن يارايدۇ. ئەينى دەۋردە جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ۋولگا ئەتراپلىرىدا جەڭچىلەرگە سۆڭەك باشاقلىق ئوقلار بىلەن زەربە بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى كونكرېت ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. شۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇنداق ئوقلار ئۇرۇش مەقسەتلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىدە شەك يوق.

ھونلارنىڭ ئىسقىرتقۇچى سۆڭەك شارچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرى بىردەك بولۇپ، بۇ شارچىلار ئۇچقاندا ئىسقىرتىش بىلەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل پىكىر ئېنىق يېزىلغان ئەنئەنۋى سالنامىگە ئاساسلىنىدۇ. تەسۋىرلىنىشىچە، ئىسقىرتقۇچ ئوقلار ئېتىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدىغان سىگنال ئوقى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىلغان [83]. قارىغاندا، ئىسقىرتقۇچلار ئوق دەستىسىنىڭ تىلىنغان قىسمىنى يېرىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا باشاقلارنىڭ تۆمۈر ساپاقلىرى بىللە قوللىنىلغانلىقى بىكار ئەمەس.

ئوقلارنىڭ ياغاچ دەستىلىرى يادىكارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ قالمىغان. س. رۇدېنكونىڭ يېزىشىچە، «ئوق دەستىلىرى قېيىن ياغىچىدىن ياسىلاتتى ۋە بۇركۈتنىڭ قانىتى ياكى قۇيرۇقىنىڭ پېيى قىستۇرۇلاتتى» [81]. ئوق دەستىسىنىڭ پېيى نويىن ئۇلا قورغىنىدىن تېپىلغان [85]. بايقال يادىكارلىقلىرىدا بىر نەچچە ئوق دەستىسىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلغان بولۇپ، تۆمۈر باشاقلارنىڭ ساپاقلىرى چىڭ باغلانغان.

ھۇنلار ئوقلارنى مەخسۇس قاپلارغا، يەنى ساداقلارغا سېلىپ ساقلايتتى. ئەپسۇسكى، ھۇن ساداقلىرىنىڭ شەكلى، ماتېرىيالى ۋە بېكىتىش ئۇسۇلى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. دەپنە بۇيۇملىرى ئىچىدە ساداقتا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر تېخى تېپىلمىدى. ئۇنداق نەرسىلەر ھەتتا ئوقلار ئۆز جايىدىن قوزغىتىلمىغان ھالەتتە ياتقان يەرلەردىمۇ ئۇچرىمىدى. ھۇنلارنىڭ چەۋەنداز ئوقياچىلىرى سىزىلغان بىر مۇنچە جۇڭگو رەسىملىرىدىمۇ ساداقلار يوق. پەقەت خانىن خاد تېغىدىكى بىر رەسىمدىلا ئوق سېلىنغان ساداقنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان چەۋەنداز ئىپادىلەنگەن. بۇ مۇشۇ خىل رەسىملەرنىڭ بىردىنبىر مىسالى بولسا كېرەك [86]. بۇ رەسىمگە قارىغاندا، ھۇنلار ساداقنى دۈمبىسىگە ئېسىپ، ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىنى كەمەرگە قىستۇرغان، يۇقىرىقى ئۇچىنى تاسما بىلەن مۈرىسىگە بېكىتىلگەن. ساداقنى بۇنداق ئۇسۇلدا كۆتۈرۈپ يۈرگەندە ئۇنى يەنە قوشۇمچە ئىلمەكلىك تاسما بىلەن كەمەرگە بېكىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ھالبۇكى، ئەينى زاماندىكى جەنۇبىي سىبىرىيە ساداقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلمەكلەر ئەڭ تىپىك خاراكتېرلىك دېتال ئىدى. ساداقتا مۇناسىۋەتلىك باشقا دېتاللار ھازىرچە تېخى ئېنىقلانمىدى.

ھۇن يادىكارلىقلىرىدا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

## تۈز قىلىچلار

ھۇن يادىكارلىقلىرىدا قىلىچلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. تۈز قىلىچلار تىغىنىڭ كېسىلىشى جەھەتتە بىر گۇرۇپپا ۋە بىر تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى ئۈچ قىرلىق، توسۇقى يوق. سۇل تولغوي يادىكارلىقى، 1 - قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑧⑦. بۇ تېپىلمىلار تولۇق ئەمەس. شۇڭا، ھەممە ئۆلچەملىرىنى، بولۇپمۇ تىغ ئۇزۇنلۇقىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. تىغىنىڭ كەڭلىكى 2.5 س م، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 س م. تىغلار يەككە بىسلىق، تۈز، توسۇقى يوق، دەستىسىمۇ تۈز، بۇ قىلىچ نۇسخىلىرىدىن بىرىنىڭ دەستىسىنىڭ ئاياغ قىسمى بىسى تەرەپكە سەل ئېگىلگەن.

ھۇن يادىكارلىقلىرىدا كەسكۈچى — سانجىغۇچى قوراللار ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ. شۇنىسى جەزمەنكى، بۇنداق قوراللار يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنى يازما ۋە تەسۋىرىي مەنبەلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، خەن سۇلالىسىنىڭ سالنامىچىلىرى «ھۇنلارنىڭ قىلىچ ۋە نەيزىدىن ئىبارەت قىسقا قوراللىرى (يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى — يۇ. خ) بار» دەپ يازغان ⑧⑧. رەسىملەردىن بىرىدە يەككە بىسلىق ئۇزۇن قىلىچنى ئوڭ قولىدا تۇتقان ھۇن چەۋەنداز ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قىلىچنىڭ ئارقا تەرىپى ئوڭ مۈرىگە قويۇلغان، خۇددى «قىلىچلار يالىڭاچلانسۇن» دەپ بۇيرۇق بېرىلگەنگە ئوخشاش ⑧⑨. نىسبەتلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ھۇن قىلىچلىرى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، چەۋەندازنىڭ قولىدىنمۇ ئۇزۇن.

تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ھۇن يادىكارلىرى ئىچىدە كەسكۈچى — سانجىغۇچى قوراللار تېپىلمىغان بولغاچقا، مەخسۇس

ئەسەرلەردە ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ بۇ خىل قوراللىرى تىلغا ئېلىنمىغان. ۋەھالەنكى، قولىمىزدىكى مەلۇماتلار ئاز بولسىمۇ، ئىنتايىن مۇھىم بۇ مەلۇماتلار ھۇنلاردا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ تاكتىكىلىق ئىمكانىيەت دائىرىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

## نەيزىلەر

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ھۇن يادىكارلىقلىرى تەركىبىدە نەيزىلەر يوق بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە موڭغۇلىيىدە تېپىلدى. ھۇن نەيزىلىرىنىڭ باشاقلىرى نەشتەر گەۋدىسىنىڭ كېسىلمىشى بويىچە بىر گورۇپپىغا ۋە بىر تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى يۇمىلاق. 1 - تىپ. ئۇزۇنچاق، ئۇچ بۆلۈك شەكلىدە. جەمئىي 2 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تەبىش ئۇل، چاندىمان ئۇل [90]. تۆشۈكلۈك نەشتەر گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 س م، كەڭلىكى 4 س م. باشاق ئۇچلىرى تار بۆلۈك شەكلىدە، نەشتەر گەۋدىسىنىڭ كېسىلمىشى يۇمىلاق، تۆشۈكىنىڭ سىرتقى تەرىپى كېڭىيىپ كەلگەن بولۇپ، كونۇس تۈسىنى ئالغان. بىر نۇسخىنىڭ ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن.

ھۇنلاردا نەيزىلەر يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنى يازما مەنبەلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ [91]. دېمەك، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى زىچ سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە ياغاچ ساپلىق سانجىغۇچى قوراللارنى ئىشلەتكەن.




1 ـ رەسىم. ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى
(م. ئارتامونوۋ ۋە ئا. خازانوۋلار تەييارلىغان)



2 - رەسىم. يىپىنىك قوراللانغان هۇن جەڭچىسىنىڭ
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى

## قورال - ياراغلار يىغىندىسى

هۇن قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە تىپولوگىيىلىك پەرقلىرى-
دىن قارىغاندا، بۇ قورال - ياراغلار يىغىندىسىنىڭ كۆپ تۈرلۈك
بولغانلىقىنى ۋە مەخسۇسلاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئارخې-
ئولوگىيىلىك يادىكارلىقلاردىكى قورال - جابدۇقلار، جەڭچىلەر-
نىڭ رەسىملىرى ۋە يازما مەلۇماتلارغا ئاساسەن كۆرسىتىلگەن
قورال تۈرلىرىنى يىپىنىك قوراللانغان ئاتلىق جەڭچىنىڭ بىر پۈ-
تۈن جەڭ ۋاستىلىرى مۇجەسسەملەشكەن يىغىندىسى دېيىشكە
بولىدۇ. هۇن جەڭچىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى راۋاجلانغان
مىس قورال دەۋرىدىكى، ئالدىنقى تۆمۈر قورال دەۋرىدىكى ۋە
كېيىنكى دەۋردىكى جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ خاس ئامىللىرىنى مۇ-

جەسسەملىگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ قورال - ياراغلار يىغىندىسى ئالدىنقى تۆمۈر قوراللار دەۋرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ھۇن چەۋەندازلىرى مۇرەككەپ تەركىبلىك يا، تۆمۈر، مىس ۋە سۆڭەك باشاقلىق ئوقلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئوقلار ساداقتا، يالار ئايرىم قاپقا سېلىناتتى. ئىسقىرتقۇچى سۆڭەك شارچىلار ھۇن ئوقلىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ھۇن جەڭچىلىرى يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە يەككە بىسلىق تۈز قىلىچلارنى، يۇمىلاق كېسىلگەن ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى باشاقلىرى بولغان نەيزىلەرنى، گۈرزىلەرنى ئىشلەتكەن؛ قوچاقلاشما جەڭدە بولسا، تىغى ئۈچ قىرلىق، يەككە بىسلىق تۈز خەنجەردىن پايدىلانغان. ئادەتتە يۇڭ ياكى تېرە كىيىم بىلەن نىقابلانغان. قىسمەن ھاللاردا بۇنداق كىيىملەرگە يەنە تۆمۈر ۋە سۆڭەك قاداقلار ئورنىتىلغان. يەنە بەلباغ، مىستىن ياسالغان بىلەك قاپلىغۇچلىرى ۋە ئىچىگە كىگىز تۇتۇلغان تۆمۈر پاقالچەك قاپلىغۇچلىرى قوشۇمچە قىلىناتتى. شۇنداقلا، تېرە ياكى يۇڭ جابدۇقلار ۋە ياغاچ قالقانلارمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مۇشۇنداق قورال - ياراغ يىغىندىسى ھۇنلارنى مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچمەنلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى ( ئاساسەن ئوقيانىڭ دەل تېگىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن) . ئەمما ھۇنلارنىڭ جەڭ تاكتىكىسى خەن ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان جەڭلەردە ئانچە ئۈنۈملۈك بولمىدى.

ئېھتىمال، ھۇن ھەربىي دۆلىتى مەۋجۇت بولغان جەرياندا بۇ خىل قورال يىغىندىسى جىددىي جەڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا مۇكەممەللىشىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھۇن مەدەنى-

يىتىنىڭ خرونولوگىيىسى تېخى ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھۇنلارنىڭ جەڭ ۋاستىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھازىرچە بايان قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەزكۇر قوراللار بىر پۈتۈن ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش داۋامىدىكى ۋاقىت ۋە ماكاندىكى پۈتۈنلۈك دەپ قارىلىدۇ [92].

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىللىنىش قۇرۇلمىسى ۋە سانى توغرىسىدىكى يازما مەلۇماتلار بەك قىسقا ۋە بىر - بىرىگە زىت. بۇ مەلۇماتلارنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەر ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ل. گۇمىلىيېۋ خەن تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن دەپ ھېسابلايدۇ [93]. ۋ. تاسكىن ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ سانى ھەققىدىكى يازما مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن ئەڭ يۇقىرى سان رېئاللىققا ئۇيغۇن، دەپ قارايدۇ [94]. سى ماچيەننىڭ زىكىر قىلىشىچە، ھۇنلارنىڭ 24 سەركەردىسى بولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «كۈچلۈكلىرىنىڭ قول ئاستىدا 10 مىڭدىن، ئاجىزلىرىنىڭ قول ئاستىدا بىر نەچچە مىڭدىن ئاتلىق ئەسكىرى بولغان». جىيايى ئىسىملىك يەنە بىر تارىخچى مۇنداق دەيدۇ: «ھۇنلاردا ئوقيا ئاتىدىغان تەخمىنەن 60 مىڭ چەۋەنداز بار. ھەر بەش جاندىن بىر ئەسكەر ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئاھالە 300 مىڭ بولۇشى مۇمكىن». سى ماچيەن ۋە بەن گۇنىڭ ھېسابلىشىچە، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قوشۇنىدا 300 — 400 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، روشات تەڭرىقۇتنىڭ قوشۇنىدا 140 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بولغان [95]. بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھۇن قوشۇنى 10 مىڭ كىشىلىك ئەترەتلەردىن تەركىب تاپقان، لېكىن بۇ ئەترەتلەرنىڭ ئەسكەر سانى تۇراقلىق بولمىغان، ئۇ كونكرېت سەركەردىنىڭ «كۈچىگە»

(هوقۇقىغا) باغلىق بولغان. هۇن قوشۇنىدا تۈمەن بېشى ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلىپ، 10 مىڭ كىشىلىك ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىدىغان سەركەردىلەردىن جەمئىي 24ى بار ئىدى. سى ماچيەننىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، يەنە «سول قول ۋە ئوڭ قول بىلىك خان، سول قول ۋە ئوڭ قول لەۋخان، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ كاهبەگ، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ ياساقبەگ، سول قول ۋە ئوڭ قول قۇتىقۇلار تەيىنلىنەتتى» ⑯. بۇلار ھەممىسى مىراس مەنسەپلىرى ئىدى. بۇ مەنسەپ ئىگىلىرى قويان، لان ۋە كېيىنرەك پەيدا بولغان شۇبۇلاردىن ئىبارەت هۇنلارنىڭ ئۈچ ئاتاقلىق ئۇرۇقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. سول قول بىلىك خان هۇن زېمىنلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىنى، ئوڭ قول بىلىك خان غەربىي قىسمىنى باشقۇراتتى. «24 سەركەردىنىڭ ھەربىرى يەنە ئۆز ئالدىغا مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشىلارنى، كىچىك بەگلەرنى، مۇشاۋۇرلارنى، كاهبەگ، ياساقبېگى، جورچىلارنى تەيىنلەيتتى» ⑰. بۇ مەلۇماتلار يەنە فەن يېنىڭ يازغانلىرى بىلەن تولۇقلىنىدۇ: «چوڭ ئەمەلدارلار ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇرلىرى سول قول بىلىك خان، ئۇنىڭدىن قالسا سول قول لەۋخان، ئوڭ قول بىلىك خان ۋە ئوڭ قول لەۋخان بولۇپ، بۇلار ‹تۆت مۈڭگۈز› دەپ ئاتىلاتتى. بۇلاردىن قالسا، سول ۋە ئوڭ قول باتىسخانلار، سول ۋە ئوڭ قول ئۇنئوت خانلار، سول ۋە ئوڭ قول نازىرخانلار بولۇپ، بۇلار ‹ئالتە مۈڭگۈز› دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرى ياكى ئىنىلىرى بولۇپ كېيىن يېشى ئەڭ چوڭلىرى تەڭرىقۇت بولاتتى.

تەڭرىقۇت ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولمىغان چوڭ ئەمەلدارلار ئىچىدە سول ۋە ئوڭ قول قۇتىقۇ، ئۇلاردىن قالسا سول ۋە ئوڭ قول باتىسخان، جورچى ۋە ياساقبەگلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى تەسىر دەرىجىسى ۋە قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ سانى بىلەن

بەلگىلىنەتتى» [18]. بۇلاردىن باشقا، «دانىشمەن تـۇچمۇ بار ئىدى» . [19] . بۇ ھەربىي مەمۇرىي تۈزۈلمىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى تەڭرىقۇت ئىدى. تەڭرىقۇتنىڭ قارارگاھى سول قول ۋە ئوڭ قول بىلىك خانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن ئايرىم تۇراتتى. يازما مەنبەلەر-دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۇن قوشۇنى ئاسىياچە ئونلۇق سىستېمىسى بويىچە تۈزۈلەتتى، يەنى تۇمەن، مىڭ، يۈز، ئون قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن ئون مىڭ كىشىلىك ئەترەتلەرگە ئايرىلاتتى. قۇرامىغا يەتكەن، قورال تۇتا-لايدىغان بارلىق ئەرلەر مۇشۇنداق ئەترەتلەرگە قاتنىشاتتى. پۈتۈن قوشۇن سول ۋە ئوڭ قاناتلاردىن ئىبارەت ئىككى سەپكە ئايرىلاتتى ۋە بۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تۇمەنلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن-مۇ كىچىكرەك بىرلىكلەرگە بۆلۈنەتتى. مەنبەلەرگە قارىغاندا، قوشۇننىڭ ئونلۇق پرىنسىپى بويىچە بۆلۈنۈشى ھەمىشە ئىزچىل بولىۋەرمىگەن، بەلكى قوماندانلىق ئورنىدا تۇرغان كونكرېت شەخسنىڭ نام - ئاتىقى ۋە تەسىر دائىرىسى بىلەن بەلگىلەنگەن. فەن يې تۇمەن بېشىلارنى ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىغان (سى ماچيەننىڭ ھېسابىدا ئۇلار 24 ئىدى) . ئۇلار تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تۇغقانلىرىدىن تۆت مۆڭگۈز (بىلىك خانلار ۋە لەۋخانلار، تەخت ۋارىسى تۇچ خان شۇلارنىڭ ئىچىدە) ؛ تەڭ-رىقۇت تۇغقانلىرىدىن ئالتە مۆڭگۈز (باتىسخانلار، ئونئوت خان-لار، نازىرخانلار) ؛ تەڭرىقۇتنىڭ تۇغقانلىرى ئەمەس، لېكىن ھۇنلارنىڭ باشقا ئاتاقلىق ئۇرۇقلىرىدىن بولغانلار (قۇتقۇ، باتىس-خان، جورچى، ياساقبەگلەر) دۇر. ھۇنلار جەنۇبقا يىراق يۈرۈش-كە ئاتلانغاندا ئۇلاردا ئاتلارنىڭ رەڭگى بويىچە ئايرىلغان تۆت ئاتلىق قوشۇن بولغان. بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلار، مەسىلەن، قۇتقۇلار بىۋاسىتە تەڭرىقۇتنىڭ يېنىدا بولۇپ، «ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى». قارىغاندا، تەڭرىقۇت قا-رارگاھى ئوبدان قوغدالغان. تەڭرىقۇتنىڭ بۆرى دەپ ئاتالغان

شەخسىي قورۇقچىلىرىنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. ئەپسۇسكى، ھۇنلارنىڭ ياساۋۇل قىسىملىرى بىلەن باشقا قىسىملىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىدا پەرق بولغان - بولمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە ساپ ھۇنلاردىن تەشكىللەنگەن قىسىملاردىن باشقا يەنە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن ئەترەتلەرمۇ بار ئىدى (باتۇر تەڭرىقۇت توڭغۇس، ياۋچى، ھۇنگىر، چۇشۇر، تۇرا، قىرغىز، شىرۋى قاتارلىق كۆچمەن قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان)[10].

تەڭرىقۇت شەخسەن ئۆزى ھۇن قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن تەركىب تاپقان مەسلىھەتچىلىرى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى، نەگە يۈرۈش قىلىشنى، كونكرېت جەڭ ۋەزىپىلىرىنى، سۈلھى تۈزۈش ۋە باشقا ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. چوڭ ئۇرۇشلاردا ھۇن قوشۇنلىرىغا تەڭرىقۇت ئۆزى قوماندانلىق قىلاتتى، ئايرىم يۈرۈشلەر ۋە تېز بېرىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىدە تەڭرىقۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سەركەردىلەر باشچىلىق قىلاتتى. ئالايلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى ئوڭ قول بىلىك خان «جازالىنىپ»، غەربتىكى ياۋچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىلگەن[10]. كۆپ ھاللاردا ھۇنلار كىچىكرەك ئەترەتلەر بىلەن بىر نەچچە يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلاتتى.

ھۇن دۆلىتى يىمىرىلىپ پارچىلانغاندىن كېيىن ھەربىي مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن، تەخت تالاشقۇچىلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى ھەربىي تۈزۈلمىنى ئاجىزلاشتۇردى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئايرىم بەگلىكلەر ۋە قەبىلىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنمايدىغان بولىۋالدى. جەنۇبىي ھۇنلار ئاستا - ئاستا خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇن باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۇردى. شىمالىي ھۇنلار بىر قاتار ئۇرۇشلاردىكى مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن پارچىلاندى. ئۇلار-

نىڭ بىر قىسمى مەركىزىي ئاسىيادىن غەربكە سىقىپ چىقىرىل-
دى، قالغانلىرى سىيانپىلارغا بويسۇندى.

## ئۇرۇش سەنئىتى

ھۇنلارنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا ئۇلارنىڭ قورال تۈرلىرى ۋە ھەربىي قوشۇن قۇرۇلمە-سىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. يازما مەنبەلەردە ئېيتىلى-شىچە، ھۇن قوشۇنى ئاتلىق ئەسكەرلەردە ئەترەتلىرىدىن تۈزۈل-گەن بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئوقيالار بىلەن قوراللانغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تاكتىكىسى سەپنى كەڭ يېيىپ، يىراق ئارى-لىقتا جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ھۇنلارنىڭ يېنىك قورال-لانغان ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى «كېيىنكى خەننامە» دە تەسۋىرلەنگەن: «ئۇلار دۈشمەن ئالدىغا خىللانغان چەۋەندازلار-نى چىقىرىپ، يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ غەلىبە قازىناتى-تى» (102). مىڭلىغان ئوقياچىلار ئۈچۈن ئەركىن ھەرىكەت قى-لىشقا بولىدىغان كەڭ مەيدان لازىم بولاتتى. جەڭ داۋامىدا ھۇن جەڭچىلىرى دۈشمەننى ئوچۇق دالىغا ئالداپ چىقىرىپ، ئىككى ياندىن قورشىۋېلىشقا تىرىشاتتى. سالنامىچىلار ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «ئۇلار دۈشمەننى قورشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۈستىلىق بىلەن ئالدايدۇ، دۈشمەننى كۆرگەندىن كېيىن ئولجا ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرىغان قۇشلاردەك ئېتىلىدۇ» (103). ھۇنلار يالغاندىن قېچىش ئۇسۇلىنى كۆپ قوللىناتتى. «دۈشمەن ئۇس-تۈن كۈچكە ئىگە بولغان شارائىتتا ئۇلار يالغاندىن مەغلۇپ بول-غان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ۋە چېكىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنىنى ئالدايدۇ» (104).

ھۇنلارنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسى ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنىڭ يىراققا ئېتىش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىشقا ئاساسلانغان: ئۇلار

سەپلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئوق يېتىپ بارالايدىغان ئارىلىقتا كەلگەندە ئوقيالىرىنى ئاتاتتى. مۇشۇنداق ئۇنۇملۇك ئوق ئېتىش بىلەن ئوقياچىلار دۈشمەنگە يىراق ئارىلىقتىن زەربە بېرىپ، ئۆزلىرى زىيان - زەخمەتسىز قالاتتى - دە، جەڭ ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ئاياغلىشاتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھۇنلارنىڭ يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە راۋاجلىنالماي قالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت، ھۇنلارنىڭ پەقەت ئوقياغىلا تايانغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان: ئەگەر دۈشمەن تەرەپ قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەپ، سەپلىرىنى بۇزمىغان ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتسە، ھۇنلار ئالدى - ئارقىغا قارىماي قاچاتتى. مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار يەڭسە ئىلگىرىلەيدۇ، يېڭىلسە چېكىنىدۇ. قېچىشنى ئۇلار نومۇس ھېسابلىمايدۇ» [105]. «ھۇنلار مەغلۇپ بولغاندا خۇددى يۇلتۇزدەك چېچىلىپ كېتىدۇ، خۇددى بۇلۇتلاردەك تارقىلىپ كېتىدۇ» [106]. ھۇنلاردا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيە 200 - يىلى پىڭچېڭدا خەن ئىمپېراتورى گاۋزۇنىڭ قوشۇنىنى قورشىۋېلىپ، ئۇدا يەتتە كۈنگىچە مۇھاسىرىگە ئالغان ۋە ئادەم سانى جەھەتتە زور ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان (ئەمەلىيەتتە خانشىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن خەن قوشۇنلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە مۇھاسىرىدىن يوچۇق ئېچىپ بەرگەن).

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۇنلاردا يېقىن ئارىلىقتا دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان قىلىچ، نەيزە، گۈرزە، ئۇمۇتلارمۇ بولغان. قول ۋە پۇت قاپلىغۇچىلىرى ھۇن جەڭچىسىنىڭ تېنىنى دۈشمەن قورالىنىڭ زەربىسىدىن ساقلايتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھۇنلار قوچاقلاشما جەڭلەرگىمۇ كىرگەن. ئېھتىمال، ئۇلار دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي سەپلىرىنى بۇزۇپ

چېكىنگەندە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا كې-
رەك. ئەنە شۇنداق پەيتلەردە ھۇن جەڭچىلىرى شىددەتلىك ھۇ-
جۇمغا ئۆتۈش بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەنگە
ئەجەللىك زەربە بېرەتتى.

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، باتۇر تەڭرىقۇت بېكىتكەن قات-
تىق ھەربىي ئىنتىزام بويىچە جەڭچىلەر باشلىقلىرىغا شەرت-
سىز بويسۇناتتى. ئىنتىزامنى بۇزغانلارغا ئۆلۈم جازا-
سى بېرىلەتتى(107). ھۇنلارنىڭ بۇيرۇققا نەقەدەر بويسۇنىدىغانلى-
قىغا مۇنداق بىر مىسال بار: باتۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە
بارلىق جەڭچىلەر ئوقيانى تىرىك نىشانلارغا ئېتىشنى مەشىق
قىلغان، يەنى باشتا باتۇرنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىغا، ئاندىن ئۇنىڭ
ئاتىسىغا قارىتىپ ئاتقان(108).

ھۇن قوشۇنلىرى يىراق جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كەڭ كۆ-
لەملىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا كىچىك
دائىرىدىكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ،
دۈشمەن تەرەپنىڭ چېگرا رايونلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان.

ھۇنلار دالىدا ئۇرۇش قىلىشتىن سىرت، قەلئە ئۇرۇشىدىن-
مۇ خەۋەردار بولغان. موڭغۇلىيە ۋە بايقال ئەتراپىدىكى جايلاردا
ھۇنلارنىڭ خېلى كۆپ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى تېپىلغان. ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدە كۋادرات شەكلىدىكى قەلئەلەر بولۇپ، مۇست-
ەھكەم سېپىللار بىلەن قورشالغان ۋە ئەتراپىغا خەن-
دەكلەر كولانغان(109). بۇ قەلئەلەردە مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ
ئىزلىرى يوق بولغاچقا، ئۇلارنى نوقۇل ئەسكىرىي قىسىملار
تۇرغان ھەربىي ئىستىھكام دېيىش مۇمكىن. بايقال يېنىدا ئولتۇ-
راق ئۆيلىرى بار بىر كەنت بايقالغان. بۇ كەنتنىڭ ئۈچ تەرىپىگە
مۇداپىئە سىستېمىسى سۈپىتىدىكى تۆت قاتار يار ۋە خەندەكلەر
كولانغان(110). مەنبەلەردە «ھۇنلار شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىش-
نى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن(111). شۇڭا، بىر قىسىم ئالىملار،

بۇنداق كەنتلەردە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە خەن زېمىنىدىن كەلگەن قاچقۇنلار ھەربىي كۆچمەن تەرىقىسىدە تۇرغان، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەن زېمىنلىرىنى ۋەيران قىلىش، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن ئىبارەت بولغان. ھۇنلار ھەمىشە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۇشتۇمتۇت باشلاپ، كۆپرەك ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئىمكانقەدەر تالاپەت تارتماي چېكىنىپ كېتىشكە تىرىشاتتى. بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملار ئاساسەن ئولجا ئېلىشنى مەقسەت قىلاتتى. «... ئولجىنى كۆرۈپ قالسىلا ئەدەپ - ئەخلاق، ئادالەت دېگەنلەرنى بىلمەيتتى» [112]. ھۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە «كىم بىر دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالسا، ئۇنىڭغا بىر كومزەك مەي مۇكاپات بېرىلەتتى، قولغا چۈشكەن ئولجىمۇ شۇنىڭغا قالاتتى»، ئەگەر «كىم جەڭدە ئۆلگەن ئادەمنى ئېلىپ كەلسە، ئۆلگۈچىنىڭ بارلىق مال - مۈلكى شۇنىڭغا قالاتتى. قولغا چۈشكەن ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ قۇل قىلىناتتى. شۇڭا، جەڭدە ھەر بىر ئادەم ئولجا ئېلىش ئىستىكى بىلەن باتۇرلىشىپ كېتەتتى» [113]. ھۇنلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدىكى ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە كۆچمەن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆتىدىغان يىپەك يولىنى كونترول قىلىش، خەن ئىمپېرىيىسىنى سېلىق تۆلەتكۈزۈش («تىنچلىق ۋە قۇدا - باجىلىق» كېلىشىمىگە ئاساسەن) ئىدى.

بۆلگۈنچىلىك خاھىشلىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى بىلەن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ھۇن دۆلىتى ئاخىر پارچىلاندى. شىمالىي ھۇنلار سىيانپىلارغا بويسۇندى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق سۈپىتىنى زور دەرد-

جىدە يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىستراتېگە-يىلىك مەقسەتلەرگە يېتىش ئىمكانىيەتلىرى ئازلاپ كەتتى، ھەر-بىي ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە مۇساپىسى كىچىكلىدى. ئەمە-ما، ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ قورال - ياراغ سەۋىيىسى ۋە سەپنى كەڭ يېيىپ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگە-رىشلەر كۆرۈلمىگەن بولسا كېرەك.

ھۇنلار مۇستەقىللىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇرۇش تارىخى سەھنىسىدىن تېزلا غايىب بولدى. ئۇلار سىيانپىلارغا تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى 2 — 3 - ئەسىر-لەردە ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

# ئىككىنچى باب تېس قەبىلىلىرىنىڭ
# ئەنئەنىۋى قورال تۈرلىرى

مەخسۇس ئەسەرلەردە ئـوتتۇرا يېنسـەي ئاھالىسىنىڭ ھەر-
بىي - سىياسىي تارىخىدىكى بەزى ۋەقەلەر مەلۇم دەرىجىدە يورۇ-
تۇپ بېرىلگەن. بۇ ۋەقەلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 — 2 -
ئەسىرلەردە جەنۇبىي سىبىرىيىدە ھۇنلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇش
ھەرىكەتلىرىگە باغلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تولىسى سالنامىچىلا-
رنىڭ بايانلىرىدىكى ھۇنلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ۋەقەلىرى-
نى، جۈملىدىن قىرغىز، تۇرالارنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىنى مىنۇ-
سىن ئويمانلىقىدا بولغان دەپ قارايدۇ ①. ھۇنلارنىڭ بېسىپ
كىرىشى نەتىجىسىدە تاغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرى بولغان تۇرا-
لارنىڭ ھەربىي كۈچى يىمىرىلدى ۋە يېنسەيدە مەركىزىي ئاسىيا-
دىن چىققان قىرغىز قەبىلىلىرى پەيدا بولدى ②. بۇ مۇرەككەپ
ئېتنىك جەريانلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بىلەن مىنۇسىن ۋە
ئاچىن - مارىن ئويمانلىقلىرىدىن تېپىلغان شۇ ۋاقىتلاردىكى
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكى ئې-
تىراپ قىلىندى. بۇ قېزىلمىلار مەخسۇس ئـەسـەرلـەردە
تـۈرلـۈك ناملار بىلەن ئاتالدى «تاغار مەدەنىيىتى» ، «تاغار -
تاشتىق ئۆتكۈنچى دەۋرى» ، «تېس دەۋرى» ياكى «تېس مەدەنى-
يىتى» ) ③. ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان تېس - شېستاكوۋ
تېپىلمىلىرى دائىرىسىدىكى ئايرىم يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈشكە
كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈمبەز قوپۇ-
رۇلغان گۆرلۈكلەر تاغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرىگە، گۈمبەز-
سىز ۋە قەبرىسىز گۆرلەر كېيىن كەلگەن ئاھالىگە تەئەللۇق،

دەپ قارالدى ①. ھۇن دەۋرىدىن بۇرۇنقى گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى سەنئەتلىك مىس بۇيۇملار بىلەن بېزەلگەن ⑤. تەكشۈرۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ خرونولوگىيىلىك تەۋەلىكى مەسىلىسىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاش. كۆپچىلىكنىڭ قارىشىچە، بۇ يادىكارلىقلار يېنىسەيدە ھۇنلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 — 2 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

تېس يادىكارلىقلىرىدىكى قورال - جابدۇقلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ۋە ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكلىرىمۇ يوق. بۇ تېپىلمىلارنى ئايرىم - ئايرىم تەكشۈرگەندە بىر پۈتۈن ئۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئەينەن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ھالبۇكى، سېلىشتۇرما تارىخىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، بۇ ماتېرىياللار جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ ھۇن دۆلىتى تەركىبىگە قوشۇلغان دەۋردىكى ھەربىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ھۇن دەۋرىدىكى يېنىسەيگە تەئەللۇق بولغان جەڭچىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بۇ مەلۇماتلارنى تولۇقلايدۇ ⑥.

تەكشۈرۈلگەن دەۋر يادىكارلىقلىرىدىكى قورال - جابدۇقلار ھازىر موسكۋا، لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسكىي، تومىسىك، كېمېرىۋو، ئاچىن، ئاباقان، مىنۇسىن مۇزېيلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ فوندىلىرىدا ساقلانماقتا. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئېلان قىلىندى. بىز مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان نەرسىلەردىن ۋە ئۇلار ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق.

يېنىسەيدىكى تېس دەۋرىنىڭ جەڭچىلىرى ئىشلەتكەن قوراللار يىراق ئارىلىقتا، يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاسىتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قىسىم ئەسەرلەردە ئوقيالارنىڭ سۆڭەك قاپلىغۇچلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە يا ئۇستىدىكى ئورنى كۆرسىتىلمىگەن ⑦. شۇڭا، تېس

قەبىلىلىرى ئىشلەتكەن ئوقيانىڭ شەكلىنى ئاساسەن قىيا تاش سۈرەتلىرىگە قاراپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭ بويار دېگەن يەردىن تېپىلغان سۈرەتتە يوغان مۈرەككەپ تەركىبلىك ئوقيانى تۇتۇپ تۇرغان جەڭچى ئىپادىلەنگەن. ئوقيانىڭ ئىككى ئۇچى ئوقىنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشى بويىچە ئېگىلگەن⑧. تاشتىن مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىدىمۇ شەكلى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئوقيالارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم⑨.

## ئوق باشاقلىرى

تېس دەۋرىنىڭ بىر قاتار يادىكارلىقلىرىدا تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوق باشاقلىرى تېپىلغان. تۆمۈر باشاقلارنىڭ ھەممىسى ساپاقلىق. ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە ھەر بىر گۇرۇپپا يەنە تىپلارغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئىلمەك شەكىلدە. جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان: بارسۇچىغا 1 ـ نومۇر (مىنۇسىن ئويمانلىقى)، 2 ـ نومۇر، 14a ـ قەبرە⑩. ئايداش غارى (ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقى)⑪. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئىلمىكى بار، ئوق قاناتچىلىرى ئېگىلگەن. ئايداش غارىدىن تېپىلغان بەزى نۇسخىلار كاۋاك بولۇپ، ئۇزۇنچاق كونۇس شەكلىدە، دەستىگە ئورنىتىلىدىغان تۆۋەنكى قىسمى ئىككىگە ئايرىلغان. بۇنداق ئوقلارنىڭ تۆشۈكى يوق بولۇپ، ئۇچقاندا ئاۋاز چىقىرالمايتتى. ئاياغ تەرەپتىكى تۆشۈكى دەستە ئورنىتىلغان ساپاقنى چىڭراق بېكىتىش ئۈچۈن تېشىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. قالا (تروياك) (مىنۇسىن ئويمانلىقى) قەبرىستىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑫. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكىلدە ۋە قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئېللىپىس شەكىلدە. تېپىسەي 8 ـ نومۇر (مىنۇسىن ئويمانلىقى)، 7 ـ نومۇر، 2 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑬. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى يۇمىلاق.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. تامبار يادىكارلىقىدىن (ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقى) تېپىلغان بىر نۇسخا ⑭. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى ساپاقلىقلار ۋە تۆشۈكى تىلىنغانلار دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. ساپاقلىق باشاقلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇڭ شەكىلدە. تېپىسەي، 30 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. سوزۇق بەش بولۇڭ شەكىلدە. تېپىسەي يادىكارلىقى، 50 ـ قەبرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل، ساپىقى سۇنۇپ كەتكەن.

2 ـ گۇرۇپپا. تىك بولۇڭلۇق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. تېپىسەي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان

بىر نۇسخا ⑰. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇق شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئىگىلىگەن. ساپىقى ۋە ئىلمەكلىرىنىڭ ئۇچلىرى سۇنغان.

تۆشۈكى تىلىنغان باشاقلار سەككىز گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇق شەكلىدە. ئايداش غارىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. ئايداش غارىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇق شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئىگىلىگەن.

3 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئايداش غارىدىن تېپىلغان تۆت نۇسخا ⑳. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق ـ ئۈچ يانلىق باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇق شەكلىدە. جەمئىي ئۈچ نۇسخا بولۇپ، قالا (تروياك) قەبرىستانلىقىدىن ۋە مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن تاسادىپىي تېپىلغان ㉑. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

3 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇق شەكلىدە. جەمئىي سەككىز نۇسخا بولۇپ، قالا (تروياك) قەبرىستانلىقىدىن ۋە مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن تاسادىپىي تېپىلغان ㉒. ئوق گەۋدىسىنىڭ

ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 79 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلار كۆرۈلىدۇ: كامىنكا يادىكارلىقى، 12 ـ، 20 ـ قەبرىلەر، مىنۇسىن ئويمانلىقى ⑳، ئايداش غارى ㉑. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 2 س م، ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەش بولۇك شەكلىدە. جەمئىي 35 نۇسخا بولۇپ، كامىنكا يادىكارلىقى، 12 ـ، 20 ـ قەبرىلەردىن، ئايداش غارىدىن تېپىلغان، بىر قىسمى مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان ㉕. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، قاناتچىلىرى يوق.

4 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. مىنۇسىن ئويمانلىقىدا تاسادىپىي تېپىلىپ قالغان بىر نۇسخا ㉖. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، ئىلمىكى بار، قاناتچىلىرى ئېگىلـگەن.

4 ـ گۇرۇپپا. تىلىنغان باشاقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ياغون ( ئاچىن ـ مارن ئويمانلىقى) يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉗. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

5 ـ گۇرۇپپا. ئىككى يانلىق باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇك شەكلىدە. ئايداش غارىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉘. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، توشۇك ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە،

قاناتچىلىرى تۈز.

6 ـ گۇرۇپپا. ئالتە قىرلىق باشاقلار، بىر تىپ. ئىلمەكلىك، ئايداش غارىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [29]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن.

7 ـ گۇرۇپپا. سەككىز قىرلىق باشاقلار، بىر تىپ، سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئايداش غارىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [30]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

8 ـ گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بولۇق شەكلىدە. ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا [31]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يوق.

2 ـ تىپ. باشاق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان. ئايداش غارىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [32]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 9 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئايرىم ئۇچلۇق بېشى ۋە ئۇزۇن ساپىقى بار.

تېس دەۋرىدىكى يېنىسەيدە مىس باشاقلارنىڭمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن، يىغىلغان ماتېرىياللاردا مىس ئوقلار خاتىرىلەنمىگەن (شۇڭا، بىز تاسادىپىي تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدىكى مىس ئوقلارنى مۇشۇ دەۋرنىڭ دەپ ئېيتالمايمىز). ئومۇمەن، تېس دەۋرى يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان ئوق تۈرلىرىنى بىر يۈرۈش ئوقلار دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئايرىم ساندىكى تۆمۈر ۋە ساپاقلىق سۆڭەك ئوقلارلا تېپىلغان. ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى بەزىلىرى ھۇن ئوقلىرى بىلەن ئوخشاش. ئايرىم تىپلارغا ياتىدىغان باشاقلار يېنىسەيدە سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تاشتىق دەۋرىدىمۇ ساقلانغان. ئايرىم نۇسخىلار ئېھتىمال، سەل بۇرۇنقى تاغار دەۋرىدىن قالغان بولسا كېرەك.

يېنىسەيدە تېس دەۋرىدە تۆشۈكى تىلىنغان سۆڭەك ئوقلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. ئۇلارنىڭ تۇركۇملۇك ۋە تىپولوگىيىلىك پەرقلىرى خېلى چوڭ، سانىمۇ خېلى كۆپ. بىراق، بۇ تېپىلمىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئايداش غارىدىن چىققان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ غاردىن تېپىلغان ماتېرىياللارنى كۇلاي مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىللە، بۇ ئوق تۈرلىرىنى ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە جەنۇبىي سىبىرىيىگە سىڭىپ كىرگەن ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى دەپ ھېسابلايدۇ [13]. سۆڭەك ئوقلارنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى بۇ خىل كۆز قاراش شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانكى، ئالدىنقى تاغار دەۋرىدىمۇ ۋە كېيىنكى تاشتىق دەۋرىدىمۇ بۇنداق ئوقلار خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئۇلار دەۋرداش ھۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ (بولۇپمۇ سوزۇنچاق رومبا، ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ ۋە ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىرىدىكىلەر. بۇلار ئۈچ قىرلىق، تۆت قىرلىق ۋە ئىككى يانلىقلار گۇرۇپپىلىرىغا تەۋە). ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىق، باشاق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان، سەككىز قىرلىق گۇرۇپپىلاردىكى، شۇنداقلا ئىلمەكلىك ۋە تىلىنغان باشاقلار تىپلىرىدىكى ئوقلار ھۇن نۇسخىلىرى ئاساسىدا قايتىدىن ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ خىل شەكىللەردىكى سۆڭەك ئوقلار تاغار ۋە كۇلاي دەۋرلىرىدىكى ئوقلارغا ئوخشايدۇ.

ئوتتۇرا يېنىسەي رايونىدا، گەرچە ھۇنلارغا مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئوخشاشلا تۆشۈكى تىلىنغان سۆڭەك ئوق باشاقلىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن تېس دەۋرىنىڭ بىردىنبىر يادىكارلىقى كان

دەرياسى بويىدىكى گۆرلۈكتىن ئىبارەت [34]. شۇنداقتىمۇ، شۇ گۆرلۈكتىن تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدە هۇن مەدەنىيىتىنىڭ بۇيۇملىرىمۇ ئاز ئەمەس. جۈملىدىن سۆڭەك قاداقلارمۇ بولۇپ، كەمەر توقىلىرىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلار كېيىمنىڭ مۇرە ئورنىغا بېكىتىلەتتى (قوغدىنىش يوپۇقى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن). بۇ يادىكارلىقنى هۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سىبىرىيە ئورمانلىرى ئاھالىسىگە تەئەللۇق دېيىش لازىم.

شۇنداق قىلىپ، تېس يادىكارلىقلىرىدىكى ئوقلار ئىچىدە يەرلىك ئامىللار (ئەسلىدىكى شەكىللەر) بىلەن هۇنلارنىڭ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. هۇنچە نۇسخىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى - ئوتتۇرا يېنسەي قەبىلىلىرى هۇن دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى نەتىجىسىدە ئەمەلىيلەشكەن.

## ساداقلار

تېس دەۋرىدىكى جەڭچىلەر ئوقلارنى ساداقلارغا سېلىپ ساقلايتتى. شېستاكوۋ قەبرىستانلىقىدا (2 - قورغان، 2 - قەبرە) سىلىندىر شەكلىدىكى ساداقنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلغان (ئۇزۇنلۇقى 36 س م، كەڭلىكى 12 س م). ساداقنىڭ تۈۋى سەل كەڭرەك. بېرىش گۇمبىزىدە ساداقنىڭ يۇمىلاق سىرتماق سېلىنغان ئىلمىكى تېپىلغان [35]. قارىغاندا، ئوقلار ساداقتا باشاقلىرى تۆۋەن، پەيلىك دەستىسى يۇقىرىغا قىلىپ سېلىنغان بولسا كېرەك.

تېس يادىكارلىقلىرىدا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى يېتەرلىك ئەمەس.

## قورال تۆرلىرى

تېس ۋە شېستاكوۋ يادىكارلىقلىرىدىكى قورال تۆرلىرى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىككى تۈر ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئايداش غارىدىن تېپىلغان ماتېرىياللارنى كۆلاي مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق دەيدىغان پىكىرنى ھېسابقا ئالساق، بۇ قوراللار ئايرىم - ئايرىم ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان بولىدۇ. ئۈچىنچى تۈر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ھازىرچە تولۇق دەلىل يوق.

بىرىنچى تۈردىكى قوراللار ئالدىنقى دەۋردىكى تاغار ئاھالىسىنىڭ ئەۋلادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭ قورغانلاردىكى بۇيۇملارغا چېتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ۋە مىس خەنجەرلەر، مىس پالتىلار ۋە تىغلار بار. بۇنداق قورال تۈرلىرى ئالدىنقى دەۋردىكى تاغار مەدەنىيىتىنىڭ جەڭ ۋاستىلىرىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشايدۇ ۋە شۇلارغا بىۋاستە باغلىنىدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكى قوراللار تۈز يەردىكى گۈمبەزسىز تېس قەبرىلىرىدىن تېپىلغان. بۇلار ئوقلارنىڭ ئۈچ يانلىق ۋە ياپىلاق تۆمۈر باشاقلىرى، ساپاقلىق تۆت قىرلىق ۋە تىك بۇلۇڭلۇق، تۆت قىرلىق ۋە تۆشۈكى تىلىنغان سۆڭەك باشاقلىرى؛ تۆت قىرلىق، تىك بۇلۇڭلۇق ۋە ئۈچ قىرلىق تۆمۈر خەنجەرلەر؛ بوغقۇچلۇق ۋە قاداقلىق قوغدىنىش كىيىملىرىدۇر. ئومۇمەن، بۇ تۈرلەر يىغىندىسىدا مەركىزىي ئاسىياغا خاس خۇسۇسىيەتلەر كۆرۈلىدۇ: ئۈچ يانلىق ۋە ياپىلاق تۆمۈر ئوقلار، تۆشۈكى تىلىنغان سۆڭەك ئوقلار، قوغدىنىش كىيىملىرى. يەرلىك تاغار قىياپىتىدىكى نەرسىلەرمۇ بار: ساپاقلىق سۆڭەك ئوقلار، تۆت ۋە ئۈچ قىرلىق تۈز بىسلىق تۆمۈر خەنجەرلەر. شۇنداقلا، خەنجەرلەر ئىچىدە نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىچە تۈرلەرمۇ بار. ئېھتىمال، تېس مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرى ھۇنلارنىڭ بېسىمى

ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، مىنۇسىنغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ قوراللىرىدا ئەسلىدىكى مەركىزىي ئاسىياچە مەدەنىيەت قىياپىتى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى تۈردىكى قوراللارنىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاسىتىلىرى ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمىگەن. يېقىن ئارىلىقتا بولىدىغان جەڭلەردە ئاساسەن پالتا، قوشاقلاشما جەڭ قىلغاندا خەنجەر ئىشلىتىلگەن. ئىككىنچى تۈردىكى قوراللار تولۇق ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەكى قول بىلەن ئاتىدىغان قوراللاردىن ئىبارەت. قوشاقلاشما جەڭلەردە لازىم بولىدىغان سانجىغۇچى قوراللار پەقەت پىيادىلەر سەپلىرى تۈزۈلگەندە ياكى يارىدارلارنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىنۇسىن ئاھالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇن قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ رايوندىكى خەلقلەر بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ھۇن قوشۇنىنىڭ غەربىي قىسىم تەركىبىگە قوشۇلۇپ، ئوڭ قول بىلىك خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنۇسىندا ھۇنلارنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھاكىمىيىتى تەسىس قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. ھەر ھالدا، «نائىب» لەۋخان بۇ يەردە بولمىغان. ھالبۇكى، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مىنۇسىندا ئوڭ قول قوتىقۇنىڭ قارارگاھى بولغان دېيىشكە بولىدۇ ⑯ (ئاباقاندىكى «ئوردا» شۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن). باشقا ۋاقىتلاردا، ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنى ھۇنلارغا يېقىندى بولغان قىرغىز قەبىلىلىرى باشقۇرغان بولۇشى مۇم-

كىن. تەتقىقاتچىلار تىپ دەۋرىدىكى قەبرىسىز گۆرلۈكلەرنى ئەنە شۇ قىرغىزلارنىڭ دەپ قارايدۇ ①.

يەرلىك قەبىلىلەردە ۋە كېيىن كەلگەنلەردە ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇرۇق ـ قەبىلە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن: قورال تۇتالايدىغان ھەربىر ئەركەك جەڭچى بولغان، ھەربىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى قۇرغان. ئەنە شۇنداق تارماق قوشۇنلار بىر پۈتۈن چوڭ قوشۇننى تەشكىل قىلغان. ئۇ چاغلاردا قىرغىزلارنىڭ ئوقياچى چەۋەندازلىرى چوڭ قوشۇننىڭ يادرو قىسمى ئىدى، يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ياردەمچى ئەترەتلەرنى تەشكىل قىلاتتى.

## ئۇرۇش سەنئىتى

تۈرلۈك بىقىندى قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۇن ـ قىرغىز قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى، ئېھتىمال، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، جەڭ تاكتىكىسى ھۇنلارچە ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۇرۇش سەنئىتى مەركىزىي ئاسىيانىڭ غەربىگە ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىگە قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشلىرىدە شەكىللەنگەن. شۇڭا، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تىپ دەۋرىدە يېنىسەي ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇنلار كۆپ ھاللاردا يايما سەپ تۈزۈپ ھۇجۇم قىلغان. شۇ دەۋرنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىدىن قارىغاندا، قوشۇندا ئوقياچى چەۋەندازلار كۆپ بولغان. شۇلار بىلەن بىللە يەنە پىيادىلەر قىسىملىرىمۇ بولۇپ، ئۇلار ئوقيا، نەيزە، پالتا، خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان. بۇنداق قوشۇن يىراق ئارىلىقتىكى جەڭدە ئوڭۇشلۇق ھەرىكەتلىنىپ، ئوق يېتىپ بارالىغۇدەك يەردىن دۈشمەنگە ئوق ياغدۇراتتى، لې-

كىن يېقىن ئارىلىقتا ئاتلىق جەڭ قىلىشتا كېرەك بولىدىغان قوراللىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، پەقەت پىيادە سەپ تۈزگەن ھالەتتىلا قوچاقلاشما جەڭگە كىرەلەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، تېس قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ئۇلارغا زامانداش بولغان ھۇن ۋە سارمات چەۋەندازلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن تۆۋەن بولغان.

تېسلىقلار، خۇددى تاغارلىقلارغا ئوخشاشلا قىش پەسلىدە يۇرۇشكە ئاتلانغاندا چاڭغا ياكى ئات قوشۇلغان چانىلاردىن پايدىلان-غان [38]. ئۇلار مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرغان. ھازىرغىچە مىنۇسىن ۋە ئاچىن - مارىن ئويمانلىقلىرىدا ئەنە شۇنداق مۇرەك-كەپ قۇرۇلمىلىق ئىستىھكاملارغا ئىگە بولغان ئوندەك شەھەر ۋە قەلئەلەر بايقالدى [39]. ئىستىھكاملار تۆپىلىكلەردە، دەريا بويلىرى-دىكى ئېگىز يەرلەردە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىغا يار ۋە خەندەكلەر كولانغان، تۇز ياكى سىرتقا يانتۇ قىلىنغان گىرەلەشمە قوزۇقلار ئورنىتىلغان. بۇ ئىستىھكاملارنىڭ كۆپ قىسمىنى تېس دەۋرىدە يېنىسەيدە ياشىغان تاغار قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ياسىغان. كېيىن كەلگەن قىرغىزلارنىڭ بۇ ئىستىھ-كاملارنى ئىشلەتكەن - ئىشلەتمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

تېسلىقلارنىڭ ئىستىھكام قۇرۇلمىلىرى يىرىك ئەسكىرىي قىسىملاردىن ئۆزاققىچە مۇداپىئەلىنىشكە ماسلاشتۇرۇلمىغان. قارىغاندا، بۇ يەردىكى ئۇرۇشلار تار دائىرىلىك بولۇپ، مىنۇسىن ۋە ئاچىن - مارىن ئويمانلىقلىرىدىن ھالقىپ كەتمىگەن. شۇ دەۋردىكى قىرغىزلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسى ئىشغال قىلىنغان زېمىنلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇس-تەھكەملەش ۋە يەرلىك تاغار قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. قىرغىزلار ھۇنلارنىڭ قوراللىق بېسىمغا تۇ-زۇكرەك قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەچكە، بېقىندىلىق رولىنى ئوي-نىغان.

تاغار مەدەنىيىتى ئىگىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ ۋاقىتلاردا ھۇنلار ۋە قىرغىزلارغا قارام بولۇپ قالغان. ئۇلار يەنە شىمال تەرەپتىن كۆلاي قەبىلىلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان. مۇشۇنداق شارائىتتا تاغارلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تۈزكۈملىرى ئۆزلىرىنىڭ بىرلىكىنى يوقاتقان ۋە مۇستەقىل ئۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھۇن ۋە قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە تۇرۇپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان.

# ئۈچىنچى باب كۆكەل قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىرى

تۇۋا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا شۇ تېررىتورىيىدىكى كېيىن-
كى ھۇن دەۋرىگە ياتىدىغان قورال - جابدۇقلار ۋە تەسۋىرىي
ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى. بۇ مەسىلىگە ئائىت يازما مەنبەلەر
ناھايىتى كەمچىل ①. شۇڭا، ھۇن دەۋرىدىكى تۇۋا تارىخىنى
مۇھاكىمە قىلىشتا خۇسۇسەن ھۇن مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك
مەلۇماتلارمۇ قاراپ چىقىلدى ②. ئاخىرقى ئون يىللاردىن بۇيان
شۇ دەۋرلەرنىڭ قەبرە ۋە خاتىرە يادىكارلىقلىرى ئىلمىي تەتقىقاتقا
كىرگۈزۈلدى ③، بىر قىسىم قىيا تاش سۈرەتلىرى سېلىشتۇرۇل-
دى ④. تۇۋا تېررىتورىيىسىدىن تېپىلغان كېيىنكى ھۇن دەۋرى-
نىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى ئىلمىي ئەسەرلەردە سىن
چۇرەك مەدەنىيىتى ياكى شۇرماق مەدەنىيىتى ۋە ياكى كۆكەل
مەدەنىيىتى دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
نۇرغۇن قورال ئۆرنەكلىرى بار ⑤. مۇتەخەسسىسلەر بۇ قورallar-
نى تۈرلەرگە ئايرىش بىلەن شۇغۇللاندى ⑥.

بۇ نەرسىلەر رېئال بۇيۇملارنىڭ كىچىكلىتىلگەن كوپىيىسى-
دىن ئىبارەت، لېكىن ئۇلارنىڭ رېئال پروتوتىپلارغا ماس كېلى-
دىغانلىقىدا شەك يوق. قولىمىزدا بار بولغان بارلىق ماتېرىياللار-
نى تەھلىل قىلىش يولى بىلەن ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىشتىن
ئۈمىد بار. ئەنە شۇ نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىپ، تەكشۈرۈلىدىغان
كۆچمەنلەر تۈركۈمىنىڭ مەلۇم خرونولوگىيىلىك دەۋر ئىچىدىكى
ھەربىي ئىشلىرىنى شەرھلەشكە بولىدۇ. بۇلار ئەسلى گۆرلەرگە
كۆمۈلگەن بۇيۇملار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى

ھەققىدىكى مەلۇماتلار بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. تەكشۈرۈلگەن مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ خرونولوگىيىسى ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى كەسكىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ مەسىلىدە ئاز - تولا قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ.

ھەرقايسى قورال تۈرلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈسى ئوخشاش ئەمەس. بولۇپمۇ، نۆۋەتتە قوغدىنىش قوراللىرىنى تەكشۈرۈلگەن بۇيۇملار يىغىندىسى رامكىسى ئىچىدە چۈشەندۈرۈش تەس بولماقتا. كۆپىنچە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە، مەزكۇر مەدەنىيەت بۇيۇملىرى يىغىندىسىغا ھەر تۈرلۈك قەبرە يادىكارلىقلىرى كىرىدۇ: قورغان قەبرىستانلىقلىرى، يۇمىلاق تاش قورغانلار، جەسەت سېلىنغان ياغاچ ساندۇقلار ياكى تەڭنىلەر كۆمۈلگەن تۆز يەردىكى گۆرلۈكلەر. بەزى مۇتەخەسسىسلەر يېتەرلىك دەلىل كۆرسەتمەيلا يۇمىلاق تاش قورغانلار تېگىدىكى جەسەت كۆيدۈرۈلگەن جايلارنىمۇ ئالاھىدە بىر تۈرلۈك قەبرە يادىكارلىقلىرى دەپ ھېسابلايدۇ ⑦. بۇنداق ئوبيېكتلارنى خاتىرە قۇرۇلمىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم. خاتىرە قۇرۇلمىلىرى دېگىنىمىز، يۇمىلاق ياكى سوزۇنچاقراق تىندۇرما تۆپىلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆل ئىزلىرى، قاچا - قۇچىلار ۋە تۆمۈر بۇيۇملار ساقلانغان. شۇ بۇيۇملار تىزىلغان تەكشىلىكتىن ھەر تەرەپلەرگە تاش تۇۋرۇكچىلەر ئورنىتىلغان ⑧.

قوراللىق چەۋەندازلار خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم قىيا تاش سۈرەتلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ھۇن دەۋرىدىكى تۇۋا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ھازىر تۇۋا ياي لاقلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە كۆكەل مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى تەكشۈرۈلمەكتە. بۇ تېررىتورىيىنىڭ سىرتىدا بۇنداق يادىكارلىقلار تېپىلمايدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ پەرەزلىرىنىڭ ئەكسىچە، ساياننىڭ شىمالىدىكى يەرلەردە بۇنداق

يادىكارلىقلار بايقالمىدى ⑩.

تەكشۈرۈلگەن يادىكارلىقلار قېزىلمىلىرى ئىچىدىكى قورال ـ جابدۇقلار لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسىك، تومسىك، قىزىل شەھەرلىرىدىكى مۇزېيلار ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ فوندىلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلان قىلىندى. تەتقىقاتىمىزدا مۇزېيلاردىكى ئەۋرىشكىلەر ۋە باسما ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق.

كېيىنكى ھۇن دەۋرىدىكى تۇۋا كۆچمەن جەمئىيىتىنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى (يا ۋە ئوق ئۆرنەكلىرى) ۋە جابدۇقلار (ساداقلارنىڭ پارچىلىرى) نۇرغۇن يادىكارلىقلاردىن تېپىلدى.

## ئوقيالار

تەكشۈرۈلىدىغان تۇركۇمدىكى ئوقيالار بىر گۇرۇپپىغىلا تەۋە بولۇپ، ھەممىسى مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلار سۆڭەك قاپلىغۇچىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ سانى ۋە بېكىتىلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ بىر نەچچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. يانىڭ ئۇچلىرىدا ۋە ئىككى يېنىدا قاپلىغۇچىلىرى بولغانلار. جەمئىي 15 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۆكەل، 4 ـ قورغان؛ 11 ـ قورغان، 2ـ، 27ـ، 46 ـ قەبرىلەر، 1 ـ گۆر؛ 12ـقورغان، 3ـقەبرە؛ 26 ـ قورغان، 3 ـ قەبرە؛ 37 ـ قورغان، 23 ـ قەبرە؛ 39 ـ قورغان، 29 ـ قەبرە؛ 133 ـ قورغان؛ ⑪ س. ۋاينىشتېين ۋە ۋ. دياكونوۋانىڭ مەلۇماتلىرى بويىچە ئالغاندا، يالارنىڭ ئۆلچەملىرى 110 ـ 150 س م. يانىڭ ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار

ئۆزۈن، كەڭ، ئىككى ئۇچى سەل - پەل ئىگىلگەن. يانىڭ ئىككى ئۇچىدىكى قاپلىغۇچلار ئۆزۈن، تار، تۈز، بىر چېتى ئىگىلگەن بولۇپ، كىرىچ باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. قاپلىغۇچلاردىن بىرى يانىڭ ئىچ تەرىپىگە قارشى يۆنىلىشتە سەل - پەل ئېگىلگەن.

2 - تىپ. يانىڭ ئىككى ئۇچىدا، ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغانلار. جەمئىي 8 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۆكەل، 11 - قورغان، 4 -، 97 - قەبرىلەر؛ 26 - قورغان، 10 -، 26 - قەبرىلەر؛ 170 - قورغان؛ 174 - قورغان، 1 -، 2 - قەبرىلەر؛ چېرچارىق، 47 - قورغان ⑫. س. ۋاينىشتېيىننىڭ مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، يانىڭ ئۆلچىمى 90—160 س م⑬. يانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۆزۈن، كەڭ، ئۇچلىرى سەل - پەل ئېگىلگەن. يانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچ تار، ئۆزۈن، ئىككى بېشى سەل كېڭەيتىلگەن. يانىڭ ئۇچلىرىدىكى قاپلىغۇچلار ئۆزۈن تار، تۈز، بىر بېشى ئېگىلگەن.

3 - تىپ. يانىڭ ئىككى بېشىدا، ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى، كاۋاك قاپلىغۇچلىرى ۋە ئارىلىقلىرىدا قاپلىغۇچلىرى بولغانلار. جەمئىي 2 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۆكەل، 11 - قورغان، 46 - قەبرە، 2 - گۆر؛ 26 - قورغان، 8-قەبرە ⑭. س. ۋاينىشتېين ۋە ۋ. دياكونوۋانىڭ مەلۇماتلىرى بويىچە يانىڭ ئۆلچىمى 90—130 س م ⑮. يانىڭ ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۆزۈن، كەڭ، قىزىل رەڭلىك باشلىرى سەل - پەل ئىگىلگەن. يانىڭ ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ئۆزۈن، تار، ئىككى بېشى كېڭەيتىلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ قىزىل رەڭلىك. يانىڭ ئۇچلىرىدىكى قاپلىغۇچلار ئۆزۈن، تار، تۈز، ئۇچلىرى سەل - پەل ئېگىلگەن. بۇلارغا يول - يول تار قىزىل سىزىقچىلار چۈشۈرۈلگەن.

4-تىپ. سۆڭەك قاپلىغۇچلىرى يوقلار. جەمئىي 20 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۆكەل، 11-قورغان، 5-، 7-، 12-، 19-، 40-، 106-قەبرىلەر؛ 26-قورغان، 13-، 16-، 24-، 37-، 39-قەبرىلەر؛ 39-قورغان، 2-، 35-، 41-قەبرىلەر؛ 102 ~ 175-قورغانلار؛ قاراداش 1-قورغان، 1-قەبرە[16]. ۋ. دياكونوۋانىڭ مەلۇماتى بويىچە يالارنىڭ ئۆلچىمى 60-96 س م[17].

ئوقيالارنىڭ ھەممە نۇسخىلىرىدا يالارنىڭ شەكلى ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمى (تۇتقىسى) كەڭ، تراپېتسىيە شەكلىدە بولۇپ، يانىڭ غولى ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە قاراپ پاراللېل ھالەتتە ئېگىلگەن؛ ياپىلاق ۋە كەڭ بېشى يا غولى ئارقىلىق ئىككى يانغا كېرىلىپ، ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە كۆپتۇرۇلگەن؛ يانىڭ ئىككى ئۇچى ئۇزۇن ۋە تار بولۇپ، ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە يۈزلەنگەن. شۇڭا، قاراداشتىن تېپىلغان ئوقيانىڭ ل. كىزلاسوۋ تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشىنى ئۇتۇقلۇق چىققان دېگىلى بولمايدۇ[18]. ئاپتور ئوبدان ئويلاشماستىنلا يانىڭ ئىككى بېشىنى سۇنۇپ كەتكەن ئورنىدىنلا بىرلەشتۇرۇپ قويغان ۋە ئوتتۇرا قىسمى يوق، پۈتۈنلەي خاتا ھالەتتىكى «ئوقيا مودېلىنىڭ سخېمىسىنى» سىزىپ چىققان[19]. كىزلاسوۋنىڭ قىياسىچە، ئوقيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى ياپىلاق ۋە كەڭ بولغانمىش[20]. ۋەھالەنكى، ئۇنداق بولغاندا بۇ ئوقيانى قولدا تۇتۇش مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى كىرىچ تارتىلغاندىكى ئاساسلىق كۈچىنىڭ دەل ئاشۇ ئوتتۇرا قىسمىغا مەركەزلىشىدۇ[21]. بىر قىسىم ئوقيالارنىڭ يالىرى بىر پۈتۈن ياغاچتىن ياسالغان بولسىمۇ، بىر نەچچە تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىلغان (ئوتتۇرا قىسمى، مۈرە شەكلىدىكى ئەگمەچ قىسمى، باش قىسمى)[22]. كۆكەل ئوقيالىرىنىڭ يا شەكلى ئىنتايىن مۇكەممەل كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇلار

قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ھۇن ئوقيالىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ [23]. چوڭ ساغلىن سۇرەتلىرىدە كۆكەل ئوقيالىرىغا ئوخشايدىغان ئوقيالار سىزىلغان.

سۆڭەك قاپلىغۇچلۇق كۆكەل ئوقيالىرىنىڭ شەكىللىرى ھۇنلارنىڭ بەزى ئاتقۇچى قورالللىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ [24]. بۇ كۆكەللىكلەرنىڭ ھۇن مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆكەل كۆچمەنلىرى ئاتقۇچى قورالالار قۇرۇلمىسىغا بىر قاتار تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. ئالايلۇق، بەزى ئوقيالاردا يانىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە قارشى تەرىپىگە سەل ئېگىلگەن، ئىككى بېشى ئۇزۇن، مۇرە شەكلىدىكى قىسىملىرى كەڭ ۋە ياپىلاق. كۆكەل ئوقيالىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلما قىسىملىرى ۋە سۆڭەك دېتاللىرى مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ قالدى.

كۆكەل ئوقيالىرىدا ساقلىنىپ قالغان يا نۇسخىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ناھايىتى توغرا سىممېترىك ھالەتتە بولغان. يەنە ئوقيانى ساداققا سېلىۋالغان چەۋەندازلارنىڭ رەسىملىرى بار.

## ئوق باشاقلىرى

كۆكەل يادىكارلىقلىرىدىكى قورال - جابدۇقلار ئىچىدە ئوق باشاقلىرى ئەڭ كۆپ. ياسالغان ماتېرىياللىرى بويىچە ئۇلار تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: تۆمۈر، مىس، سۆڭەك، ياغاچ باشاقلار. بىز بۇلارنىڭ كېيىنكىلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز، چۈنكى ئۇلار پەقەت ئۇششاق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقىلا ئىشلىتىلگەن. تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىر خىللا بولۇپ، ھەممىسى ساپاقلىق، ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە گۇرۇپپىلارغا، ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ يانلىق باشاقلار، يەتتە تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي 102 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: باي-داغ، 86 ـ قورغان؛ قاراداش، 1 ـ قورغان، 1 ـ قەبرە، خاراداغ باجى، 1 ـ، 2 ـ گۆرلەر؛ كۆكەل، 7ـ، 8ـ، 11ـ، 26 ـ، 34 ـ، 37 ـ، 39 ـ، 40 ـ، 65 ـ، 68ـ، 69ـ، 124ـ قورغانلار؛ 2 ـ گۆر ㉕. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ. بەزى نۇسخىلارنىڭ سۆڭەك ياكى ياغاچ ئىسقۇتقۇچلىرى بار.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 80 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قاراداش، 1 ـ قورغان، سىن چۇرەك، 1 ـ قورغان؛ خاراداغ باجى، 1 ـ گۆر؛ چېرچارىق، 47 ـ قورغان؛ ئۇيۇق تارلىق، 58 ـ قورغان؛ شۇرمەك تەي، 1 ـ قورغان؛ كۆكەل، 4ـ، 7ـ، 8ـ، 11 ـ، 12 ـ، 26 ـ، 34 ـ، 37 ـ، 39ـ، 40ـ، 57ـ، 69 ـ، 170 ـ قورغانلار؛ 2 ـ گۆر㉖. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ. بەزى نۇسخىلار-نىڭ سۆكەڭ ئىسقىرتقۇچلىرى بار.

3 ـ تىپ. قاتلاملىق. جەمئىي 49 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندى-كى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: خاراداغ باجى، 1 ـ گۆر؛ چېر-چارق، 47 ـ قورغان؛ كۆكەل، 7 ـ، 8 ـ، 11 ـ، 26 ـ، 28 ـ، 37 ـ، 39 ـ، 65 ـ، 68 ـ قورغانلار ㉗. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان، قاناتچىلىرى بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، يانتۇ ياكى يۇمىلاق شەكىلدە. بەزى نۇسخىلاردا ئوق ئۇچى قاناتچىلار-

دىن ئۈچ بۇلۇڭ ياكى تراپېتسىيە شەكلىدىكى كېسىكچىلەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئايرىم ساندىكىلىرىنىڭ سۆڭەك ئىسقىرتقۇچىلىرى بار.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭ شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 4 ـ، 7 ـ، 34 ـ، 65 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان تۆت نۇسخا ㉘. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ. بىر قىسىم نۇسخىلارنىڭ يانلىرىدا دۈگىلەك تۆشۈكچىلىرى بار.

5 ـ تىپ. ئوق گەۋدىسى ئايرىم ئورنىتىلغانلار. كۆكەل يادىكارلىقى، 11 ـ، 37 ـ، 39 ـ، 65 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان 22 نۇسخا ㉙. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغان، ئاياغ قىسمى ئۇزۇنراق. بەزى نۇسخىلارنىڭ سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلىرى بار.

6 ـ تىپ. ئېللىپس شەكلىدە. جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بايداغ، 7 ـ قورغان؛ كۆكەل، 26 ـ، 65 ـ قورغانلار ㉚. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يۇمىلاق كەلگەن.

7 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 26 ـ، 27 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ㉛. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكلىدە. كۆكەل يادىكار-

لىقى 26 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا ㉜. ئوق گەۋدىسى-نىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇ-قى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قىرلىرى پارال-لېل، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. كۆكەل، 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉝. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ گۇرۇپپا. دۈگىلەك باشاقلار، بىر تىپ. قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉞. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

4 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكىلدىكى باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. تومتاقلار. جەمئىي سەككىز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: خاراداغ باجى، 1 ـ، 2 ـ گۆرلەر؛ كۆكەل 11 ـ، 26 ـ، 39 ـ قورغانلار ㉟. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تومتاق، قىرلىرى پاراللېل، يانتۇ، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. ئوق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغانلار. ئايمىرلىغ يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㊱. ئوق گەۋدىسى ئۇزۇنلۇ-قى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكىلدە، سەپلەنمە بېشى ئايرىلىپ تۇرى-دۇ، ئاياغ قىسمى سوزۇلغان.

5 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 ـ تىپ. تومتاقلار. جەمئىي توققۇز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەن-دىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قاراداش، 1 ـ قورغان، 1 ـ قەبرە؛ ئۆيۈق، 160 ـ قورغان؛ خاراداغ باجى، 1 ـ گۆر؛

كۆكەل، 26 ـ 37 ـ قورغانلار ⑨. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تومتاق. يانلىرى يانتۇ. قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 64 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑨. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م.

3 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 12 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑩. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇپ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

مىس ئوق باشاقلىرى ساپاقسىز ۋە ساپاقلىق دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ، ساپاقسىز باشاقلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گورۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گورۇپپا. ئىككى يانلىق باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق ئېللىپسىمان. كۆكەل يادىكارلىقى 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑩. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇپ شەكلىدە، قاناتچىلىرى سىلىق ئەگرى، تۆشۈك ئورنى بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، چەتلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە كېسىلگەن.

ساپاقلىق باشاقلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گورۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گورۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بولۇك شەكلىدە. قارا چوغا يادىكارلىقى 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑪. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى سىلىق ئەگىم، يانلىرى پارال-

لىبل، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑫. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتـ چىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى 26 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑬. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى ئۇزۇنچاق تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

4 ـ تىپ. قاتلاملىقلار. كۆكەل يادىكارلىقى 26 ـ قورغانـ دىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑭. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان، گىرۋەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، قاناتچىلىرى يانتۇ.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى بىر تۈرلۈك، يەنى ھەممىسى ساپاقـ لىق بولۇپ، بىر گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. كۆكەل يادىكارلىقى، 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىـ رى يانتۇ.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 12 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىن چۆرەك، 24 ـ قورغان؛ كۆكەل، 8 ـ، 11 ـ، 26 ـ، 34 ـ، 39 ـ قەبرىلەر ⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى

1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى ياتتۇ. بەزى نۇسخىلارنىڭ يۈزىدە كرىستا-سىمان بەلگىلەر چېكىلگەن.

مۇتەخەسسىسلەر كۆكەل ئوق باشاقلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1962 - يىلى س. ۋاينشتېين كۆكەل قەبرىستانلىقىنى قېزىشتا تېپىلغان ئوق باشاقلىرىنى سىستېما-لاشتۇرغان ⑰. ئۇ مىستىن ياسالغان ئوق باشاقلىرىنى ئىككى تىپقا، تۆمۈردىن ياسالغانلىرىنى تۆت تىپقا، سۆڭەكتىن ياسالغان-لىرىنى بىر تىپقا ئايرىغان. تەبىئىيكى، بۇنداق تۈرگە ئايرىش مۇكەممەل ئەمەس. ل. كىزلاسوۋمۇ شۇ خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى ⑱. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىلەن ھېسابلاشماي، ئىزدىنىش جەريانىدا خاتا يولغا كىرىپ قالدى. كىزلاسوۋ ئوق دەستىسىدىكى ھەرقايسى قىسىم-لارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن، بۇرۇندىن مە-لۇم بولغان مىس، تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوق تىپلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئاتالمىش تۆمۈشۇقسىمان ياكى كۆزسىمان ئوقلارنى ئايرىپ كۆرسەتكەن ⑲.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بارلىق ماتېرىياللارنى ھېسابقا ئې-لىش ۋە ئوق باشاقلىرىنى تۈرگە ئايرىشتىكى زامانىۋى ئۇسۇللار-نى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ قورالارنىڭ تەرەققىياتىدىكى قانۇنى-يەتلەرنى ئېنىقلاشتا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. كۆكەل كۆچمەنلىرى-نىڭ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى ئىچىدە مىس ئوق باشاقلىرى بەك ئاز. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر قىسىم ساپاقلىق باشاق تىپلىرىنىڭ (ئۇزۇنچاق بەش بولۇڭلۇق، غەيرىي سىممېت-رىك رومبا شەكىللىك، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك، قاتلام-لىق) ئالدىنقى دەۋر يادىكارلىقلىرىدا بىۋاستە تەڭداشلىرى تې-پىلمايدۇ. ساپاقسىز ئىككى يانلىق ئۇزۇنچاق ئېللىپسسىمان باشاق ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنى تۇۋا تېررىتورىيىسىدىكى ساك

مەدەنىيىتى بىلەن چېتىشلىقى بار دېگىلى بولمايدۇ. مىس ئوقلار-
نىڭ بۇنداق تىپلىرى ھۇنلاردىمۇ بولمىغان. مىس ئوقلارنىڭ بەزى
شەكىللىرى (غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىرى، سوزۇنچاق
رومبا شەكىللىرى، قاتلاملىقلار) ئەسلىدە پەقەت تۆمۈر ئوقلاردى-
لا كۆرۈلەتتى. بۇ خىل نۇسخىلار تۆمۈر پروتوتىپلارغا ئاساسلى-
نىپ ياسالغان، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويساق يېڭىلىك قىلى-
غان بولمايمىز. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەينى دەۋردىكى مىس ئوقلار
كۆپ ھاللاردا زىننەت بۇيۇمى تەرىقىسىدە ساقلانغان بولۇشى مۇم-
كىن. شۇنداقتىمۇ، ئېھتىمالغا يېقىنراق بولغىنى شۇكى، بۇ
خىل ئەھۋالدا مىس ئوقلار تۆمۈر ئوقلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقى-
رىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە شەكىل جەھەتتە بۇ ئىككى
تۈرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانى يۈز بەرگەن بولۇشىمۇ
مۇمكىن.

تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپولوگىيىلىك تۈرلىرى ۋە سانى
مىس باشاقلاردىن خېلى كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ يانلىقلار
يەتتە تىپ، تۆت قىرلىقلار ئىككى تىپ، دۈگىلەكلەر بىر تىپ،
لىنزا شەكىللىكلەر ئىككى تىپ، ياپىلاقلار ئۈچ تىپ. ساۋۇت
كىيگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان باشاق-
لارنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ كۆپ (188 نىڭ ئىچىدە 174ى شۇن-
داق) ۋە تىپ سانىمۇ كۆپ (15 نىڭ ئىچىدە 10 ى شۇنداق)
ئۈچ يانلىق باشاقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان غەي-
رىي سىممېترىك رومبا شەكىلدىكى، سوزۇنچاق رومبا شەكىلدى-
كى، قاتلاملىقلار، ئۇزۇنچاق ـ ئالتە بۇلۇڭلۇقلار ۋە ئوق بېشى
ئايرىم بولغان شەكىللەردىكى تىپلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركلەر
ۋە باشقا ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان.
باشقا تىپلاردىكى باشاقلار، جۈملىدىن كۆكەل قەبىلىلىرىگە خاس
بولغان ئېللىپسىمانلار ئايرىم ساندىكى نۇسخىلاردا ئۇچرايدۇ.
كۆرسىتىلگەن تىپلار ئىچىدىكى ياپىلاق ئوقلار داۋاملىق ئىشلىتى-

لىپ، كېيىنچە راۋاجلانغان ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىمۇ، يەنى مىلا-
دىيە 2 ـ مىڭ يىلدىمۇ كەڭ تارقالغان. كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ
توسۇقنى بۆسكۈچى ئوقلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، تۈرلۈك
شەكىللىرى بار. شۇ خىل ئوقلارنىڭ تۆت قىرلىقلىرى مىلادىيە
1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يادىكارلىقلاردا، لىنزا شەكلىدىكى
ئوق بېشىنىڭ ئايرىملىرى تۆۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر لەخمە يادىكار-
لىقلىرىدا كۆرۈلىدۇ؛ لىنزا شەكلىدىكى ۋە دۈگىلەك سوزۇلما
رومبا شەكلىدىكىلىرى كۆكەل مەدەنىيىتىگە خاس. توسۇقنى
بۆسكۈچى ئوقلار ئىچىدە مۇنداقلىرى بار: ئىككى تىپتىكى باشاق-
لارنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىۋېرسال بولۇپ، مېتال قاسراقلىق ساۋۇت-
نى بۆسۈشكە مۆلچەرلەنگەن، ئىككى تىپ (تۆت قىرلىق سوزۇلما
رومبا شەكلىدىكى ۋە دۈگىلەك ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى)
ساۋۇت ھالقىلىرىنى ئايرىۋېتىشكە ۋە بىر تىپ (لىنزا شەكلىدىكى
تومتاقلار) ساۋۇت ھالقىلىرىنى ئۈزۈشكە ئىشلىتىلگەن.

كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ سۆڭەك ئوقلىرى كۆپ ئەمەس ۋە
ھەممىسى بىر خىل. بەزى ھاللاردا ئۇلار دەپنە قىلىنغانلارنىڭ
سۆڭەكلىرى ئارىسىدىن تېپىلغان.

كۆكەل ئوقلىرىنىڭ تىپولوگىيە جەھەتتىكى تۈر دائىرىسى
ناھايىتى كەڭ. ئۇلارنى ھون ئوقلىرىنىڭ تۈرلىرى بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا پەرقنىڭ خېلى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولى-
دۇ. بۇ ئىككى تۈردىكى مىس ئوقلار كەسكىن پەرقلىنىدۇ.
تۆمۈر ئوقلار ئىچىدە ئۈچ يانلىقلاردىن تۆت تىپ، تۆت قىرلىقلار-
دىن بىر تىپ، ياپىلاقلاردىن ئىككى تىپ ئورتاقلىقا ئىگە. باشقى-
لىرى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ساقلىغان. سۆڭەك
ئوقلار تىپولوگىيىلىك تەركىبى جەھەتتىمۇ، ۋەكىللىك خاراكتې-
رى جەھەتتىمۇ تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ھون
ئوقلىرىغا قارىغاندا كۆكەل ئوقلىرى خېلى ئىلغار كۆرۈنىدۇ:
كۆكەل ئوقلىرىنىڭ تىپلىرى كۆپ بولۇپ، كېيىنكى دەۋرىدىمۇ

داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. ئېھتىمال، بۇنداق پەرقلەر ۋاقىت تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كۆكەل ئوقلىرى ھۇن ئوقلىرىدىن خېلى كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغان. بۇنداق يەكۈن يەر قاتلاملىرى ئىلمى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى.

تېشىپ قويۇلغان كاۋاك سۆڭەك شارچىلار، يەنى ئىسقىرتقۇچلار كۆكەل ئوقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىسقىرتقۇچلار كۆپىنچە ئۈچ يانلىق تۆمۈر ئوقلاردا ۋە قىسمەن مىس ئوق باشاقلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئوق نۇسخىلىرىدا ئىسقىرتقۇچلار پۈتۈن كېسىلگەن بولۇپ، ياغاچ دەستىسى بار؛ تۆشۈكچىلىرى ۋە چەتلىرى بوياپ قويۇلغان. ئىسقىرتقۇچلار ئۇچقاندا ئاۋاز چىقىرىپ، دۈشمەننى قورقۇتۇش ۋە دەستىنىڭ تىلىنغان قىسمىنى چىڭىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. شۇڭا، ل. كىزلاسوۋنىڭ ئىسقىرتقۇچلارنى ئاتالمىش سىگنال ئوقلارنىڭ «كۆزلىرى» دەپ چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ [50]. ئۇنىڭ سايان ـ ئالتايدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كەلتۈرگەن مىساللىرى تولىمۇ يۈزەكى خاراكتېرگە ئىگە [51].

كۆكەل مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇنچە يادىكارلىقلىرىدا ئوقلارنىڭ دەستىلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن (قېيىن ياكى تال ياغىچىدىن) ياسالغان بولۇپ، كېسىلىشى يۇمىلاق، ئاياغ تەرىپى كىرىچ ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. بەزى نۇسخىلاردا دەستىنىڭ باشاق بېكىتىلىدىغان ئۇچىغا يېقىن جايىغا ۋە ئاياغ تەرىپىگە رەڭلىك سىزىقچىلار سىزىپ قويۇلغان. بۇلارنىڭ تولىسى كەڭ يول ـ يول سىزىقلار بولۇپ، دەستىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئوخشاش ئورۇنلارغا سىزىلغان [52]. ئاز بىر قىسمىغا رەڭلىرى نۆۋەتلەشتۈرۈپ سىزىلغان تار سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. ئايرىم ساندىكى دەستىلەر پۈتۈن بويال-

غان بولۇپ، سىزىقچىلىرى باشقا رەڭدە سىزىلغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىزىقلارنىڭ مەلۇم فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىسى بولغانىدەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئوقلار سادا‌قىقا باشاقلىرى تۆۋەن قىلىپ سېلىنغان بولسا، سىزىقلارغا قاراپ ئوق تۇرلىرىنى ئايرىۋالغىلى بولاتتى.

كۆكەل ئوقلىرىنىڭ ئىچىدە يوغانلۇق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىدىغان ئۇيۇل ياغاچ باشاقلارمۇ بار. شۇنداقتىمۇ، مىتال باشاق بولمىغانلىقىغا قاراپلا بۇلارنى ئوۋچىلىق ئوقلىرى دەپ مۇتلەقلەشتۇرۇشكە بولمايدۇ. ل. كىزلاسوۋنىڭ «سۇ قۇشلىرىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان» [53]، كۆزى بار تۇمشۇقلۇق ئوقلار بولغان دېگەن پىكرىگە تېخىمۇ قوشۇلۇشقا بولمايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا پەرەز. «قۇش بېشى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە تۆشۈكچىلىرى ۋە چەتلىرى بوياپ قويۇلغان ئىسقىرتقۇچتىن ئىبارەت، «تۇمشۇق» دېگىنى بولسا، دەستىنىنىڭ ساپاقسىز مىس باشاققا كىرگۈزۈلىدىغان ئۇچلانغان بېشىدىن ئىبارەت [54]. كۆكەلدە بۇ خىل ئوق نۇسخىلىرىنىڭ سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلىرى بار. دېمەك، بۇنداق نۇسخىلارنى ئوۋدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ [55].

ئۇلارنىڭ دەستىلىرىنىڭ پەيلىرى ساقلىنىپ قالمىغان. قانداق شەكىلدە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

## سادا‌قلار

كۆكەل كۆچمەنلىرى ئوقلىرىنى سادا‌قلارغا سېلىپ يۈرەتتى. گۆرلەردە سادا‌قلارنىڭ دۇگىلەك ياكى ئېلليپس شەكلىدىكى تۆۋى ۋە تۆمۈر ئىلمەكلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. تۇۋ قارىغاندا، كۆكەل سادا‌قلىرى سىلىندىرسىمان بولۇپ، قېيىن پوستىدىن ياسالغان. ئاستىنقى قىسمى ياغاچ تۇۋگە بېكىتىلگەن [56]. كۆكەل سادا‌قلىرىنىڭ قاپقىقى بولغان ـ بولمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى

قىسمىنىڭ شەكلى قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. سادافلارغا ئوقلار باشىقى تۆۋەنگە قىلىپ سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، باشاقلارنىڭ فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىلىرىنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن دەستىلىرىگە رەڭلىك بالداقلار سىزىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سادافلار كەمەرگە قىيپاش ھالەتتە ئېسىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار كەمەرگە تاسما ۋە ئىلمەكلەر بىلەن بېكىتىلگەن. ئىلمەكلەرنىڭ ئىككى ئۇچى جۈپلەشتۈرۈلگەن ياكى ئايرىلىپ تۇرغان سىرتماقلىرى بار ئىدى ⑰.

كۆكەل يادىكارلىقلىرىدا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ.

## تۆز قىلىچلار

كۆكەل يادىكارلىقلىرىدا ئۆزۈن تۆز قىلىچلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەن تۆمۈر نۇسخىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزىلىرىنىڭ ياغاچ دەستىسى ۋە قىنلىرىمۇ ساقلانغان. كۆكەل قىلىچلىرىنىڭ نۇسخىلىرى تىغنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەممىسى ئۈچ قىرلىق، ئۈچ تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. دەستە توسۇقى يوقلار. جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: خاراداغ باجى، 1 ـ گۆر؛ شۇرمەك تەي، 1 ـ قورغان؛ كۆكەل، 11 ـ، 12 ـ، 32 ـ قورغانلار⑱. تىغ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 س م، كەڭلىكى 2 س م، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 س م. بۇ خىل قىلىچ نۇسخىلىرىنىڭ تىغى تۆز ۋە يەككە بىسلىق، دەستىسىمۇ تۆز، توسۇقى يوق، باش قىسمى ھالقا شەكلىدە.

2 ـ تىپ. تۆز بالداقسىمان توسۇقى بارلار. كۆكەل يادىكارلىقى 32 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا⑲. تىغ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 س م، كەڭلىكى 2 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى تەخمى-

نەن 12س م. بۇ قىلىچ نۇسخىلىرىنىڭ تىغى تۈز، يەككە بىسلىق، تۈز بالداقسىمان تۇسۇقى بار، دەستىسى قوۋۇرغىسىمان ياغاچ، باش قىسمى يېرىم يۇمىلاق ياغاچ. تۇسۇق، دەستە ۋە دەستە بېشى بىر پۈتۈن ياغاچتىن ياسالغان.

3 ـ تىپ. تۈز بەش بۇلۇڭ شەكلىدىكى تۇسۇقى بار. كۆكەل يادىكارلىقى 7 ـ، 145 ـ، 175 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئالتە نۇسخا [60]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 9 س م، كەڭلىكى 2 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 9 س م. بۇ قىلىچ نۇسخىلىرىنىڭ تىغى تۈز، يەككە بىسلىق، دەستىسى ياغاچ، تۇسۇقى تۈز، باش قىسمى ئۇچلۇقراق. بەزى نۇسخىلارنىڭ دەستە يۈزى قوۋۇرغىسىمان. تۇسۇق، دەستە ۋە دەستە بېشى بىر پۈتۈن ياغاچتىن ياسالغان.

چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قورال نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تولۇق ساقلانمىغان. شۇڭا، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىشقا ئىمكانىيەت يوق.

كۆكەل تۈز قىلىچلىرى بەزىدە خاتا ھالدا ئەگرى قىلىچ دەپ ئاتىلىپ، مەخسۇس ئەسەرلەردە تەكرار تىلغا ئېلىنىدۇ [61]. ھالبۇكى، كۆكەل جەڭچىلىرىنىڭ جەڭ ۋاسىتىلىرى ئىچىدىكى بۇ قورال تۈرىنىڭ تىپولوگىيە ۋە تېخنىكىلىق ئىقتىدارلىرى ھەققىدىكى مەسىلىلەر تېخىچە ئېنىقلانماي تۇرماقتا. تەبىئىيكى، تولۇقسىز ئەۋرىشكىلەر بويىچە قىلىچۋازلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ئەمەلدىكى ئىمكانىيەت دائىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئاسان ئەمەس. كۆكەل تۈز قىلىچلىرى ئاساسەن سانجىش ئۈچۈن، بەلكىم چېپىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە قوچاقلاشما جەڭلەر شارائىتىدا ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەر سەپلىرىدە ئوخشاشلا ئىشلىتىلگەن. چېپىش زەربىسىنى قايتۇرۇشقا مۆلچەرلەنمىگەن تۇسۇقلار ۋە قوۋۇرغىسىمان دەستىلەرنىڭ بولغىنىدىن قارىغاندا، بۇ تۈز قىلىچلار سانجىپ زەربە بېرىشكە تولاراق ماسلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەستە بېشىنىڭ يوغان-

-راق بولۇپ ئايرىلىپ تۇرۇشى، بولۇپمۇ ھالقا شەكلىدە بولۇشى چېپىپ زەربە بەرگەندە قولنىڭ سىيرىلىپ كېتىشىنى توسىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كۆكەل جەڭچىلىرىنىڭ قىلىچۋازلىقىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىدىنمۇ پايدىلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بېزەك دېتاللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، تىغلارنىڭ بىر خىل بولغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ قورال تۇرىنى نىسبەتەن مۇقىملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. يۇرۇشلەردە تىغلارنى سېلىشقا لازىم بولىدىغان غىلاپلار چاپقۇچى - سانجىغۇچى قورال تۈسخىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان. كۆپىنچە قىلىچ قىنلىرىنىڭ سىرتقى يۈزى مۇرەككەپ بولۇپ، قاپارتما نەقىشلەر، ھەر خىل بېزەك دېتاللىرى، تۇرلۇك گېئومېتىرىك نەقىشلەر بىلەن قاپلانغان. تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان يېرىق ۋە تۆشۈكلەرنىڭ بولغىنىدىن قارىغاندا، قىلىچلار يەلكە تاسمىلىرىغا ئېسىلىپ، كەمەرگە بېكىتىلگەن. ئۇزاققا يۈرۈش قىلغاندا، قىلىچ تىك ئېسىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئوتتۇرا قىسمىدا ھالقا يوق. بەزى قىنلارنىڭ تۆۋەندىكى قىسمى كەڭرەك بولۇپ، تۆشۈكى بار. قارىغاندا، ئۇلار خۇددى سكىف (ساك) ۋە سارمات كۆچمەنلىرىگە ئوخشاش بوغقۇچ بىلەن كەمەرگە باغلاپ قويۇلىدىغان بولسا كېرەك. روشەنكى، كۆكەل قىلىچلىرى ساز- جىش ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان قىسقىراق تىغلاردىن ئىبا- رەت.

نەقىش ۋە بېزەكلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، تىغلىق قوراللارنى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆرسىتىدىغان بەل- گىلەردىن بىرى بولغان دېيىش مۇمكىن. دەپنە ئىشلىرىغا مۇنا- سىۋەتلىك ماتېرىياللاردىنمۇ شۇنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆكەل «قىلىچۋازلىرى» ئەڭ ياخشى قوراللانغان ۋە توققۇزى تەل جەڭ- چىلەر ئىدى (ئۇلاردا يېقىن ۋە يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى تولۇق ئىدى). ئۇلار كۆكەل جەمئىيىتىنىڭ خىللان- غان ئەسكىرىي قىسىملىرى ئىدى. ئۇلاردا ھۇجۇم قوراللىرىنىڭ

ھەممە تۈرلىرى تولۇق بولغان: ئوقيا، ئوق ۋە ساداق، تۆز قىلىچ، خەنجەر، ئۆزۈن ۋە قىسقا نەيزىلەر دېگەندەك.

ل. كىزلاسوۋ قىلىچ ۋە خەنجەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەرك-ەكلەر ۋە جەڭچىلەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، دەپ ھېساب-لايدۇ [62]. بۇنى پۈتۈنلەي توغرا دېگىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، كۆكەل قەبرىستانلىقى قورغانلىرىدىكى بىر گۆردىن قىلىچ ۋە خەنجەر ياكى يالغۇز قىلىچ ياكى ئىككى قىلىچ ۋە بىر خەنجەر تېپىلغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خىل پەرقلەر قورال ئىشلە-تىش ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، بەلكى دەپنە ئۆدۇم-لىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۆزۈن ۋە قىسقا نەيزىلەر

ئۆزۈن ۋە قىسقا نەيزە باشاقلىرى كۆكەل يادىكارلىقلىرىدا خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالى جەھەتتە ئۇلار بىر تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈر، ساپلىنىش شەكلى جەھەتتە بىر تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى ساپاقسىز. نەشتى-رىنىڭ كېسىلىشى بويىچە ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا، نەشتەر شەك-لى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە. جەمئىي 13 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قاراداش، 1 ـ قورغان، 1 ـ قەبرە؛ سىن چۇرەك، 24 ـ قورغان؛ كۆكەل، 26 ـ، 37 ـ، 40 ـ قەبرىلەر [63]. نەشتەر ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 5 س م. باشاق نەشتىرى تار بۇلۇڭ شەكلىدە (ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ)، كونۇس شەكلىدى-كى تۆشۈككە تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. بىر مۇنچە نۇسخىلارنىڭ ئۇچلى-رى سۇنۇپ كەتكەن.

2 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 10 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: شۇرمەك تەي، 1 ـ قورغان؛ خاراداغ باجى، 2 ـ گۆر؛ كۆكەل، 4 ـ، 8 ـ، 12 ـ، 26 ـ، 37 ـ، 68 ـ قورغانلار [64]. نەشتەر ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 7.5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى كونۇسسىمان. بىر مۇنچە نۇسخىلارنىڭ ئۇچلىرى سۇنۇپ كەتكەن.

2 ـ تىپ. ئېللىپسسىمانلار، كۆكەل، 11 ـ، 37 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئالتە نۇسخا [65]. نەشتەر ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 9 س م. باشاق ئۇچى ياپپاڭ، نەشتىرى قىسقا، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى كونۇسسىمان.

3 ـ تىپ. قوش قاتلاملىقلار. كۆكەل، 7 ـ، 11 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا [66]. نەشتەر ئۇزۇنلۇقى 5.7 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 4.5 س م. باشاق ئۇچى ياپپاڭ، نەشتىرى سوزۇنچاق ۋە قوش قاتلاملىق بولۇپ، ئۇچى ياپپاڭ، قاناتچىلىرى ئەگرى، تۆشۈكى كونۇسسىمان.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇق. كۆكەل، 11 ـ، 26 ـ، 37 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئالتە نۇسخا [67]. نەشتەر ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل بولۇپ، سىلىندىر شەكلىدىكى تۆشۈككە تۇتىشىدۇ.

ئىلمىي ئەسەرلەردە كۆكەل نەيزىرىلىرى تەكرار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنى تەكشۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلمىدى [68]. ھالبۇكى، تېپىلمىلار سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تىپولوگىيىلىك پەرقلىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن قارىغاندا، ياغاچ ساپلىق سانجىغۇچى قوراللار كۆكەل جەڭچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولغان، دەپ قى-

ياس قىلىش مۇمكىن. شۇ ئارقىلىق كۆكەل چەۋەندازلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى ۋە زامانداشلىرىدىن، جۈملىدىن ھۇنلار ۋە تاشتىقلاردىن خېلى پەرقلىنىپ تۇرغان. كۆكەل ياغاچ ساپلىق قوراللىرى ئىچىدە توسۇق يارغۇچى تىپىدىكىلەر شۇنداقلا توسۇقسىز دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغانلىرىمۇ بار. قىيا تاش رەسىملىرىدىن قارىغاندا، كۆكەل چەۋەندازلىرى نەيزىنى سانجىش قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ۋە ئۇنى ئوڭ قولىنىڭ جەينىكى بىلەن بېقىنىغا قىسىپ، گورىزونتال ھالەتتە تۇتقان.

گۆرلەردە نەيزىلەر بىلەن بىللە تولاراق ۋە ئوقلار، قىسمەن ھاللاردا قىلىچلار تېپىلغان. بۇ قوراللارنى يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلار ئىشلەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. تېپىلمىلار ئىچىدە ئوقلارنىڭ ياغاچ دەستىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېسىلىشى يۇملاق، ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. رەسىملەردىن قارىغاندا، خېلى ئۇزۇن ساپلارمۇ بولغان. بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەڭچىنىڭ بويىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق [19]. ئاز بىر قىسىملىرىدا ساپلارنىڭ باش تەرەپلىرى يۆگىمەچ شەكلىدە نەقىش چېقىرىپ بوياپ قويۇلغان.

ھەممە نەيزىلەر كىچىكلىتىلگەن نۇسخىلىرى بويىچە تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە توغرا كۆز قاراشقا كېلىش تەس. سانجىيدىغان نەيزىلەر بىلەن بىر قاتاردا قول بىلەن ئاتىدىغان نەيزىلەرمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. گۆرلەردە يوغانراق نەيزىلەر بىلەن بىللە قويۇلغان كىچىك نەيزىلەر ئەنە شۇنداق قول بىلەن ئېتىشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## قوغدىنىش قوراللىرى

كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەت-

كەنلىكى ھەققىدە پەقەت ئۇزۇندە قىسقا مەلۇماتلار مەۋجۇت. مەخسۇس ئەسەرلەردە مۇنداق بايانلار بار: سىن - چۇرەك قەبرىستانلىقىدا (34 - قورغان، A گۆر) «سۆڭەكلەرنى تازىلىغاندا ھەر خىل تۆمۈر بۇيۇملار، جۇملىدىن پىچاق، ئوقلار، بىگىزلەر ۋە قاداقلار تېپىلغان. قاداقلار بەلكىم ساۋۇتلارنىڭ قاداقلىرى بولۇشى مۇمكىن» [70]. ئەپسۇسكى، ساۋۇتنىڭ شەكلى، قاداقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بېكىتىلىشى ھەققىدە بىر نېمە دېيەلمەيمىز. بىر گۆردىن تۆمۈر تاۋاقچىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق يېزىلغان: بۇ تاۋاقچە «تېرىدىن تىكىلگەن قوغدىنىش كىيىمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورنىتىلغان بولۇشى مۇمكىن» [71]. ل. كىزلاسوۋنىڭ ئەسىرىدە 6T — 59 — 5 قورغاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك ساۋۇتىدىن قالغان ئالتە دانە تۆمۈر قاداق خاتا ھالدا مەزكۇر دەۋرگە تەۋە دەپ كۆرسىتىلگەن [72]. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ قوغدىنىش كىيىملىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش خېلى تەسكە توختايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ھۇجۇم قوراللىرى راۋاجلانغان شارائىتتا زۆرۈر بولىدىغان غەيرىي مېتال قوغدىنىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ دەۋرگە كەلگەندە مېتال قاداقلىق قوغدىنىش بەلباغلىرىنى ئىشلىتىش ئەنئەنىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلدىن قالغان. ئايمىرلىغ قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئايرىم سانلاردىكى بۇنداق بۇيۇملار پەقەت بىزەك سۈپىتىدىلا لازىم قىلىنغان.

## قورال تۈرلىرى

كۆكەل جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىرى تۈرى ۋە تىپلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ قورال

تۆرلىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەنلىكىنى ۋە يېنىك قوراللانغان ئاتلىق جەڭچىلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ قوراللار يىغىندىسى تۈرلۈك شەكىللەردىكى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالار، مىس، تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقلار قېيىن پوستىدىن ياسالغان سىلىندىر شەكلىدىكى ساداقلارغا سېلىنغان. ئوقلارنىڭ تولىسىغا سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلار بېكىتىلگەن. جەڭچىلەر يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە قول بىلەن ئاتىدىغان ۋە ئۇرۇپ سانجىيدىغان نەيزىلەرنى، تۈز قىلىچلارنى، قوچاقلاشما جەڭلەردە خەنجەرلەرنى ئىشقا سالغان. جەڭچىلەر ئۆز بەدەنلىرىنى غەيرىي مېتال ساۋۇتلار بىلەن قوغدىغان بولسا كېرەك. بەزى قوال تۆرلىرى ئاتلىق جەڭچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدە بايقىلىدۇ.




3 ـ رەسىم كۆكەل جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى

مەزكۇر قورال تۈرلىرى ھۇن ۋە باشقا تائىپە قوراللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردىكى ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

ئەڭ ئالدى بىلەن يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. خۇسۇسەن، ئوقيالار بۇرۇنقى ھۇنچە شەكىللەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، ئەمما تۆمۈر ئوقلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇن قوراللىرىغا قارىغاندا كۆكەل قورال تۈرلىرىدە تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوقلارنىڭ سان سېلىشتۇرمىسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. شۈبھىسىزكى، كۆكەلنىڭ يىراق ئارىلىقتىن زەربە بېرىش ۋاستىلىرى ھۇنلارنىڭكىدىن ئۈنۈملۈكرەك بولغان.

يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. قىسقا ئارىلىقتا قول بىلەن ئاتىدىغان نەيزىلەر ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى ئۇرۇپ سانجىيدىغان نەيزىلەرنىڭ تارقىلىشىدىن يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قوشۇننىڭ يۈزمۇيۈز توقۇنۇشتىكى زەربە بېرىش كۈچىنىڭ خېلى ئۆسكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆكەل چەۋەندازلىرىنىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋە قۇچاقلاشما جەڭدە ئىشلىتىدىغان قورال تۈرلىرى يېتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۇن دەۋرىدىكى بەزى قورال تۈرلىرى (گۇرزە، پۇت قاپلىغۇچلار، بىلەك قاپلىغۇچلار، قوغدىنىش كەمەرلىرى) ئەمەلدىن قالغان.

دەپنە قىلىنغانلار ئىچىدە چاپقۇچى، سانجىغۇچى، قولدا ئاتقۇچى قوراللار بىلەن زەخمىلەندۇرۇلگەنلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قارىغاندا، كۆكەل كۆچمەنلىرى ئۇرۇش ئەمەلىيىتىگە كۆپ قاتناشقان. دائىملىق ئۇرۇشلار جەريانىدا كۆكەلچە جەڭ ۋاستىلىرى يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى كۈچەيتىش ۋە زەربە بەرگۈچى قوراللارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتى بويىچە مۇكەممەللىشىپ بارغان. بۇ قورال تۈرلىرى مىلادىيە

1 ـ 3 ـ ئەسىرلەردە مۇكەممەل ھالەتكە كەلگەن. ئەپسۇسكى، بىر پۈتۈن كۆكەل مەدەنىيىتى ۋە ئايرىم يادىكارلىقلارنىڭ خرونو-لوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخىچە مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرماقتا [78]. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆكەل قو-رال تۈرلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ۋاقىت شىمالىي ھۇن مەدە-نىيىتىنىڭ ئاخىرقى ئەسىرىگە، يەنى مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كۆكەل قورال تۈرلىرى كېيىنكى ۋاقىت-لاردىمۇ، بەلكىم مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تولۇق شەكىللىنىپ، مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە شۇ ئار-قىلىق مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەرەققى-ياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىنى توختىتىپ قويغان بولۇشى مۇم-كىن.

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

كۆكەل قەبىلىلىرىنىڭ تارىختا مەلۇم بولغان بىرەر ئېتنىك تۈركۇم بىلەن چېتىشلىقى بارلىقى تېخى ئېنىقلانمىدى. شۇڭا، شۇ دەۋردىكى كۆچمەن تۇۋا ئاھالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇن قۇرۇل-مىسى ھەققىدە بىرەرمۇ بىۋاسىتە مەلۇمات يوق. ئەھۋالدىن قارى-غاندا، كۆكەل قەبىلىلىرى شىمالىي ھۇن دۆلىتى يىمىرىلگەنگە قەدەر شۇلارنىڭ تەركىبىدە بولغان. كېيىنچە مۇستەقىللىققە ئې-رىشكەن بولسا كېرەك، چۈنكى تۇۋادىكى كۆكەل مەدەنىيىتى مەۋجۇتلۇقىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىغا دائىر ھېچقانداق يات مەدە-نىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىدى.

دەپنە ئادەتلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن قارىغاندا، دەپنە قىلىنغان ئەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوراللىرى بىلەن بىللە كۆمۈل-گەن. دېمەك، ئۇلار جەڭچى بولغان. يەنە كېلىپ ھېچقانداق مۈلكىي ۋە ئىجتىمائىي پەرقلىرى كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ يەر-

لەرگە ئادەتتىكى جەڭچىلەر كۆمۈلگەن دەپ ئويلاش مۇمكىن.
ئۇلارنىڭ قوراللىرى ھەر خىل: بەزىلىرىنىڭ ئوقياسىلا بار،
بەزىلىرىنىڭ ئوق، قولدا ئاتىدىغان ۋە سانجىيدىغان نەيزىلىرى،
يەنە بەزىلىرىنىڭ، جۇملىدىن «خىللانغان» جەڭچىلەرنىڭ ئوقيا،
نەيزە، قىلىچ، خەنجەرلىرى بار. قارىغاندا، كۆكەل قوشۇنى بىر
خىللا بولۇپ، ھەممىسى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملار
بولغان، لېكىن ئايرىم ئەترەتلەر «خىللانغان» ۋە ئادەتتىكى جەڭ-
چىلەردىن تەركىب تاپقان. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ئاياللار كۆ-
مۈلگەن بەزى گۆرلەردىمۇ ئوقلار ئۇچرايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا،
بۇنداقلار كۆپ ئەمەس، لېكىن بۇنىڭغا ئاساسەن كۆكەل ئاياللىرى-
مۇ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان، دېيىش مۇمكىن.

كۆكەل قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىللىنىش پرىنسىپلىرى تازا ئې-
نىق ئەمەس. قوشۇنلار ئۇرۇق - قەبىلە ئاساسىدا قۇرۇلغان
بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەرقايسى گۇرۇپپا ياكى قورغانلاردىكى
قەبرىستانلىق تەركىبى ۋە جەڭچىلەر سانى ئوخشاش ئەمەس.
كۆكەللىكلەر ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ تۈزۈلمە سىستېمىسى ۋە تەش-
كىللىنىشى بىلەن تونۇشلۇق بولغاچقا، يەنە كېلىپ بىر مەزگىل
ھۇنلارنىڭ تەركىبىدە تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلار تۈ-
زۈلمىسىدىكى مەلۇم پرىنسىپلارنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇم-
كىن. يازما مەنبە مەلۇماتلىرى يوق بولغاچقا، كۆكەل قەبىلىلە-
رى ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە بۇنىڭدىن ئار-
تۇق تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ.

## ئۇرۇش سەنئىتى

كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى مە-
لۇماتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش
سەنئىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

مەسىلىسىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بىز كۆكەللىكلەرنىڭ ئۆز مەۋ-
جۇتلۇقى داۋامىدا كىملەر بىلەن قانداق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بار-
غانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇ سەۋەب-
تىن، كۆكەل كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈشى تەخمىنلىك خاراكتېرگە ئىگە. كۆكەللىكلەردە يې-
نىك قوراللانغان ئاتلىق قوشۇننىڭ بولغىنىدىن قارىغاندا، ئۇلار-
نىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىدا يايما سەپ تۈزۈش ئۇسۇلى ئاساس-
لىق رول ئوينىغان. كۆكەل چەۋەندازلىرى دۈشمەن قوشۇنىنى
ئىككى ياندىن قورشىۋېلىشقا تىرىشىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە يېيىـ-
لىپ سەپ تۈزگەن ۋە ئوق يەتكۈدەك ئارىلىققا كەلگەندە ئوق
ياغدۇرغان. ئايرىم ئەترەتلەر دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ كەلگەن
ھەمدە يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ كەينىگە يانغان ۋە شۇ ئارقىلىق
دۈشمەننى قولايسىز ئورۇنغا ئالداپ كەلگەن ياكى ئۇلارنىڭ سەپ-
لىرىنى بۇزغان.

يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىدىغان قورال تۈرلىرى بولغانلىقى
ئۈچۈن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كۆكەللىكلەر ئومۇمىي
سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يېنىك نەيزىلەرنى ئاتقان، ئاندىن
ئاتلىق نەيزىۋازلار نەيزە ئېتىشقا باشلىغان. بۇنداق تاكتىكىلىق
ئۇسۇل كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەرمەي قالغاندا، نەيزە، قىلىچ ۋە
خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغانلار يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭگە ياكى
قوچاقلاشما جەڭگە كىرىشكەن.

قورال تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ
سۆڭەكلىرىدىكى قورال زەربىسىنىڭ ئىزلىرىدىن قارىغاندا، قو-
راللىق توقۇنۇشنىڭ ناھايىتى كەسكىن بولغانلىقىنى ۋە ھەرقايسى
قورال تۈرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بو-
لىدۇ. سۆڭەكلەر ئىچىدە ئوق باشاقلىرى تېپىلغان. باش سۆڭەك-
لىرى ۋە ئۇستىخانلاردا «ئەجەللىك زەربە ئىزلىرى بايقالغان
بولۇپ، ئۇلار جەزمەن قوراللىق توقۇنۇشلاردىن قالغان. باش ۋە

داس سۆڭەكلىرىدىكى تېشىلگەن جايلار مېتال ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان ئۈچ يانلىق ياكى رومبا شەكىللىك ئوق باشاقلىرىغا دەلمۇدەل ماس كېلىدۇ. قىلىچ بىلەن چېپىلغان يۈز سۆڭەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى بويۇن ئومۇرتقىلىرى ئارقا تەرەپتىن تولۇق ياكى قىسمەن چېپىلغان» [71]. بۇنىڭدىن دۈشمەنلەرگە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىلگەنلىكى ۋە سۆڭەكلەر ئىچىدە ئوق باشاقلىرىنىڭ بولغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇلار قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختاتقانلارنى ئاتقان، چاپقان ۋە ئۇلارغا نەيزە سانجىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۆكەللىكلەرنىڭ ئۇرۇش قائىدىلىرى ناھايىتى قاتتىق بولغان. بىر مۇنچە گۆرلەردە ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ باشسىز ئىسكىلىتلىرى ئۇچرايدۇ. روشەنكى، قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشلاردا ئۆلگەن.

يازما يادىكارلىقلاردا ئەينى دەۋردىكى (مىلادىيە 1 — 2 - ئەسىرلەردىكى) ھۇن، قىرغىز، تۇرا، سىيانپىلارنىڭ غەربىي موڭغۇلىيىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن بايانلار بەك مۇجمەل. ئەگەر مىنۇسىن ئويمانلىقىنى تۇرالارنىڭ ماكانى بولغان دەپ ھېسابلىساق، يۇقىرىقى قەبىلىلەر ئىشتىراكىدىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى كۆكەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئەينى دەۋردە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ تۇۋادا بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئالامەت بايقالمىدى. كۆكەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تاشقى كېڭەيمىچىلىكى ھەققىدىمۇ پاكىت يوق. لېكىن بۇنداق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇش سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشى تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئېھتىمالغا يېقىن بولغىنى شۇكى، كۆكەل قەبىلىلىرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى ئۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان

بولۇپ، بۇلاڭچىلىق ۋە قىساسكارلىققا ئوخشاش سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇكى، كۆكەل يادىكارلىقلىرى بىر ئورۇن دائىرىسىگىلا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلاردا يات مەدەنىيەتنىڭ نەرسىلىرى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. كېيىنكىلىرى ئاساسەن خەن زېمىنىنىڭ بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن. دەپنە قىلىنغانلارنىڭ يارا ئىزلىرىدىن قارىغاندا، كۆكەللىكلەرنىڭ ھۇجۇم قوراللىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار سۆڭەك ئوق باشاقلىرىنى يات مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق يەكۈن قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ بىرەر تاشقى يۆنىلىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئاساس بولالىغۇدەك دەرىجىدە ئىسپاتلانمىدى.

تۆۋا تېررىتورىيىسىدە ھۇن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان دەۋردىكى كۆكەل كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. كۆكەللىكلەر سايان تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ سوزۇلغان شىمالىي چېگرىلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا شۇ جايلاردىن باشلاپ جەنۇبتىكى يېنىسەي ئېقىنلىرىنى بويلاپ تاشتىق قەبىلىلىرى ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى.

كۆكەل قەبىلىلىرى ئۆزلىرى مۇستەقىللىق دەۋرىدە ئورۇش سەنئىتىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر كېيىنرەك، يەنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەرلىك قەبىلىلەر مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

# تۆتىنچى باب تاشتىق قەبىلىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى

تاشتىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىنۇسىن ئويمانلىقى ئاھالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر ماتېرىياللار كۆپ قېتىم مەخسۇس تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغانىدى. بىر قاتار ئەسەرلەردە تاشتىق يادىكارلىقلىرىدىكى سانى كۆپ بولمىغان تېپىلمىلار قاراپ چىقىلغان، مول تەسۋىرىي ماتېرىياللار ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرگۈزۈلگەن ۋە سېلىشتۇرۇلغان، يازما يادىكارلىقلاردىكى مەلۇماتلار تەتقىق قىلىنغان ①.

مەخسۇس ئەسەرلەردە ئايرىم قورال تۈرلىرى تەسۋىرلىنىپ، كونكرېت تېپىلمىلارنى تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئايرىش تەجرىبىلىرى ئىشلەندى ②. ئاخىرقى يىللاردىن بۇيانقى دالا قىدىرىش ئىشلىرى جەريانىدا قىزىقارلىق يېڭى ماتېرىياللار تېپىلدى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەۋرىشكىلەر ئىچىدە رېئال قورال ـ جابدۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېللىرى بار. بۇلارنى بۇرۇنقى يىللاردا تېپىلغان بۇيۇملار، تەسۋىرىي ۋە يازما مەنبەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، تاشتىق مەدەنىيىتى ئاھالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر قەدەر تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىگە بولغىنىمىز رېئال بۇيۇملاردىن پەرقلىنىدىغان تەقلىدىي بۇيۇملار بولغىنى ئۈچۈن بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. تاشتىق مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچكى خرونولوگىيىسى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلارمۇ ئىشىمىزنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ تۇرماقتا ③. بارلىق تېپىلمىلار كاتېگورىيە-

لىرىدىكى بۇيۇملار تۈرلىرىمۇ ناھايىتى چەكلىك.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى شۇكى، مەزگۇر مەدەنىيەت يىغىندىسىغا تۈرلۈك قەبرە قۇرۇلمىلىرى كىرىدۇ: چوڭ ۋە كىچىك سۇنئىي تۆپىلىكلەردىكى قەبرىلەر؛ تۈز يەردىكى قەبرىلەر؛ بەلگە قۇرۇلۇشلىرى؛ ئانچە ـ مۇنچە مەدەنىيەت قاتلاملىرى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان تۈرالغۇ جايلار ۋە ئىستىھكاملار؛ چېكىپ ۋە ئويۇپ ئىشلەنگەن قىيا تاش سۈرەتلىرى. بۇ ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەربىي ئىشلار ئۇچۇرلىرى ساقلانغان.

تاشتىق مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى مىنۇسىن ئويمانلىقىدىكى يايلاق رايونلىرىنىڭ جاي ـ جايلىرىدا تەكشى تارقالغان بولۇپ، ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقىدىمۇ بايقالدى ۋە ھازىر جىددىي تەكشۈرۈلمەكتە، كراسنويار رايونى ۋە يېنىسەينىڭ سايان دائىرىسىدىكىلىرى تېزىمغا ئېلىندى ④.

تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى، قېزىلمىلار ۋە توپلاملاردىن ئېلىنغان رەسىملىك بۇيۇملار موسكۋا، لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسك، كراسنويارسك، مىنۇسىن مۇزېيلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ فوندلىرىدا ساقلانماقتا. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. تەتقىقاتىمىزدا مۇزېيى ئەۋرىشكىلىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىدىن پايدىلاندۇق.

تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاسىتىلىرى ۋە قوغدىنىش قوراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىر نەچچە يادىكارلىقتا يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى (ئوقيالار، ئوق باشاقلىرى نۇسخىلىرى) ۋە ئەسلىمەلەر (ساداقلارنىڭ بەزى قىسىملىرى) تېپىلدى.

## ئوقيالار

تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا ئوقيالارنىڭ سۆڭەك دېتاللىرى ۋە ياغاچ نۇسخىلىرى نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇرەككەپ تەركىبلىك بولۇپ، بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ. سۆڭەك قاپلىغۇچلىرىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا قاراپ ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 - تىپ. سۆڭەك قاپلىغۇچلۇچى بارلار. مىخايلوۋسكىي يادىكارلىقى، 1 - قورغان، 2 - قورغاندىن تېپىلغان تۆت نۇسخا ⑤. يانىڭ ئۆلچىمى ئېنىقلانمىدى. تېپىلمىلار ئىچىدە ئاياغ تەرەپى كېڭەيتىلگەن ئۇزۇن يا قاپلىغۇچلىرى بولۇپ، ئۇچلىرى كىرىچ باغلاش ئۈچۈن كېسىپ قويۇلغان. دېمەك، بۇ قاپلىغۇچلار يانىڭ ئۇچى تەرىپىگە قاپلىنىدۇ. باشقا قاپلىغۇچلارنىڭ ئورنى ئېنىقلانمىدى. بۇ ئوقيانىڭ ئاياغ قاپلىغۇچلىرى، ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچىلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغانلىقى ئېھتىمال، چۈنكى جەملەنگەن بىر نۇسخىدا بەش قاپلىغۇچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى يانىڭ ئاياغ تەرىپىدە.

2 - تىپ. سۆڭەك قاپلىغۇچلىرى يوقلار. جەمئىي ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئويبات I ، 1 - گۆر؛ سىرى، 1 - گۆر؛ ئوگلاختى، 1 - قەبرە؛ ئوگلاختى IV ، 4 - قەبرە ⑥. يانىڭ ئۆلچەملىرى 88 - 120 س م.

يا نۇسخىلىرىنىڭ ئىككى تۈرى بار: بىرى، ئىككى ئۇچى كىرىچ باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان ۋە ئوتتۇرا قىسمى چىڭىتىلغان؛ يەنە بىرى يا ئۇچلىرى رومبا شەكلىدە بۆرتۈپ چىققان ۋە ئىككى ئۇچىنىڭ ئىچكى تەرىپى كىرىچ باغلاش ئۈچۈن كېسىپ قويۇلغان، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئەگرى ئورۇنلىرى چىڭىتىلغان. ل. كىزلاسوۋ سىر-

چاتاس گۆرىدىن تېپىلغان يا نۇسخىسىدىكى ئاشۇنداق ئەگرى ئورۇننى پۈتۈن يانىڭ تولۇق گەۋدىسى دەپ چۈشەندۈرىدۇ ⑦. ئەگەر ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا دېسەك، تاشتىق ئوقياسىنىڭ ئەگرى ئورۇنى ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە تەتۈر تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغىنى شۇكى، مەزكۇر تېپىلما ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىردىن كەم بولمىغان يانىڭ پەقەت يېرىمىدىنلا ئىبارەت. يا بېشىنىڭ ئۆزگىچە شەكىلدە بولۇشى بۇنداق ئوقيالاردا ئاياغ تەرەپ قاپلىغۇچلىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالېكوك تونۇشتۇرغان ياپونىيىدىكى «موڭغۇل ئوقياسى»نىڭ قۇرۇلما شەكلى مۇشۇ خىل ئوقياغا يېقىن ⑧.

تېپىسېي Ⅲ، 1 ـ گۆردىكى ئوقياچىلارنىڭ سۈرەتلىرى ئويۇلغان تاختىلار ۋە ئوشكول رەسىملىرى ھەم پودكامېننوي ئابىدىسىدىكى سۈرەتلىك شەكىللەر تاشتىق ئوقياسى ھەققىدىكى قېزىلمىلار مەلۇماتلىرىنى تولۇقلايدۇ ⑨. ئۇ رەسىملەردە مۈرەككەپ ۋە ئاددىي ئوقيالار سىزىلغان. كۆپىنچە سۈرەتلەردە مۈرەككەپ ئوقيالارنىڭ يا شەكلى بىر سىزىق بىلەن، بەزىلىرى يانىڭ تولۇق شەكلى بىلەن سىزىلغان، ئايرىملىرىدا يانىڭ ئىچكى يۈزى سىزىقچىلار زىننەتلەنگەن. رەسىملەردە ئىككى بېشى سەل ئېگىلگەن دەستىسى كەڭ. يوغان سىممېترىك يالار بىلەن بىر قاتاردا غەيرىي سىممېترىك بولۇپ، ئاستىنقى ئەگمىسى ئۈستۈنكىسىدىن ئۇزۇنراق، ئىككى بېشى ئوقنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىگە قارىتا كەسكىن ئېگىلگەن ئوقيالارمۇ سىزىلغان. بۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى 1 ـ تىپقا، كېيىنكىلىرى 2 ـ تىپقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. قىزىقارلىق بولغىنى، سۈرەتلەردە ئوقياچىلارنىڭ ياي تۇتۇشى ھەر خىل: سىممېترىك ئوقيالارنى ئېتىشتا دەستىسى، غەيرىي سىممېترىك ئوقيالارنى ئېتىشتا بولسا، ئاستىنقى ئەگمىسى تۇتۇلغان. كېيىنكى ئېتىش ئۇسۇلى سۈرەتلەردە تەكرار كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، ئۇنى تاسادىپىي سىزىلىپ قالغان ئەھۋال دېگىلى

بولمىسا كېرەك.

تېپىسبي ئويما سۈرەتلىرىدە ئاددىي ئوقيالار قولۋاقلاردا تۆرۈپ تاشتىق كىشىلىرىگە ئوق ئۈزۈۋاتقان «يات قەبىلە» جەڭچىلىرىنىڭ قولىدا تەسۋىرلەنگەن [10]. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تاشتىق كىشىلىرى ئاددىي ئوقيالارنى ئىشلەتمىگەن بولسا كېرەك.

ساپ ياغاچتىن ياسالغان غەيرىي سىممېترىك ھالەتتىكى ۋە باش قىسىملىرى ئىگىلىگەن ئوقيالار سكىف (ساك) - تاغار زامانلىرىدىكى پروتوتىپلاردىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، سۆڭەك قاپلىغۇچلىرى بولغان سىممېترىك ھالەتتىكى يوغان ئوقيالار بولسا، ھۇن تىپىدىكى ئوقيالارغا مەنسۇپ. بۇخىل ئوقيالار تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ شىمالدىكى تارقىلىش دائىرىسىدىكى ئاچا - مارىن ئويمانلىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ كېيىنكى يادىكارلىقلىرىدا ساقلانغان. ئۇلار بىۋاستە ھۇنلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان كۆچمەنلەردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

## ئوقيا قېپى

بۇنداق قاپلار پەقەت رەسىملەردىلا كۆرۈلىدۇ، ھازىرغا قەدەر تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا ئۇلارنىڭ بىرەر پارچە دېتالىمۇ تېپىلمىدى. رەسىملەردە تار، ئۇزۇن قاپلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىرىچى ئېلىۋېتىلگەن مۇرەككەپ يانىڭ شەكلى بويىچە ئېگىلگەن. ساداق بىلەن بىللە سول يانپاشقا كەلتۈرۈپ بەلباغقا ئېسىلغان؛ لېكىن بەزى رەسىملەردە ئوڭ تەرەپكە سىزىلغان [11].

## ساداقلار

ساداقلار يا ۋە ئوقلارنى سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈستى

كەڭ، ئاستى تارىيىپ كېلىدىغان ئۈستى ئۇچۇق قاپلاردىن ئىبا-
رەت بولۇپ، ئاساسەن رەسىملەردىلا كۆرۈلىدۇ. ئوگلاختا 4 ـ،
6 ـ گۆرنى قېزىشتا يا ۋە ئوقلار سېلىنغان بىردىنبىر ساداق
تېپىلغان ⑫. رەسىملەردىن قارىغاندا، بۇ ساداقلار باشقا ئوقدان-
لاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ: ئۇلارنىڭ تۆۋى تۈز بولۇپ، سىرتقى
تەرىپىدىن چەمبەر ياكى نېپىز تاختا بىلەن ئورالغان. بەزىلىرى-
نىڭ تۆۋىگە گېئومېتىرىك نەقىشلەر سىزىلغان، باش تەرىپى
كېڭىيىپ كېلىدۇ. بەزىلىرىگە سىرتقى يۈزىگىمۇ گېئومېتىرىك
نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەن يالار سېلىنغان. رەسىملەردىكى سا-
داقلارغا پەقەت 2 ـ تىپقا ياتىدىغان يالار سېلىنغان ⑬. تاشتىق
چەۋەندازلىرى ساداقلارنى سول يانپاشقا كەلتۈرۈپ بەلباغقا
ئاسقان.

## ئوق باشاقلىرى

تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا ئوق باشاقلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئە-
مەس. قېزىلمىلار ئىچىدىن چىقىپ قالغان ئاز ساندىكى تاشتىق
ئوقلىرىنى تىپولوگىيە جەھەتتىن ئوخشاش بولغان ۋە مۇزېيلاردا
ساقلىنىۋاتقان تاسادىپىي تېپىلمىلار بىلەن تولۇقلاشقا بولىدۇ.
تېپىسىي سۈرەتلىرىدىنمۇ تاشتىق ئوقلىرىنىڭ شەكلىنى قىسمەن
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

تاشتىق ئوق باشاقلىرى ياسالغان ماتېرىياللىرى بويىچە تۆ-
مۈر، سۆڭەك ۋە ياغاچ باشاقلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
كېيىنكىلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز، چۈنكى ئۇلار جەڭ ئۈچۈن
ئىشلىتىلمىگەن.

تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىر تۈرلۈك بولۇپ، ھەممىسى ساپاق-
لىق، ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە گۈرۈپپىلارغا،
شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: مېخايلوۋسكىي يادىكارلىقى، 1 ـ قورغان؛ سارتىكوۋ، كوركىنو ⑪. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: مېخايلوۋسكىي يادىكارلىقى، 1 ـ قورغان؛ ئىزبىخ، 1 ـ گۆر؛ ئاختاستار؛ شېستاكوۋو XI ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى ئۇزۇن سوزۇلغان، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. قاتلاملىقلار. جەمئىي 16 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئاباقان، 1 ـ قورغان؛ مىخايلوۋسكىي يادىكارلىقى، 1 ـ قورغان؛ ئاق يار؛ تۆۋەنكى ئاباقان؛ ئۇتۇخ خايا كىستە ⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى ئايرىم ئورنىتىلغان، ئوق قۇيرۇقى بۆرتۈپ چىققان، قاناتچىلىرى يانتۇ.

4 ـ تىپ. باشقى ئايرىم ئورنىتىلغانلار. جەمئىي ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: مېخايلوۋسكىي يادىكارلىقى، 1 ـ قورغان؛ ئۇتۇخ خايا كىستە. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى ئايرىم ئورنىتىلغان، قىسقا بويۇنچىسى بار.

2 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جېسوس

يادىكارلىقى 5 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [17]. ئوق گەۋدى-سىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1.2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچى-لىرى تىك.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. خىرخازا يادىكارلى-قىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [18]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. تومتاقلار. خىزىلار يادىكارلىقى، 3 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [19]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 س م، كەڭلىكى 1.3 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تومتاق، يانلىرى تىك، قاناتچىلىرى يانتۇ.

4 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. بازايىخا يادىكارلىقىدىن تېپىلغان ئالتە نۇسخا [20]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى ساپاقسىزلار ۋە ساپاقلىقلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ساپاقسىز ئوق باشاقلىرى ئوق گەۋدىسى-نىڭ پىچىمى بويىچە بىر گۇرۇپپا، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. ئۇزۇن-چاق ئۈچ بولۇڭ شەكلىدە. تاغار ئارىلى 6 ـ قورغىنىدىن تېپىل-غان ئۈچ نۇسخا [21]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز، تۆشۈكى يوشۇرۇن.

ساپاقلىق ئوق باشاقلىرى ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بو-يىچە بەش گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. تاغار ئارىلى، 6 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا [22]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س

م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئىگىلىگەن.
2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. كېيىنكى ئاچىن شەھىرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.8 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.
3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇق شەكلىدە. كېيىنكى ئاچىن شەھىرىدە تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار، بولۇق شەكلىدە، تەرەپلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ.
2 ـ گورۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.
1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 13 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئۇيبات Ⅱ، 1 ـ قورغان؛ ئاخ تاستار؛ ئۇتوغ خايا كىستە؛ شىپستاكوۋو Ⅺ؛ كېيىنكى ئاچىن شەھىرى ㉓. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.
2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭلۇقلار. كېيىنكى ئاچىن شەھىرىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، تەرەپلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ.
3 ـ گورۇپپا. رومبا شەكىللىك باشاقلار، بىر تىپ.
1 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. تېپسېي Ⅲ، 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉑. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئىگىلىگەن.

4 ـ گۇرۇپپا. تراپېتسىيە شەكلىدىكى باشاقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 5 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئۇست سىدا، 1 ـ قورغان؛ ئاخ تاستار؛ شىبىستاكوۋۇ XI ㉕. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

5 ـ گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇق شەكلىدە. كېيىنكى ئاچىن شەھىرىدىن تېپىلغان ئۇچ نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، تەرەپلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يوق.

تاشتىق ئويما سۈرەتلىرىدە ئوق باشاقلىرى شەكلى جەھەتتىن يادىكارلىقلاردىكى تېپىلمىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوشكۆل سۈرەتلىرىدە ۋە تېپسېي كىچىك رەسىملىرىدە سوزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، ئوشكۆل سۈرەتلىرىدە، بودكامېننوي ئابىدىلىرىدە ۋە تېپسېي كىچىك رەسىملىرىدە يەنە سوزۇنچاق شەكلىدىكى باشاقلار، تېپسېي ئويما رەسىملىرىدە قاتلاملىق باشاقلار تەسۋىرلەنگەن. تېپسېي 1 ـ، 3 ـ ئابىدىسىدىكى ئويما رەسىملەرنىڭ بىرىدە ئالاھىدە بىر خىل شەكىلدىكى قوش قاتلاملىق باشاقلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلار تېخى تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا بايقالمىدى ㉖. ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى تاشتىق قاتلاملىق باشاقلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەخسۇس ئەسەرلەردە تاشتىق تۆمۈر ئوقلىرى توغرىسىدىكى بايانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ل. كىزلاسوۋ ئۆز ئەسىرىدە ئۇچ يانلىق باشاقلاردىن ئىككى تىپنى ۋە ياپىلاق باشاقلاردىن بىر تىپنى كۆرسەتكەن ㉗. بىزمۇ ئۇچ يانلىق باشاقلارنىڭ ئىككى تىپنى ئوتتۇز خايا كىستە يادىكارلىقى ماتېرىياللىرىدىكىگە تەڭلەشتۇردۇق ㉘. ئايرىم تېپىلمىلار باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىد-

ـرىدە ئىبلان قىلىندى.

يوقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بايان تاشتىق ئوق باشاقلىرىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى بۇرۇنقى مەلۇماتلارنى تولۇقلايدۇ.

تاشتىق تۆمۈر ئوق باشاقلىرى گەرچە سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ، تىپولوگىيىلىك تۈرلىرى جەھەتتە ھۇن دەۋرىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قولدا ئاتىدىغان قوراللىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالايلۇق، غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىرىدىكى ۋە قاتلاملىق باشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ يانلىق باشاقلارنىڭ تۆت تىپى ھۇن دەۋرىدىكى پۈتۈن كۆچمەنلەر دۇنياسىدا تارقالغان. تاشتىق تۆمۈر ئوقلىرى ئىچىدە خۇددى ھۇن ئوقلىرىغا ئوخشاش ئۈچ يانلىق قاتلاملىق ئوقلارنىڭ سانى كۆپرەك. تاشتىق ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرى جەنۇبىي سىبىرىيە ئوقلىرىغا تەئەللۇق بولۇپ، ھۇن ئوقلىرىدىن بىر ئاز پەرقلىنىدۇ. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن.

يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىدىن تاشتىق تۈرلىرىگە خاس بولغانلىرى ئۈچ يانلىق ۋە ئۈچى ئايرىم باشاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچى ۋە بوينى ئۈچ يانلىق قىلىپ كېسىلگەن. شۇ دەۋرلەردىكى قوشنا تېررىتورىيىلەردە ئىشلىتىلگەن بۇنداق ئوقلار ئوق بېشىنىڭ شەكلى ۋە بوينىنىڭ كېسىلىشى جەھەتتە ئاز ـ تولا پەرقلىنىدۇ.

تاشتىق تۆمۈر ئوق باشاقلىرى تېپىلمىلار ئىچىدە ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا ئۇلار يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى تۈرلىرى ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەيرىي سىممېترىك رومبا ۋە سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ھۇن دەۋرىدە خېلى كەڭ تارقالغان دېيىشكە بولىدۇ. باشقا تىپلاردىكى باشاقلارمۇ (تومتاقلار ۋە ئىلمەكلىكلەر) دەۋرداش مەدەنىيەتلەردە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۇلارمۇ تاشتىق مەدەنىيىتىگە خاس ئەمەس.

كېيىنكى قىرغىز دەۋرىدە تاشتىقلىقلارنىڭ ھەممە تىپلاردىكى تۆمۈر باشاقلىرى ئۆلچىمى سەل ئۆزگەرگەن ھالەتتە داۋاملىق مەۋجۇت بولغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە تارقالغان ( ئۈچ يانلىقلار — مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ياپىلاقلار — مىلادىيە 2 ـ مىڭ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ تارقالغان) [29].

بىز كۆرۈپ ئۆتكەن تاشتىق ئوقلىرىنىڭ ھەممە تىپلىرى مېتال كىيىم بىلەن قوغدالمىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. تاشتىق قوراللىرى ئىچىدە توسۇقنى بۆسكۈچى ئوقلار يوق ئىدى. بۇ ئوقلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۇن ئوقلىرىغىمۇ ھەم زاماندىش جەنۇبىي سىبىرىيە ئوقلىرىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ، بەلكىم تاشتىق يادىكارلىقلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرمىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، توسۇقنى بۆسكۈچى ئوقلارنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىنى تاشتىق كىشىلىرى قوغدىنىش ئۈچۈن غەيرىي مېتال كىيىملەرنى كىيگەن دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، تاشتىق ئۈچ يانلىق قاتلاملىق ۋە بېشى ئايرىم تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئايرىم بېشى ياكى ئوق بېشى ئۇزۇن سوزۇلغان بولۇپ، چوڭقۇر تېشىشكە مۆلچەرلەنگەن (38 ـ رەسىم).

بەزى تەتقىقاتچىلار تېپىلمىلارنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىغا قارىماستىن، تاشتىقلىقلاردا ساپاقسىز مىس ئوق باشاقلىرى بولغان دەپ قىياس قىلىدۇ. بۇ قىياسنىڭ دەلىلى شۇكى، ساقلىنىپ قالغان ئوق دەستىلىرىنىڭ ئۇستۇنكى قىسىملىرىنىڭ شەكلى باشاق تۆشۈكىگە بېكىتىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان. مەلۇمكى، بۇ پاكىت تاشتىقلىقلاردا مىس ئوق باشاقلىرى تارقالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەس.

تاشتىق سۆڭەك ئوق باشاقلىرى دەستىنى بېكىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ، ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى ۋە شەكىللىرىنىڭ كۆپ

خىل بولۇشى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاشقى
بەلگىلىرى خېلى قەدىمىي بولغان ساپاقسىز ئۈچ قىرلىق ئۇزۇن-
چاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكىلىرى ۋە ساپاقلىق ئۈچ قىرلىق
ئىلمەكلىك شەكىلدىكىلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ بىرىنچى خىلدىكى-
لىرى ھۇن ماتېرىياللىرىدا مەلۇم، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى خې-
لى بۇرۇنقى سكىف (ساك) - تاغار دەۋرلىرىگە تەئەللۇق [30].
تاشتىق ماتېرىياللىرىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغانلىرى ساپاقلىق،
كېسىلىشى تۆت قىرلىق، ئۇزۇنچاق رومبا شەكىللىرىدىكى با-
شاقلاردۇر. بۇلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بىر مۇنچە مەدەنىيەت-
لەردە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەزكۇر ماتېرىيال ئۈچۈن
ئەڭ مۇۋاپىق شەكىللەر بولسا كېرەك. تاشتىق مەدەنىيىتىگە
خاس بولغانلىرى ساپاقلىق، كېسىلىشى رومبا شەكلىدىكى، ئىل-
مەكلىك باشاقلاردۇر. ساپاقلىق، كېسىلىشى تراپېتسىيە شەك-
لىدىكى، سوزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى ئوق باشاقلىرى سكىف
(ساك) دەۋردىكى جەنۇبىي سىبىرىيە يادىكارلىقلىرىدا مەلۇم.
قىزىقارلىقى، بايقال ئەتراپلىرىدىكى تۆشۈكى تىلىنغان باشاقلار
ھۇن كېڭەيمىچىلىكى دەۋرىدە جەنۇبىي سىبىرىيىدە تارقالغان بول-
سىمۇ، تېزلا ئىستېمالدىن قالغان. تاشتىق ماتېرىياللىرىدا بۇن-
داق باشاقلار يوق.
گۇرۇپپىلىق ۋە تىپولوگىيىلىك تۇرلىرىدىن قارىغاندا، سۆ-
ڭەك ئوق باشاقلىرى تاشتىقلارنىڭ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش
ۋاستىلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ساۋۇت
كىيمىگەن دۇشمەنگە زەربە بېرىشكە ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا قىرغىزلار بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەتمەيدىغان بول-
غان. بۇنداق ئوقلار پەقەت قىرغىز مەدەنىيىتىنىڭ چەت جايلىرى-
دا، ئاساسەن قىرغىزلارغا بېقىندى بولغان ئورمان قەبىلىلە-
رى — قىشتىملاردا ساقلانغان [31].
سۆڭەك باشاقلارنىڭ فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇ-

تەخەسسۇسلەر ئوخشاشمىغان پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.
بىزنىڭ قارىشىمىزچە س. كىسېلىيوۋئاساسسىز كۆز قاراشنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، سۆڭەك باشاقلار «ھەربىي ئىشلاردىن خالىي»
بولغا نوقۇل ئوۋچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن، دەيدۇ.
ل. كىزلاسوۋمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ ㉜. ئا. لىپىسكىي
ھەقلىق ھالدا ئۇلارغا رەددىيە بەردى ㉝. زاманداش كۆكەل يادى-
كارلىقلىرىدىكى بىر قىسىم دەپنە قىلىنغۇچىلارنىڭ ئۇستىخانلى-
رىدا سۆڭەك ئوقلارنىڭ زەربە ئىزلىرى بايقالغان. بۇنىڭدىن،
بۇنداق ئوقلارنىڭ جەڭلەردىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بو-
لىدۇ ㉞.

ئۇتۇخ خايا كىستە يادىكارلىقىدىن بىردىنبىر سۆڭەك ئىس-
قىرتقۇچ تېپىلغان ㉟. تاشتىق يادىكارلىقلىرىدىمۇ بىر نەچچە
قېتىم ئوق دەستىلىرى تېپىلغان بولۇپ، تولىسى سۇنۇق ㊱،
ياغاچ دەستىلەرنىڭ ئۇستۇنكى ئۇچى ئوق تۆشۈكىگە كىرگۈزۈش
ئۈچۈن كونۇس شەكلىدە ئۇچلاپ قويۇلغان. دەستە ياغىچى يۇمى-
لاق، تۆۋەنكى ئۇچى كىرىچنى باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە قىلىپ
كېسىلگەن. ياغاچ دەستىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىغا يېقىن جايىغا قى-
زىل رەڭدە ياكى يول - يول ئالتۇن ياپراق بىلەن بەلگە قويۇلغان
㊲. بۇنداق بەلگىلەر ئوقلار ساداقتا ئۇچى تۆۋەن قىلىپ سېلىنغان-
دا ئۇلارنى تاللاپ ئېلىش ئۈچۈن لازىم بولاتتى. ئالتۇن ياپراقلىق
بەلگە قويۇلغان ئوقلار قورال سۈپىتىدىلا ئىشلىتىلىش بىلەن
چەكلىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، تۈركلەر «ئالتۇن
ياپراقلىق» ئوقنى بۇيرۇق بەلگىسى سۈپىتىدە قوللانغان ㊳.

تاشتىق ئوقياچىلىرىنىڭ رەسىملىرىدە ئوق پەيلىرىنىڭ شە-
كىللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. رەسىملەردىن قارىغاندا، تاشتىق-
لىقلاردا ئوق پېيى ئىككى خىل شەكىلدە بولغان: ئۈچ بۇلۇڭ
ۋە ئېللىپس شەكىللىرىدە ㊴. رەسىملەردىكى ئايرىم كۆرۈنۈش-
لەردە ئىپادىلىنىشىچە، غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدىكى

ئوقلارغا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى پەيلەر، قوش قاتلاملىق ئوقلارغا ئېللىپس شەكىلدىكى پەيلەر سەپلەنگەن. لېكىن، بۇنداق سەپلىنىشلەر قانۇنىيەتلىك بولغانمۇ دېگەن مەسىلىنى ھازىرچە ئېنىقلاش تەس.

## ساداقلار

تاشتىق جەگچىلىرى ئوقلىرىنى يا بىلەن ئوق تەڭ قاچىلىنىدىغان تېرە ساداقلارغا ۋە يالغۇز ئوقلا قاچىلىنىدىغان تېرە ۋە قېيىن پوستىدىن ياسالغان ساداقلارغا سالاتتى. يادىكارلىقلاردا ساداقلارنىڭ تۆمۈر ئىلمەكلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەمەرگە بېكىتىلىدىغان بالداقلىرى بار. بۇ تاشتىق مەدەنىيىتىگە خاس ئالامەت. ھازىر بۇنداق ئوقلاردىن يىگىرمە سەككىزى بار بولۇپ، ئۇلار تاشتىقتىكى لەھەتلەر، گۆرلۈكلەر ۋە ئولتۇراق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان: ئۇيبات I ، 2 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 8 ـ، 11 ـ قورغانلار؛ ئىزىخ، 1 ـ، 2 ـ قورغانلار؛ تاغار ئارىلى، 6 ـ قورغان؛ ئۇششاق تاش، 5 ـ قورغان؛ ئۇست تەس، 1 ـ قورغان؛ تېپسېي Ⅲ ، 1 ـ قورغان؛ كىرىۋنىسكوي، 1 ـ، 3 ـ قورغانلار؛ ئۇتۇخ خايا كىستە ⑩. يەنە، باشقىچىرەك شەكىللەردىكى بىر نەچچە ئىلمەكمۇ تېپىلدى: ئۈچى يۇرەك شەكلىدە بولغان ياپلاق ئىلمەكلەر (ئۇيبات I ، 2 ـ گۆر) ۋە ئۈچى ئادەتتىكىدەك بولغان ۋە كەمەرگە بېكىتىلىدىغان مونەكچىسى بار ئىلمەكلەر ⑪.

ساداقلارنىڭ شەكىللىرىنى تاشتىق رەسىملىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. قارىغاندا، شۇ دەۋردىكى يېنىسەيدە ئىككى خىل شەكىلدىكى ساداقلار بولغان. بىر خىلى ـ تىك بۇلۇڭلۇق، كېسىلىشى سىلىندىر شەكلىدە، تولىسى مۇرەككەپ گېئومېتىرىك نەقىشلەر

بىلەن بېزەلگەن. ساداقلارنىڭ بىرىدە نەقىشتىكى چېكىتلەر ئۈچ بۆلۈكلار ئىچىگە ئېلىنغان. ساداقتىكى سۆڭەك نەقىشلىق قاداقلار شۇنداق ئورنىتىلغان بولسا كېرەك. شۇ خىلدىكى چەمبەر، يۆگىمەچ، دولقۇنسىمان نەقىشلىق قاداقلار مېخايلوۋسكىي قەبرىستانلىقى، 1 ـ، 2 ـ قورغانلاردا بايقالغان ⑫. ئىككىنچى خىلدىكى ساداقلارنىڭ باش تەرىپى ئۈچ بۆلۈك شەكلىدە بۆرتۈپ چىققان، تۈۋى يۇمىلاق. بۇ ساداقلار تېرىدىن ياسىلىپ، گېئومېترىك نەقىشلەر بىلەن قاپلانغان. ھەر خىل شەكىللەردىكى ساداقلار سول يانپاشقا ئېسىلاتتى، لېكىن تىك بۆلۈكلۈقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمەرگە گورىزونتال ھالەتتە ئېسىلاتتى. بۇنداق ساداقلارنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىككى تاسمىسى بولسا كېرەك. تۈۋى يۇمىلاق ۋە ئۈستى ئۈچ بۆلۈكلۈق ساداقلار ئۈستۈنكى قىسمىدىكى بىر تاسما بىلەن دۇمبىگە كەلتۈرۈلۈپ تىك ھالەتتە ئېسىلاتتى ⑬ سۈرەتلەردە ئوقلار ساداقتا ئۈچى پەسكە، تۈۋى يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىنغان. ئوق دەستىلىرىدىكى بەلگىلەرمۇ ئوقلارنىڭ ساداقتا شۇ خىل تەرىزدە سېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى كۆپ ئەمەس. بۇلار ئاساسەن رېئال بۇيۇملارنىڭ مودېللىرىدىن ئىبارەت. تاشتىق مەدەنىيىتى تارقالغان دائىرىدە تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان تېپىلمىلاردىكى تىپولوگىيىلىك بەلگىلەر بويىچە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## قىلىچلار

قىلىچلار تاشتىق ماتېرىياللىرىدىكى ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان تېپىلمىلار تەرىقىسىدە كۆرۈلىدۇ. تىغلىرىنىڭ كېسىلىشى بويىچە ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا — رومبا ۋە لىنزا شەكلى-

دىكىلەرگە ئايرىلىدۇ.
1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى تىغلار، بىر تىپ. ياپىلاق توسۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن تىغ تۈۋى بوغۇلغان. پودىسىنىي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑭. تىغ ئۇزۇنلۇقى 36 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستىسى 16 س م. تىغى ئىككى بىسلىق، ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە، بىسلىرى پاراللېل، توسۇقنىڭ ئۈچلىرى ئۈچ بولۇڭ شەكلىدە. تىغ بىلەن دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ بولۇڭلۇق ئىككى مۇنەك بولۇپ، تۇتاش ياپىلاق توسۇقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۈيبات I يادىكارلىقى 2 ـ گۆردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىلدىكى ياپىلاق، سۆڭەك توسۇق بايقالغان ⑮. پودىسىنىي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان قىلىچ دەستىسىنىڭ تۇتقۇچ قىسمى يۇمىلاق پىچىمغا ئىگە بولۇپ، باش قىسمى سۇنۇپ كەتكەن.
2 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكلىدىكى تىغلار، بىر تىپ. توسۇقى يوق. مىنۇسىن ئويمانلىقىدا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان بىر نۇسخا. تىغ ئۇزۇنلۇقى 31 س م، كەڭلىكى 4.5 س م، دەستىسى 9 س م. تىغى تۈز ۋە ئىككى بىسلىق، ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە. دەستىنىڭ تۇتقۇچ قىسمى تۈز بولۇپ، باش تەرەپكە بارغانچە تارىيىدۇ. باش قىسمى هالقا شەكلىدە ۋە تىغنىڭ كەڭلىكىگە تىك هالەتتە بولۇپ، تۇتقۇچ بىلەن تۇتاش سوقۇلغان.

## قىلىچ قىنلىرى

ئوگلاختىن قەبرىستانلىقىنىڭ تۈز يەردىكى گۆرلىرىدە (2 ـ، 7 ـ گۆر) قىلىچ قىنلىرىنىڭ ياغاچ مودېللىرى تېپىلغان ⑯. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى توغرا سىزىق بويىچە كېسىلگەن، ئومۇمىي گەۋدىسى ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇڭ شەكلىدە، تۈۋى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، بەلباغقا تاسما بىلەن بېكىتىش ئۈچۈن لازىم

بولىدىغان ياپىلاق سىرتىمىقى بار. بۇنداق تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان نۇسخىلار ئىككى بىسلىق قىلىچ ياكى خەنجەرلەرگە ھەممىدىن بەكرەك ماس كېلىدۇ. ھەر بىر گۆردە بايان قىلىنىۋاتقان بۇيۇم-لار بىلەن بىر قاتاردا ئۆلچەملىرى كىچىكرەك بولغان غىلاپلارنى قىلىچ قىنلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىلىرى دېيىشكە بولى-دۇ. ل. كىزلاسوۋنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ غىلاپقا سېلىنىغان سارمات تىپىدىكى خەنجەرنىڭ ياغاچ مودېلىدىن ئىبا-رەت. بۇنداق يەكۈننى دەلىللەش ئۈچۈن مىلادىيە 1 - ئەسىرگە ياتىدىغان سارمات قەبرىستانلىقلىرىدىن تېپىلغان خەنجەر غىلاپلى-رىدىكى سۆڭەك ياپراقلىق تاختىلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشلا كۇپايە قىلىدۇ» [47]. دەرۋەقە، شەكىل جەھەتتىن قىنلار سارمات ئەۋرىشكىلىرىگە يېقىن، لېكىن بۇنداق گەپ پەقەت قىنلار توغرى-سىدىلا بولۇشى مۇمكىن. ئوگلاختىندىكى تۈزلەڭ گۆرلىرىدىن تېپىلغان خەنجەرلەرنىڭ ياغاچ مودېللىرىنى ل. كىزلاسوۋ قىسقا قىلىچلارنىڭ نۇسخىلىرى، دەپ تونۇشتۇرغان [48]. ئۇ ئۆز ئەسەر-لىرىنىڭ بىرىدە بۇ پىكرىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى-نى تەكىتلىگەن [49]. ئەپسۇسكى، كىزلاسوۋ ئايرىم دېتاللارنىڭ ۋەزىپىسىنى توغرا چۈشەنمىگەن بولغاچقا، دەستە بېشىنى تېخنىك ئۈچى دەپ قالغان ھەمدە بۇ مودېللارنى پۈتىنى يۇقىرىغا قىلىپ سىزىپ قويغان. ۋ. كۇبارېۋ ئەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلغان [50]. تاغلىق ئالتايدىكى سكىف (ساك) قورغانلىرىدىن چىققان تېپىلمى-لار (ئۈستۈنكى قىسمىدا يېرىم ياي شەكلىدىكى سىرتمىقى بولغان خەنجەر غىلاپلىرى) ۋە تۇۋا قېزىلمىلىرى (يۇقىرىدا سۆزلەنگەن-لەرگە ئوخشايدىغان كۆكەل تۈز قىلىچلىرىنىڭ دەستە بېشى) كۇبارېۋنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ [51]. كىزلاسوۋنىڭ مەزكۇر مودېللارنى قىلىچ دەپ چۈشەندۈرگەنلى-كىگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردىكى ئىككى جۈپ

سىرتماق دەل خەنجەر غىلاپلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك. ئوگلاخ-تىن گۆرلىرىدىن تېپىلغان مودېللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنى سېلىشتۇرۇشمۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى بىر يەردە غىلاپ بىلەن دەستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھېسابقا ئېلىنغان بولسا، يەنە بىر يەردە يالغۇز غىلاپنىڭ ئۇزۇنلۇقىلا سۆزلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، دەستە ھېسابقا ئېلىنمىسا، خەنجەر غىلاپلىرى قىلىچ قىنلىرىغا نىسبەتەن قىسقا ھەم تارراق بولىدۇ㊾.

## تۈز قىلىچلار

تاشتىق يادىكارلىقلىرىدا «سارمات تىپىدىكى قىلىچلار» نىڭ ئايرىم نۇسخىلىرى تېپىلغان. بۇلار دەستە بېشى ھالقا شەكلىدە بولغان يەككە بىسلىق تۈز قىلىچلاردىن ئىبارەت. تاسادىپىي تې-پىلغان مۇزېي ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدىمۇ تىپولوگىيە جەھەتتە شۇ-لارغا يېقىن بولغان بۇيۇملار ساقلانماقتا.

1 - گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق تىغلار، بىر تىپ. توسۇقى تۈز، ئىككى ئېلمىكى بار. بىر نۇسخا بولۇپ، مىنۇسىن ئويمان-لىقىدا تاسادىپىي تېپىلىپ قالغان. تىغ ئۇزۇنلۇقى 36 س م، كەڭلىكى 20 س م، دەستىسى 15 س م. تىغى تۈز، يەككە بىسلىق، ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن، دۈمبىسى تۈز. توسۇقى تۈز، كۆپ شەكىللىك ئىككى ئېلمىكى بار. دەستىسىنىڭ تۇتقۇچى تۈز، ياپىلاق، تۇتاشمىغان ھالقا شەكلىدىكى باش قىسمى ئايرىم ئورنىتىلغان.

تاشتىق تەسۋىرىي سەنئەت مەنبەلىرىدە چاپقۇچى - سانجىغۇ-چى قوراللار ناھايىتى ئاز. تېپىك ئۇششاق سۈرەتلىرىنىڭ بىرىدە يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان جەڭچى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېغىشىغا يۇمىلاق توسۇقلۇق تىغ ئېسىلغان. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ تىغ ھالقا شەكىللىك دەستە بېشىغا ئۆتكۈزۈلگەن

تاسما بىلەن قولغا بېكىتىلگەن.

تاشتىق چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرىنىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، شۇ دەۋردىكى يېنىسەيدە ئىككى بىسلىق قىسقا تىغلار ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ئۇلار يېقىن ئارىلىقتىكى قوچاقلاشما جەڭلەردە دۈشمەنگە سانجىپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ھۇن دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سكىف (ساك) زامانىسىدىن قالغان قەدىمىي قورال تۈرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىخايلوۋسكىي قەبرىستانلىقىدىكى تۇزلەڭ گۆرلىرىدىن چىققان يەككە بىسلىق تۈز قىلىچلاردىن قارىغاندا، تاشتىق ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ چېپىشقا ۋە سانجىشقا ئىشلىتىدىغان قوراللارغا ئىگە بولغان. تاشتىق مۇھىتىدا چاپىدىغان ۋە سانجىيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق قوراللارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەينى دەۋردە مەركىزىي رايون مەركىزىي ئاسىيادىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ تۇرغان.

## ئۇزۇن ۋە قىسقا نەيزىلەر

تاشتىق ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئۇزۇن ۋە قىسقا نەيزە باشاقلىرى يوق. ئوتتۇرا يېنىسەي تېررىتورىيىسىدىن تاسادىپىي تېپىلغان ئايرىم ساندىكى نۇسخىلارنى شەكىل ئالامەتلىرىگە ئاساسەن شۇ دەۋرگە تەئەللۇق دېيىش مۇمكىن. ئۇلار تىغ كېسىلىشى جەھەتتە رومبا شەكىللىكلەر ۋە ياپىلاقلار دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكىللىك، بىر تىپ. بىر نۇسخا تېپىلغان ㊸. گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 10 س م، كەڭلىكى 3 س م، تۆشۈكى 11 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك، تۆشۈكى كونۇس شەكلىدە.

2 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق، بىر تىپ. باش قىسمى ئايرىم. باتېنى يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑤. گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1.8 س م، بوينى ۋە تۆشۈكى 14 س م. باشاق ئۇچى گاللاشقان، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ، تار ھەم ئۇزۇن بويىنىڭ تۆشۈككە ئۆتۈشىدىغان يېرىدە تۆت ھالقىسى بار، تۆشۈكى ئۇزۇن كونۇس شەكلىدە بولۇپ، تىلىنغان ئورنى يېپىلمىغاي تۇرىدۇ.

گەۋدىسى چوڭ رومبا شەكىللىك باشاقلار سانجىغۇچى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن، باش قىسمى ئايرىلغان ياپىلاق باشاقلار بولسا، قولدا ئاتقۇچى يېنىك نەيزە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تاشتىق رەسىملىرىدە سىزىلغان نەيزىلەرنىڭ دەستىلىرى ئۇزۇن، باشاقلىرى يوغان، سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. تېپسېي ئۇيما رەسىملىرىدە نەيزە بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەسكەر ئىپادىلەنگەن. تاشبېن سىزمىلىرىدا ئېغىر قوراللانغان چەۋەنداز تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دوبۇلغا ۋە ئېغىر قوغدىنىش كىيىمىنى كىيگەن ⑤. ھەر ئىككى سۈرەتتە جەڭچىلەر نەيزىنى سانجىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەستىسىنى بېقىنىغا چىڭ قىسىۋالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى تىپىك ئۇسۇل بولسا كېرەك.

ياغاچ دەستىلىك قوراللار بايراق ۋە تۇغلارنىڭ ياردىمى بىلەن قوشۇنلارغا بۇيرۇقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تېپسېي رەسىملىرىدىن بىرىدە تۆت لېنتىلىق تۇغ باغلانغان ئۇزۇن دەستىنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان جەڭچى ئىپادىلەنگەن ⑤.

## قوغدىنىش قوراللىرى

تاشتىق ماتېرىياللىرىدا قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ دېتاللىرى

يوق دېيەرلىك. بىر دىنبىر تېپىلما قېتىشما ماددىدىن ياسالغان تراپېتسىيە شەكلىدىكى تاختىدىن ئىبارەت بولۇپ، قىزىل رەڭدە سىرلانغان، ئۈستۈنكى قىسمىدا تۆشۈكى بار. س. كىسېلېۋ بۇنى خەن سۇلالىسىگە تەئەللۇق بولغان قاسراقسىمان ساۋۇتنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ نەرسە ئۈيبات I ، 1 - گۆردىن تېپىلغان ⑰. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوشكۆل رەسىملىرىدە، پودكامېننوي ئابىدىلىرىدە، تاشبېن سىزمىلىرى ۋە تېپىشېي ئويما رەسىملىرىدىمۇ قوغدىنىش كىيىملىرىنى كىيگەن جەڭچىلەرنىڭ قىياپەتلىرى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

مۇشۇ رەسىملەرگە قاراپ، تاشتىق قوغدىنىش ۋاستىلىرىنىڭ مۇنداق ئاساسلىق تۈرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: ساۋۇتلار، دۇبۇلغىلار، قالقانلار، قوغدىنىش يوپۇقلىرى.

## قورال تۈرلىرى

تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ قورال-لىرى تۈر ۋە تىپ جەھەتلەردە ناھايىتى خىلمۇخىل بولغان. ئەپسۇسكى، تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، نەرسىلەرنىڭ ئايرىم قىسىملىرى تاسادىپىي بايقالغان بولغاچقا، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلىنىپ، تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرىنى تەرىپلەشكە ۋە تاشتىق قوشۇنلىرىنىڭ خىللىرىنى ئايرىشقا ئىمكانىيەت يوق. شۇڭا، قورال تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قايسى خىلدىكى جەڭچىلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقىنى كۆپ ھاللاردا تەسۋىرىي ماتېرىياللارغا قاراپ مۆلچەرلەشكە توغرا كېلىدۇ.



4 ـ رەسىم. تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى



5 ـ رەسىم. تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى



6 ـ رەسىم. تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى



7 ـ رەسىم. ئېغىر قوراللانغان تاشتىق ئاتلىق جەڭچىسى



8 ـ رەسىم. يېنىك قوراللانغان تاشتىق پىيادە جەڭچىسى

ماتېرىياللاردا يېنىك قوراللانغان ۋە ساۋۇت كىيگەن جەڭچىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ جەڭچىلەر ئاتلىق ھەم پىيادە سەپلەردە ئىپادىلەنگەن. ئەپسۇسكى، بۇ رەسىملەردە زادى قانداق جەڭچىلەرنىڭ سىزىلغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس: ئۇلار ھەر خىل قىسىملارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ياكى ئادەتتىكى چەۋەندازلارمۇ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پىيادە. پودكامېننوي ئابىدىسىدە ھۇجۇم ھالىتىدىكى پىيادىلەر ۋە چەۋەندازلار ئىپادىلەنگەن ⑱. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشتىقلىقلارنىڭ يېنىك قوراللانغان پىيادىلەر قوشۇنى بولغانلىقىدىمۇ شەك يوق. ئۇلار زىچ سەپ تۈزۈپ، يوغان قالقانلارنىڭ دالدىسىدا ئوق ياغدۇرغان. ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق قوشۇننىڭ بولغانلىقىدىمۇ گۇمان يوق. ئۇزۇن قوغدىنىش كىيىملىرىنى كىيىپ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان تاشتىق جەڭچىلىرى خېلى ھەيۋەتلىك كۈچنى تەشكىل قىلاتتى. تاشتىق قوشۇنلىرىدا

يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملارنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. بۇ ئاتلىق قىسىمنىڭ جەڭچىلىرى قوغدىنىش كىيىملىرىنى كىيـ-مەيتتى ۋە ئوقيا بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. ساۋۇت كىيگەن پىيادە ئوقياچىلارنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلەر تاشتىق قوشۇنى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇرلارغا تازا سىغىشىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن بۇنداق ئوقياچىلارنىڭ رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كاتېگورىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەلۇم دەرىجىدە شەرتلىك. ئالايلۇق، يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر ئوقيادىن سىرت يەنە نەيزە ۋە تۆز قىلىچلار بىلەنمۇ قوراللانغان. ئېغىر قوراللانغان جەڭچىلەر ھەممە رەسىملەردە ئوقيا بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ قوغدىنىش ۋاستىلىرى ھەر خىل بولـ-غان. شۇنداقتىمۇ، ئېغىر قوراللانغان جەڭچىلەر ئالاھىدە جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىدىغان مەخسۇس قىسىملارغا ئايرىلـ-مىغان. يېنىك قوراللانغانلار ھەم ساۋۇتلۇق جەڭچىلەر ئوخشاشلا پىيادىلەر قاتارىدىمۇ، ئاتلىقلار سەپلىرىدىمۇ ھەرىكەت قىلىشى ھەمدە ئوقيا، ئانقۇچى ۋە سانجىغۇچى نەيزە، ئىككى بىسلىق ۋە تاق بىسلىق قىلىچلارنى، قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، تېپىلمىلار يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇلارنى مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئايرىـ-يالمايمىز.

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

تاشتىق جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىرى ۋە كىيىم ـ جابدۇقلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىلەن شۇ دەۋردىكى مىنۇسىن ئويمانلىقـ-ىنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىـ-لىق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ساۋۇت كىيگەن جەڭچىلەر قىرـ

غىزلارغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلار ھۇنلاردىن كېيىن ئوتتۇرا يېنسەيدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ⑤⑨ . مىنۇسىن ئاھالىسى بىرلىككە كەلگەن ئېتنىك - سىياسىي گەۋدىنى تەشكىل قىلغانمۇ، قوشۇنلارنىڭ تەشكىللىنىش ھەم بۆلۈنۈش سىستېمىسىغا ئىگە بولغانمۇ، دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بولالىغۇدەك ئېنىق مەلۇماتلار بىزدە يوق. ئەينى دەۋردىكى قاڭقىل ئەسكىرىي قىسىملىرى قورال تۇتالايدىغان ئەرلەردىن تەركىب تاپقان ئۇرۇق - قەبىلە قىسىملىرىدىن ئىبارەت بولغان، دېيىش مۇمكىن. بۇنداق قىسىملاردا ھەممە قورال تۈرلىرىگە ئىگە بولغان ھاللىق جەڭچىلەرمۇ، كۆپىنچە ئوقيا بىلەنلا قوراللانغان ئادەتتىكى جەڭچىلەرمۇ بولغان. قەبىلىلەر ئارا كىچىك دائىرىدىكى توقۇنۇشلار ۋە ئولجا ئېلىش مەقسىتىدىكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملار داۋامىدا ئامىتى كەلگەن ھەربىي رەھبەرلەر ئەتراپىغا قوشۇنلار ئۇيۇشاتتى. بۇ قوشۇنلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەربىي مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى. بار بولغان رەسىملەردىن قارىغاندا، تاشتىقلىقلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى پىيادىلەر ۋە ئاتلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ يىرىك قوشۇنلار تاشقى دۈشمەن بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش خەۋپى كۈچەيگەن ئەھۋالدا شەكىللىنىدىغان بولسا كېرەك.

## ئۇرۇش سەنئىتى

جەڭ قىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ۋە ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تەشكىللىنىش، قۇرۇلۇش شەكىللىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى جەڭ ئۇسۇللىرىنىڭمۇ ھەرخىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تاشتىقلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىدە يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملارغا خاس چېچىلما سەپ تۈزۈش تاكتىكىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان:

بۇ ئالاھىدىلىك تەسۋىرىي ماتېرىياللاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىر مۇنچە سۈرەتلەردە تاشتىنقلىقلارنىڭ يېنىك قوراللانغان چەۋەنداز-لىرى ئوقيا ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. تاشتىنقلىقلار جەڭ داۋامىدا ئوق يەتكۈدەك ئارىلىقتىن دۈشمەنگە ئوق ياغدۇر-غان، پۈتۈن سەپ بويىچە كەڭ يېيىلىپ، دۈشمەن سېپىنى يان تەرەپتىن قورشىغان.



9 - رەسىم. ئېغىر قوراللانغان تاشتىق پىيادە ئەسكىرى
(ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىم)

تاشتىق چەۋەندازلىرى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ئۇسۇل-لىرى بىلەن تونۇشلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال تۈرلىرى سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزە ئېتىش، يېقىن كەلگەندىن كېيىن نەيزە سانجىش ۋە قىلىچ چېپىشقا ئىمكان بېرەتتى. تاشتىقتا تۈز قىلىچ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ

بىر قىسىم چەۋەندازلىرى ئاتتىن چۈشۈپ، قالقان ۋە ئىككى بىسلىق قىلىچلاردىن پايدىلىنىپ قوچاقلاشما جەڭنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن، تۆز قىلىچ ۋە ئۇزۇن ساۋۇتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى ۋە قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تاشتىقلىقلار زىچ سەپ تۈزۈپ يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلالايدىغان بولغان.

تاشتىق جەڭچىلىرى پىيادە سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنى بىلەتتى. ئالاھىدە يېرى شۇكى، يېنىك قوراللانغان ئوقياچىلار يوغان قالقانلار بىلەن ئۆزىنى قوغدايتتى. ئۇلار زىچ سەپ بولۇپ ياكى چېچىلىپ تۇرۇپ ئوق ئېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئېھتىمال، جەڭلەرگە كېلەڭسىز ئوقياچىلار بىلەن بىللە ئۇزۇن ساپلىق سانجىغۇچى ۋە چاپقۇچى قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەردىكەتچان قىسىملارمۇ ئىشتىراك قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

تاشتىقلىقلارنىڭ مۇھىم تاكتىكىلىق ئۇسۇلى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. رەسىملەر ۋە ئۇششاق سىزمىلاردا بۇلاڭچىلىق مەقسىتىدىكى ئۇشتۇمتۇق ھۇجۇملار، ئولجا ئېلىش، ھودۇققان دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش كۆرۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن. تاشتىقلىقلار قەبىلە توقۇنۇشلىرىدىلا ئەمەس، تاشقى دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇشلارغىمۇ ئىشتىراك قىلغان. قىرغىزلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئىچىدە بۇلاڭچىلىق يۇرۇشلىرىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئورمان قەبىلىلىرى بار ئىدى. قىرغىزلار ئۆزلىرىمۇ يىراق جايلارغا ھۇجۇم قىلاتتى. ئەنە شۇنداق توقۇنۇشلاردىن بىرى تېپىسېي 3 ـ يادىكارلىقى، 1 ـ لەھەتتىكى ئويما رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئورمان جەڭچىلىرىنىڭ دەريادا قولۋاق بىلەن كېلىپ، قىرغىزلارنىڭ قارارگاھىغا بېسىپ كىرگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئاھالە ئۈستىگە توساتتىن بېسىپ كېلىپ، نورغۇن ئولجىنى قولغا چۈشۈرگەن. لېكىن شۇ ئەسنادا قىرغىزلارغا ياردەم كەلگەن ۋە تاجاۋۇزچىلار

ئالمان ـ تالمان ئوق ئېتىپ، قىرغاقتىن يىراقلىشىشقا ئالدىرىغان. 2 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە ياتىدىغان يازما مەنبەلەردىكى قىسقىچە مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە قىرغىزلار سىيانپىلار ۋە جۇرجانلارنىڭ قوراللىق بېسىمىغا دۇچ كەلگەن[60]. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ تەپسىلاتلىرى مەلۇم ئەمەس.

تاشتىقلىقلار ئىستىھكام قۇرۇش ۋە ئىستىھكاملاردا مۇداپىئەلىنىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن. مىنۇسىن ۋە ئاچىن ـ مارىن ئويمانلىقلىرىدىكى قاشالانغان شەھەرلەر ۋە پاناھلىنىش قەلئەلىرى تاشتىق دەۋرگە مەنسۇپ[61]. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسى ھەر خىل. ئىستىھكاملارنىڭ تولىسى تەبىئىي تۆپىلىكلەرگە، ئازراقى تۈزلەڭلەرگە قۇرۇلغان. توپا دۆڭ ياكى ياردىن شەكىللەندۈرگەن مۇداپىئە لىنىيىسى قەلئەنى ئوراپ تۇراتتى ياكى دالىغا قارىغان تەرەپنى توسۇپ تۇراتتى. قەلئەلەردە ئاز بىر قىسىم مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ساقلانغان بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئولتۇراق ئىمارەتلەرنىڭ ئىزنىمۇ كۆرۈنمەيدۇ[62]. بۇ قۇرۇلۇشلار ئۇزاق مۇددەتلىك مۇداپىئەگە ماسلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، ئۇرۇش بولغاندا كىچىكرەك ئۇرۇق ـ قەبىلە بىرلەشمىلىرى ئۈچۈن ۋاقىتلىق پاناھ جاي بولالايتتى. ئۇلار يىرىك ھەربىي قوشۇنلار ئۈچۈن چوڭ توسالغۇ بولالمايتتى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، قىرغىزلارنىڭ تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرا يېنسەينىڭ يايلاق ۋە ئورمان رايونلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشقا ۋە ئەتراپتىكى ئورمان قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا قارىتىلغان. مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەن ئىمپېرىيىلىرىدىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، قىرغىزلار ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئومۇمەن، يېنسەيدە تاشتىق مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاھالىنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتىدە نۇرغۇن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەر بولغان. ئۇ-

لاردا ئالدىنقى دەۋردىگە ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ قالغان ئەنئەنە-ۋى قەدىمىي قورال شەكىللىرى ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشتىقلىقلارنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتى ھۇن كېڭەيمىچىلىكى دەۋرىدە روناق تاپقان بىر قاتار ئىلغار ھەربىي ئىشلار تەمۇنىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە راۋاجلان-دۇرغان. نەتىجىدە، بۇ نەرسىلەر يەرلىك ۋە مەركىزىي ئاسىيا ھەربىي ئىشلار ئەنئەنىلىرىنىڭ ئاجرالماس قىسىمىسىنى تەش-كىل قىلغان.

# بەشىنچى باب يۇقىرى ئوب قەبىلىلىرىنىڭ قورال تۇرلىرى

مۇتەخەسسىسلەر يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى-دىكى قورال - جابدۇقلارنى تەكشۈرۈپ - تەھلىل قىلىشقا كى-رىشكەن. جۈملىدىن ئۇلار ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلارنىڭ ۋاقتىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن ھەرخىل قورال تۈرلىرىنى كۆرۈپ چىققان①. لېكىن، بۇ ماتېرىياللار تېخى قورالشۇناسلىق نۇقتى-سىدىن تەتقىق قىلىنمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەش زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندا، يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتى ئىگىلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى يۇقىرى ئوب، ئالتاي دىيارى، نوۋوسىبىرسكىي ۋە تومىسكىي ئوبلاستى قاتار-لىق جايلاردا تېپىلغان②. مەزكۇر مەدەنىيەت جۇغلانمىسى قور-غان ۋە تۇزلەڭ قەبرىستانلىقلىرى ۋە ئىستىھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ خرونولوگىيىسى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈ-نۈش مەسىلىسى كەسكىن تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرماقتا. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئالمىشىش دەۋرى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىر بىرلىكى يوق③. ھازىرقى تەسەۋۋۇرلارغا ئاساسلانغاندا، گەرچە بىر قىسىم نەرسىلەر ئۇنىڭ-دىن بۇرۇنقى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلگەن بولسىمۇ قورال - جاب-دۇق تېپىلمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق جۇغلانمىلار مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىگە ياتىدۇ.

يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى بارنا

ئۇل، بىيسىك، نوۋوسىبىرسىك، تومسىك مۇزېيلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تەجرىبخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلان قىلىندى. تەتقىقاتىمىزدا مۇزېي ئەۋرىشكىلىرى ۋە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق.

يۇقىرى ئوب جەڭچىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق، يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى (يا ۋە ئوقلارنىڭ پارچىلىرى) ۋە جابدۇقلارنىڭ (ساداقلارنىڭ پارچىلىرى) يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدىكى تارقىلىشى بەك تەكشىسىز.

## ئوقيا

ئوقيا مۇرەككەپ تەركىبلىك بولۇپ، بىر گۇرۇپپا، بىر تىپنى تەشكىل قىلىدۇ. يانىڭ ئىككى بېشىدا، ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بار. تاتار قەبرىستانلىقى (ئوب ۋادىسى) 4 - قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ④. يا ئۇزۇنلۇقى 115 س م، ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلىرى ئۇزۇن، ئەگمەچ، ئىچكى تەرىپىدە، دۈمبە تەرەپتىكى سىرتقى يۈزىدە ۋە باش قىسىملىرىدا قىيپاش كېسىكلىرى بار. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچ ئۇزۇن، تار، ئىككى ئۇچى كېڭەيتىلگەن. باش تەرەپ
قاپلىغۇچ ئۇزۇن، تار، ئىككى ئۇچى كېڭەيتىلگەن. باش تەرەپ
قاپلىغۇچلىرى ئۇزۇن، تار، ئەگمەچ، كىرىنچ باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. باش تەرەپلەردىكى ھەر ئىككى جۈپ قاپلىغۇچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقلىرى ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا قاپلىغۇچلار بىلەن بولغان ئارىلىقلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن يۇقىرى ئوب ئوقياسى غەيرىي سىممېترىك شەكلىدە بولغان دەپ پەرەز قىلىشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئوقيا شەكىل جەھەتتە ھۇن دەۋرىدىكى جەنۇبىي
سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئوقيالىرىغا يېقىن كېلىدۇ. شۇنـ
داق دېيىشكە بولىدۇكى، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى
چارىكىدە بۇنداق ئوقيالار كۆچمەنلەر دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان.
سەل ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، گەرچە ئوق باشاقلىرى ھەر
جايلاردا تېپىلغان بولسىمۇ، يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدا بۇ
خىل ئوقيالار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇچرىمايدۇ.

## ئوق باشاقلىرى

يۇقىرى ئوب ماتېرىياللىرىدىكى ئوق باشاقلىرى ياسالغان
ماتېرىياللىرى بويىچە تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوق باشاقلىرى دەپ
ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىر تارماق
بولۇپ، ساپاقلىقلاردىن ئىبارەت. ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى
بويىچە گۇرۇپپىلارغا، شەكلى بويىچە تىپلارغا بۆلۈنىدۇ.
1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، سەككىز تىپ.
1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي
ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېـ
قىن ئېلبانا XIV، تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ئاقبالىق
VIII (ئوب ۋادىسى)، 8 ـ قورغان ⑥. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنـ
لۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م،
باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، بەلدەمچىـ
سى بار.
2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي سەككىز
نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن ئېلبـ
انا XIV، 2 ـ، 31 ـ گۆرلەر؛ تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ
قورغان؛ ئاقبالىق VIII (ئوب ۋادىسى)، 8 ـ قورغان⑥. ئوق
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق

ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇق شەكلىدە. ئاقبالىق VIII، 8 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑦. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇق شەكلىدە. تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان تۆت نۇسخا ⑧. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، يانلىرى قىڭغىر، قاناتچىلىرى يانتۇ، بەلدەمچىسى بار.

5 ـ تىپ. قاتلاملىق. جەمئىي ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلىپانا XIV، دالا چۇمىش (ئوب ۋادىسى) ⑨. پازىرىق، 6 ـ قورغان، تۈز گۆر⑩. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئوق بېشى ئايرىلىپ تۇرىدۇ، قۇيرۇقچىلىرى بۆرتۈپ چىققان، قاناتچىلىرى تىك ياكى يۇمىلاق. بەزى نۇسخىلارنىڭ ئاستىنقى ئۇچتىن بىر قىسمىدا دۈگىلەك تۆشۈكچىلىرى بار. ئايرىملىرىدا سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلار بار.

6 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. تاتار قەبرىستانلىقى، 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑪. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئىگىلگەن.

7 ـ تىپ. تومتاقلار. دۇبروۋىنىسكىي بورول V (ئوب ۋادىسى) يادىكارلىقى، 2 ـ قورغان، 1 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑫. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇق شەكلىدە،

يانلىرىنىڭ شەكىللىرى بوزۇلغان، قاناتچىلىرى توز.
8 ـ تىپ. باشاق بېشى ئايرىم بولغانلار. يېقىن يېلبانا Ⅲ يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑬. ئوق بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، باشاق بېشى ئايرىم، بويىنى ئۇزۇن.
2 ـ گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ.
1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇك شەكلىدە. يېقىن يېلبانا Ⅲ 6 ـ گوردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑭. ئوق بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، قاناتچىلىرى توز.
3 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، بىر تىپ. تومتاقلار، يېقىن يېلبانا Ⅲ، 6 ـ گوردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇك شەكلىدە، يانلىرى يانتۇ، قاناتچىلىرى توز.
سۆڭەك ئوق باشاقلىرى ساپاقسىز، ساپاقلىق، تۆشۈكى تىندۈرۈلگەنلەر دەپ ئۈچ تارماققا ئايرىلىدۇ.
ساپاقسىز ئوق باشاقلىرى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، رومبا شەكلىدە، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. قاتلاملىق، زۇدىلوۋۇ (ئوب ۋادىسى) يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، باش قىسمى ئايرىلىپ تۇرىدۇ، قويرۇق تەرەپلىرى بۆرتۈپ چىققان، يانلىرى تىك، تۆشۈكى كۆرۈنمەيدۇ.
ساپاقلىق ئوق باشاقلىرى يەتتە گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.
1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، تۆت تىپ.
1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يې-

قىن يېلبانا XII ، 33 ـ گۆر، يېقىن يېلبانا XIV⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1.5، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 12 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا X ، 6 ـ گۆر؛ يېقىن يېلبانا XII ، 33 ـ گۆر؛ دۆبىرووۋىنىسكىي بورول V ، 2 ـ قورغان؛ تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ئاقبالىق VIII ، 1 ـ قورغان، 12⑰. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇڭ شەكلىدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا VII ، 6 ـ گۆر⑱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭ شەكلىدە. جەمئىي 6 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلادا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا XIV ، 40 ـ گۆر؛ ئاقبالىق VII، 8 ـ ، 21 ـ ، 22 ـ قورغانلار ⑲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پارالېل، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 47 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا X ، 6 ـ گۆر؛ يېقىن يېلبانا XIV ، 31 ـ 40 ـ گۆرلەر؛ دۆبرووۋىنىسكىي بورول V ، 2 ـ قورغان؛ تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ئاقبالىق VIII ، 1 ـ ، 3 ـ ، 21 ـ قورغانلار ⑳. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق

ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇك شەكىلدە. ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يىلبانا VII، 6 ـ گۆر؛ تاتار قەبرىستانلىقى، 1 ـ قورغان؛ ئاقبالىق VIII، 6 ـ گۆر؛ تاتار قەبرىستانلىقى، 1 ـ قورغان؛ ئاقبالىق VIII، 3 ـ قورغان㉑؛ پازىرىق، 6 ـ قورغان، ئالتايدىكى تىك گۆر㉒. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى تۈز.

3 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەش بولۇك شەكىلدە. ئاقبالىق VIII، 8 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا㉓. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يوق.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇك شەكىلدە. 10 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يىلبانا VII، 6 ـ گۆر؛ يېقىن يىلبانا XII، 34 ـ گۆر؛ يېقىن يىلبانا XIV، 12 ـ، 40 ـ گۆرلەر㉔. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ گورۇپپا. كۋادرات شەكىلدىكى باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇك شەكىلدە. دۇبروۋىنسكي بورول V، 2 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا㉕. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكىلدە، قاناتچىلىرى يوق.

4 ـ گورۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەش بولۇك شەكىلدە. يېقىن يىلبانا

XII، 6 ـ گۆردىن تېپىلغان بەش نۇسخا ㉖. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يوق.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. سەككىز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلىبانا VII، 6 ـ گۆر؛ ئاقبالىق VIII، 19 ـ قورغان㉗. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يوق.

5 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكلىدە. ئاقبالىق VIII، 3 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉘. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى تىك، قاناتچىلىرى يوق.

2 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. يېقىن يېلىبانا VII، 6 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉙. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن.

6 ـ گۇرۇپپا. تراپېتسىيە شەكلىدىكى باشاقلار، بىر تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئاقبالىق VIII، 18 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉚. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

7 ـ گۇرۇپپا. ئالتە قىرلىق باشاقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئاقبالىق VIII، 1 ـ، 8 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ㉛. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 س م، كەڭلىكى 1.5، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى

تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.
تۆشۈكى تىلىنغان ئوق باشاقلىرى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تۆت قىرلىق، بىر تىپ. ئىلمەكلىك. يېقىن يىللىرى Ⅶ، 33 - گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉜. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2، تۆشۈكى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن.
مەخسۇس ئەسەرلەردە يۇقىرى ئوب ئوق باشاقلىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلەنمەيدۇ. ئا. ئۇمانىسكىي ۋە ت. تروتسكىيلار تۆمۈر ۋە سۆڭەك باشاقلارنىڭ ئايرىم تىپلىرىنى كۆرسەتكەن㉝. يۇقىرى ئوب تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپلىرى خېلى ئۆزگىچە. ئۇلار- نىڭ تولىسى ئۇچ يانلىق (بۇلار ھۇن دەۋرىدە پەيدا بولغان)، يەنە غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدىكىلىرى، قاتلاملىقلار، ئىلمەكلىكلەرمۇ (بۇلار ھۇنلاردىن كېيىنكى دەۋردە پەيدا بولغان) بار. ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق، باشاق ئۇچى ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىرىمۇ، تومتاق- لارمۇ ئۇچرايدۇ (بۇلار مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا خاس). ياپىلاق تومتاقلار ناھايىتى ئاز. كۆرسىتىلگەن باشاق تىپلىرى ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.
توسۇقنى يارغۇچى باشاقتىن بىرىلا تېپىلغان: كېسىلىشى يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق - ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئومۇمەن، يۇقىرى ئوب تۆمۈر باشاقلىرى ئۆلچەم جەھەتتە ھۇن باشاقلىرىدىن كەس- كىن پەرقلىنىدۇ. جەنۇبىي سىبىرىيە، جۇملىدىن تاشتىق باشاق- لىرىغا يېقىن. بۇ باشاقلار شەكىل جەھەتتە مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدا كەڭ تارقالغان باشاقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.
يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدا سۆڭەك ئوق باشاقلىرى تۆمۈر باشاقلارغا نىسبەتەن خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپرەك گۇرۇپپا ۋە تىپلارغا ئايرىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساپاق-

لىق ئوق باشاقلىرى ھەممىدىن كۆپ. ئۇلار يەتتە گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ، ھەر بىر گۇرۇپپا بىر نەچچە تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگۈچى ئۇچ قىرلىق ۋە تۆت قىرلىق-لار گۇرۇپپىلارنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى ئوخشاش بولۇپ، سوزۇن-چاق رومبا شەكلىدە. سوزۇنچاق رومبا ۋە ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى باشاقلار نۇرغۇن مەدەنىيەتلەردە خېلى ئۇزاق ۋاقىت-لارغىچە مەۋجۇت بولغان. يۇقىرى ئوبدا بۇنداق باشاقلار مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمى داۋامىدا ساقلانغان. بۇنداق باشاقلار جەمئىي 67 دانە بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا تۇرلەردىكى باشاقلار ئايرىم سانلاردا ئۇچ-راپ قالىدۇ. مەزكۇر رايونغا خاس بولغانلىرى ئۇچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا، تۆت قىرلىق سوزۇلما بەش بۇلۇڭلۇق سوزۇنچاق رومبا ۋە يۇملاق ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكىللىرىدى-كى باشاقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتىنىڭ سۆڭەك ئوق تۇرلىرىنى تىپو-لوگىيە جەھەتتىن پەقەت ھۇن ئوقلىرىغىلا سېلىشتۇرىمىز. بۇ-لاردىن ئالدىنقىلىرىدا ساپاقلىق باشاقلار، كېيىنكىلىرىدە تۆشۇ-كى تېلىنغان باشاقلار كۆپ. تۆشۇك شەكلى جەھەتتە يۇقىرى ئوب ئوقلىرىغا ئەڭ يېقىن تۇردىكىنى تاشتىق سۆڭەك ئوق تۇرلىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككىسىدىكى تۆت گۇرۇپپا ۋە ئالتە تىپ ئۆزئارا ئوخشىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى ئوب سۆڭەك ئوق تۇرلىرى، ئومۇمەن ئالغاندا، تاشتىق تۇرلىرىگە قارىغاندا خېلى كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا ئالدىنقى سكىف (ساك) دەۋرىدىن قالغان ئوق شەكىللىرى يوق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يۇقى-رى ئوب سۆڭەك ئوق تۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى غەربىي سىبىرىيە ئورمان رايونىدىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلەر نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ چىققان.

يۇقىرى ئوب قەبرىلىرىدە سۆڭەك ئوق باشاقلىرى يىراق

ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاسىتىلىرى ئىچىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ساۋۇت كىيىمگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋاسىتىلىرى ئىچىدە سۆڭەك باشاقلار تۆمۈر باشاقلاردىن كۆپ بولغان. ئايرىم ساندىكى سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلارنىڭ تېپىلغىنىدىن قارىغاندا، يۇقىرى ئوب قەبىلىلىرى بۇ كەشپىياتتىنمۇ خەۋەردار بولغان ㉞. يۇقىرى ئوب ماتېرىياللىرىدا پەي شەكلى ۋە ئوق دەستىلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

## ساداقلار

يۇقىرى ئوب جەڭچىلىرى ئوقلىرىنى ساداقلارغا سالاتتى. گۆرلەردە ساداقلارنىڭ تۆمۈر ئىلمەكلىرى ساقلىنىپ قالغان. تاسمىغا بېكىتىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولغان ئىلمەكلەرنىڭ تۈز مىخى بولغان، مىخنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بالداقچە توسۇقى، سىرتمىقى ياكى تاقاش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ياپىلاق ئەسۋابىنىڭ سۇنۇقى بار㉟. ئاز بىر قىسىم ئىلمەكلەرنىڭ مىخلىرى ئېشلىتىدىغان تەرەپىنىڭ قارشىسىغا ئېگىپ قويۇلغان. مۇشۇنداق ئىلمەكلەر تاشتىق، كۆكەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرىدا بايقالغان. ساداقلارنىڭ شەكلى ۋە ئوقلارنىڭ ئۇنىڭغا سېلىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. يېقىن يېلىباتا (2 ـ گۆر) يادىكارلىقىدا «ساداقنىڭ ياغاچ تۈۋى ۋە قېيىن پوستىدىن ياسالغان ئۇستۇنكى قىسمى» نىڭ قالدۇقلىرى تېپىلغان㊱. قىزىقارلىقى، ھەممە ئوق باشاقلىرى دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ باش تەرىپىگە ئۇچلىرى يۇقىرىغا قارىتىلغان ھالەتتە قويۇلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قېيىن پوستىدىن ياسالغان ساداققا ئوقلار پەيلىك تەرىپى ئاستىغا، باشاق تەرىپى يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىنغان بولۇ-

شى مۇمكىن. تاتار قەبرىستانلىقىدا (4 - قورغان) ئوق باشاقلىرى ئاياغ تەرەپكە قارىتىلغان㊲.

يۇقىرى ئوپ گۆرلىرىدىن تېپىلغان يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى ئاز بىر تۇركۇم چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللار ۋە خەنجەرلەردىن ئىبارەت.

## ئىككى بىسلىق قىلىچلار

بۇ قىلىچ تىغىنىڭ كېسىلىشى بويىچە لىنزا شەكىللىكلەر گۆرۈپپىسىغا ياتىدۇ، بىر تىپ. بالداق توسۇقى يوق. يېقىن يېلبانا Ⅶ، 18 - گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا㊳. تىغ ئۇزۇنلۇقى 80 س م، كەڭلىكى 4، دەستىسى 14 س م. ئىككى بىسلىق، تىغى ياپىلاق، تۈز، تىغ ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، دەستە تۇتقۇچى بىلەن ئۇيۇل سوقۇلغان.

## تۈز قىلىچلار

تۈز قىلىچلار تىغىنىڭ كېسىلىشى بويىچە غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدىكىلەر ۋە ئۇچ قىرلىقلار دەپ ئىككى گۆرۈپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 - گۆرۈپپا. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە، بىر تىپ. بالداق توسۇقى يوق. يېقىن يېلبانا XIV، 29 - گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㊴. تىغ ئۇزۇنلۇقى 60 س م، كەڭلىكى 4، دەستىسى 13 س م. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز، تىغ ئۇچى قوش بىسلىق، دەستىگە يېقىن جايى يۇمىلاق شەكلىدە بۆرتۈپ چىققان. دەستىسىنىڭ تۇتقۇچى تۈز، باش تەرىپى كېڭەيگەن. تىغ يۈزىدە ئۇچ بالداق، سىرتماق ۋە قىنىنى بېكىتىدىغان دېتاللىرى بار.

2 ـ گۆرۈپپا. ئۈچ قىرلىق، بىر تىپ. بالداقسىز. تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا⑩. تىغ ئۇزۇنلۇقى 85 س م، كەڭلىكى 4، دەستىسى 14 س م. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز. تىغ ئۇچىمۇ يەككە بىسلىق، دەستىگە يېقىن جايى چوڭراق. دەستىنىڭ ئوتتۇرىسى تۈز. نۇسخىلاردىن بىرىدە دەستە بېشى دىسكا شەكىللىك مىنېرال تاش بولۇپ، بولتا بىلەن چىڭىتىلغان، يەنە بىرىنىڭ تىغ يۈزىدە غىلاپتىن قالغان ئىككى دانە كەڭ تۆمۈر بالداق بار.

ئەسەرلەردە يۇقىرى ئۇب چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرى كۆپىنچە خرونولوگىيە نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇلغان. م. گرىيازنوۋ ۋە ئا. ئۇمانىسكىينىڭ پىكرىچە، بۇ خىل قوراللار يۇقىرى ئۇب قەبىلىلىرىدە 4 ـ ئەسىردە پەيدا بولۇپ، 5 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن⑪. ئۇمانىسكىي شۇنىڭغا دىققەت قىلغانكى، گۆرلەردە تىغلار بەزى ئىسكىلىتلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنە بەزى ئىسكىلىتلارنىڭ سول يېنىغا قويۇلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، قىلىچلارنىڭ بەلباغقا بېكىتىلىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولغاندەك تۇرىدۇ⑫.

يۇقىرى ئۇب چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرى ئىچىدە چوڭ ئۆلچەملىك تىغلارمۇ بولغان. جەڭ ۋاقتىدا يۇقىرى ئۇب چەۋەندازلىرى ئۇ تىغلارنى چېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سانجىش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن. ئىككى بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلار يادىكارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. قىلىچلار يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋە قوچاقلاشما جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان خىللانغان جەڭچىلەرگىلا بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تىغ شەكىللىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى مەزكۇر رايوندا تىغ ياساش تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. قەيت قىلىش زۆرۈركى، شۇ ۋاقىتلاردا مەزكۇر رايوندا ئىككى بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلار كۆپ ئىشلىتىلمىگەن، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى پۈتۈنلەي

توغرا دېگىلى بولمايدۇ: تېخى سىكىپ (ساك) دەۋرىدىلا چېگرىداش ئالتاي يايلاقلىرىدا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تۈز كېسىلگەن ۋە لىنزا شەكىللىك ئىككى بىسلىق ئۇزۇن قىلىچلىرى بولغان. شۇڭا، يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدىكى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قورالالارنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا، يەنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدىكى قورالالار جۇغلانمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇلار ئاساسەن كىچىكرەك، يېنىك قورالالانغان ھەرىكەتچان ئاتلىق ئەترەتلەر بولالىشچىلىق مەقسىتىدە قوشنىلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندىلا ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. بۇ مەدەنىيەت تارقالغان جايلارنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا كۆپىنچە ئىچكى توقۇنۇشلار بولۇپ تۇراتتى، جەنۇبتا ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىر قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە زور قوراللىق كۈچلەر ئۇرۇشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئاددىي ئىستىھكاملارنىڭ قۇرۇلۇشى روناق تاپمىغان، چۈنكى ئۇنداق ئىستىھكاملار بىلەن ئوبدان قورالالانغان يايلاق كۆچمەنلىرىنى توسۇپ قالغىلى بولمايتتى. يۇقىرى ئوبلىقلار ھۇجۇمغا ئۇچرىغان شارائىتتا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلاتتى ھەمدە دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئالدىغا ئاتلىنىپ چىقاتتى. يۇقىرى ئوب ئوقياچى چەۋەندازلىرى ساۋۇت بىلەن نىقابلانمىغان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىدىغان يېتەرلىك ۋاسىتىلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار دۈشمەننى پاراكەندە قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ئىككى بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلارنى ئىشقا سالىدىغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار ئاساسىي زەربىدارلىق رولىنى ئوينايتتى.

يۇقىرى ئوبلىقلار جەنۇبتىكى قەبىلىلەرنى توسۇش بىلەن ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئوب ۋادىسىنىڭ ۋە شىمالىي ئالتاينىڭ ئور-

مان ۋە يايلاق رايونلىرىنى قوغداپ قالدى. ئېھتىمال، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبىي قوشنىلىرىغا كۆپ قېتىم يۇرۇش قىلغان بولسا كېرەك. تاغلىق ئالتايدىكى پازىرىق قورغانلىرىدىن بىرىگە دەپنە قىلىنغان يۇقىرى ئوب جەڭچىسىنىڭ گۆردىن تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. جەنۇبتىكى، جۈملىدىن تاغلىق ئالتايدىكى قەبىلىلەرنىڭ تەسىرىنى شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يېقىن يېلىغا 14 ـ گۆرىگە بىر ئادەم ئات بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان.

يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتى ئىگىلىرىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى كۆپلىگەن خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قورال‌لارنى ياساشتا ۋە قوغدىنىش كىيىملىرىنى تىكىشتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى قەدىمىي يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى (سۆڭەك ئوق تۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مۇداپىئە پرىنسىپلىرى)، شۇنداقلا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئامىللارنى (ئوقيا قۇرۇلمىسى ۋە تۆمۈر ئوق شەكىللىرىنىڭ تەكرار ئىسلاھ قىلىنىشى) ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى قورال تۈرلىرى كېيىنچە مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ يايلاق رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان.

يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدا قوغدىنىش جابدۇقلىرىنىڭ ھەر خىل دېتاللىرى بايقالغان. تولۇق ساقلىنىپ قالغان ساۋۇتلار ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

## ساۋۇتلار

يۇقىرى ئوب ساۋۇتلىرى ياسىلىش ماتېرىيالى بويىچە بىر خىل بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈر، قاداقلارنىڭ بېكىتىلىش ئۇسۇلى

جەھەتتە بىر تارماق بولۇپ، ھەممىسى چىتىپ بېكىتىلگەن، قاداقلارنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گورۇپپا بولۇپ، ياپىلاق ساۋۇتلار شەكلى بويىچە ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. كۆكرەكنى توسىغۇچى ساۋۇتلار. تاتار قەبرىستانلىقى، 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ㊸. ساۋۇت ئۆلچىمى 37×54 س م. ساۋۇت تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق قاداقلار تۈز سىزىق بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان (3.5×10س م، قېلىنلىقى 0.15 س م). قاداقلار بىر ـ بىرىگە چىشلەشتۇرۇلگەن ھالدا كىيىمگە سىم بىلەن بېكىتىلەتتى. ساۋۇتنىڭ چۆرىسىگە تۆمۈردىن جىيەك تۇتۇلغان. جىيەكلەر قاداقلارنىڭ چەتلىرىگە قالپاقلىق تۆمۈر مىخلار بىلەن بېكىتىلگەن. جىيەكلەرنىڭ تىك چەتلىرى ئۈيۈل، توغرا چەتلىرى قاداقلارنىڭ تىزىلغان تۆت قاتارى بويىچە تۆت قىسىمغا ئايرىلغان. بۇنداق ساۋۇتنى جەڭچىنىڭ بەدىنىگە ماسلاشتۇرۇپ، تىك سىزىق بويىچە ئېگىشكە بولىدۇ. كۆكرەك ساۋۇتى كۆرەك ۋە قورساقنى يېپىپ، ئىككى قولنى بوش قالدۇرىدۇ.

2 ـ تىپ. قاسراقسىمان ساۋۇتلار. يېقىن يېلبانا XIV، 37 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㊹. قاداق ئۆلچىمى 2×7.5 س م. قاسراقسىمان قاداقنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا ئالتە تۆشۈكى بار. ئۈستۈنكى قىرى تۈز، تۆۋەنكى قىرى يۇمىلاق. ئايرىم قاسراقلارغا قاراپ، ساۋۇتنىڭ شەكلى ھەققىدە تولۇق ئىشەنچ بىلەن پىكىر يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ. پەقەت شۇنىلا دېيىشكە بولىدۇكى، قاداقلار بىر ـ بىرىگە توغرا سىزىق بويىچە ئەمەس، ئېگىلىشكە ئاسان بولۇشى پرىنسىپىغا ئاساسەن تىك سىزىق بويىچە چېتىلغان.

ساۋۇتلارنىڭ ھەر خىللىقىدىن قارىغاندا، شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرى ئوبلىقلارنىڭ تاكتىكىسىدا يېقىن ئارى-

لىقتىكى جەڭنىڭ رولى ئېشىپ بارغانلىقتىن، ئەينى دەۋردىكى ئوب ۋادىسىدا قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخ-نىكىسى راۋاجلانغان.

## قورال تۈرلىرى

يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدىكى قورال تۈرلىرى بەكلا غە-لىتە. قوغدىنىش ۋاستىلىرى (جۈملىدىن يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرى) راۋاجلانغان تۇرۇقلۇق، يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى پەقەت يېنىك قوراللانغان دۈشمەنگە زەربە بېرىشكىلا مۆلچەرلەنگەن. قارىماققا زىددىيەتلىك بولغان بۇ مە-سىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ۋە ھەرقايسى ھەربىي قىسىملار تەۋەلىكى بويىچە تۈركۈملەرگە ئايرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى يۇقىرى ئوب قورال تۈرلىرىنى شەرھلەشكە لازىم بولىدىغان ماتېرىياللار ئانچە تېپىلغ ئەمەس. پەقەت شۇنىلا دېيىشكە بولىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى ئوب جەڭچىلىرى يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلاردىن ئە-بارەت بولغان (گۆرلۈكلەردىكى ئىگەر - جابدۇقلار، ھەمراھ قىلىپ كۆمۈلگەن ئاتلار ۋە تۈچ غىلاپلاردىكى چەۋەندازلارنىڭ رەسىملىرىدىن قارىغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ).

مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ يۇقىرى ئوب قوشۇنى ئوخشاشمايدىغان قوراللىنىش بويىچە تۈر-كۈمگە ئايرىلغان. قوشۇننىڭ كۆپ قىسمى ئوقيا، پالتا ۋە خەنـ-جەرلەر بىلەن قوراللانغان چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئوقلىرىنى ھەر خىل ساداقلارغا سالغان. بۇنداق چەۋەندازلار تەنلىرىگە تۆمۈر قاداقلىق ساۋۇت كىيەتتى. شۇ دەۋردە ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جەڭچىلەر چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلار

ئوقيادىن سىرت چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللار، خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان ھەمدە كۆكرەكلىك ياكى قاسراقسىمان ساۋۇت-لارنى كىيىشكەن. لېكىن، بۇنداق بۆلۈنۈش تېخى ئېغىر قورالل-نغان ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئىبارەت يېڭىچە مۇستەقىل قوشۇن تۈرىنى شەكىللەندۈرمىگەن بولسا كېرەك. ئايرىم تۈرلەردە چاپقۇ-چى - سانجىغۇچى قوراللار ساۋۇتلار بىلەن بىرلىكتە كۆرۈلىدۇ. قوغدىنىش كىيىملىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىق جەڭلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان توسۇقنى يارغۇچى ۋاستىلەر (ئوقلار، نەيزىلەر) شەكىللىنىپ چىقمىغان.

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتى ئىگىلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاستىلىك مەلۇمات-لاردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى قەبرىستانلىقلار ۋە ئىستىھكاملارنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرى، قەبرىستانلىقلاردىكى جەڭچىلەر گۆرلىرىنى سېلىشتۇرۇش.

يۇقىرى ئوب قەبرىستانلىقلىرىدىن توققۇزىدا قورال بىلەن دەپنە قىلىنغان ئەھۋال كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئىستىھ-كاملاردا، بىرى ئىستىھكام يوق يەردە. يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتى-نىڭ ئىگىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىستىھكامسىز ئولتۇراق جايلارنى قۇرغان، ئاز ساندىكى جايلارنىڭ ئەتراپىغا يار ۋە خەن-دەكلەرنى كولىغان. گۆرلەرنىڭ تولىسىدا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ جابدۇقلىرىغا خاس قوراللار ئۇچرايدۇ: ئوقلار، خەنجەرلەر، پالتىلار دېگەندەك.

ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى ئوب ئاھالىسىنىڭ قورallıq قى-سىملىرى قەبىلىلەر پىدائىيلىرىدىن تەركىب تاپقان. قورال تال-

لايدىغان ھەممە ئەركەكلەر قوشۇنغا قاتناشقان.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە ئۆزگىچە مۇداپىئە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان ئىستىھكاملار بارلىققا كەلگەن: خەندەكلەر ئىچكى تەرەپتە، كۆتۈرمىلەر سىرتىدا بولغان⑮. ئەسكەرلەر دەپنە قىلىنغان گۆرلەردە يېنىك ۋە ئېغىر قوراللانغان جەڭچىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۇچرايدۇ. ھەربىي قوشۇنلارنىڭ شەكىللىنىش پرىنسىپىنى بۇرۇنقى پېتىچە تۇرۇۋەرگەن دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن دەپنە قىلىنغانلار پەرقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي باشلىقلارنىڭ يېقىنلىرىدىن تەركىب تاپقان «خىللانغان» جەڭچىلەر، ئاددىي ئوقياچىلار ۋە قورالسىز دەپنە قىلىنغانلار بار. ئېھتىمال، جەنۇبىي يۇقىرى ئوب قەبىلىلىرىدە قەبىلە پىدائىيلىرى ئىچىدىن ھەربىي باشلىقلارنىڭ تايانچى سۈپىتىدىكى نۆكەرلەر ئايرىلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئوب ۋادىسىنىڭ ئالتاي ئېگىزلىكىگە تۇتۇشىدىغان ئورمان ۋە يايلاق رايونلىرىدىكى يۇقىرى ئوبلىقلارنىڭ قوراللىرى ۋە جابدۇقلىرى ئۇرۇشقاق دالا كۆچمەنلىرىدىن كېلىدىغان خەۋپ ئازراق بولغان شىمالىي رايونلاردا ياشىغۇچىلارنىڭ قوراللىرىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

## ئۇرۇش سەنئىتى

يۇقىرى ئوب جەڭچىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشقا ماسلاشتۇرۇلغان. ئېھتىمال، مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىلا يۇقىرى ئوب ئاتلىق قوشۇنلىرى چېچىلما سەپ تاكتىكىسىنى قوللانغان بولسا كېرەك. جەڭچىلەر يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە پالتىنى، قوچاقلاشما جەڭدە خەنجەرنى ئىشقا سالغان. قورال تۈرلىرى بەك ئاز، كۆچمەنلەر دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىلەرنىڭ ئىزلىرى كۆپ ئەمەس. 3 — 5 ـ ئەسىرلەردىكى يۇقىرى ئوب ھەربىي قوشۇنلىرى

ئالتايدىكى تاغلىق ۋە يايلاق كۆچمەنلىرى بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇشلار داۋامىدا سالماقلىق زەربە بېرىش قۇدرىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يۇقىرى ئوب ئاتلىق قوشۇنلىرى چېچىلما سەپ تاكتىكىسى بىلەن بىللە پۈتۈن سەپ بويىچە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنىمۇ قوللانغان.

يۇقىرى ئوبلىقلارنىڭ ئىستىھكاملىرى ئۈشتۈمتۇت يۈز بېرىدىغان قوراللىق ھۇجۇملاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن لازىم بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھاسىرە ۋە يىرىك ھەربىي قوشۇنلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

## ئالتىنچى باب بېرىڭ قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىرى

تاغلىق ئالتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بىرىنچى چارىكىگە ۋە ياكى كۆپىنچە ئىككىنچى چارىكىگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلىنىۋاتقان يادىكارلىقلىرىدىكى بىر قىسىم جابدۇقلار ئەسىرلەردە بۇرۇن شەرھلەنگەنىدى. ئۇ ئەسىرلەردە ئاساسەن ۋ. رادلوۋنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاغلىق ئالتاينىڭ جەنۇبىدىن تاپقان قېزىلما ماتېرىياللىرى تونۇشتۇرۇلغان①. ئەھمىيەتلىك يېڭى تېپىلمىلار بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ②.

ئېتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تاغلىق ئالتايلىقلار يادىكارلىقلىرى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلمايدۇ. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا مۇتەخەسسىسلەر ئات بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىشنى «تۈركلەردىن بۇرۇنقى ۋاقىت» قا، «بېرىڭ گۆر تىپى» گە مەنسۇپ دەپ قاراشتى ۋە 4 — 5 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلاشتى③. بېرىڭ تېپىلمىلىرى 1969 ـ يىلى ئېلان قىلىندى④. ھازىر بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دائىرىسى خېلى كېڭەيتىلدى⑤، «تۈركلەردىن بۇرۇنقى ۋاقىت» تا قاشالانغان قەبرىستانلىقلار قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يېڭى مەلۇماتلار پەيدا بولدى. 1977 ـ يىلى مۇتەخەسسىسلەر جەسەتنى ياغاچ تەڭنە ۋە تاش ساندۇقلارغا سېلىپ دەپنە قىلىشنى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش دەۋرىگە ياتىدىغان گۆرۈپپىغا ئايرىدى (مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكى)⑥. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بىر پۈتۈن تاش تۆپىلىك ئاستىغا كۆمۈلگەن جەسەتلىك تاش ساندۇقلار قېزىپ

چىقىرىلدى (مىلادىيە 5 ـ ئەسىر، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرى)⑦. گەرچە تېپىلمىلارنىڭ خرونولوگىيىسى ۋە ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلار بولسىمۇ، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ياتىدىغان يادىكارلىقلاردىكى ماتېرىياللار ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى، ھۇن ۋە تۈرك دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەتنى تەكشۈرۈشتىكى مەنبە سۈپىتىدە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەزكۇر دەۋردىكى تاغلىق ئالتايلىقلار يادىكارلىقلىرىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى موسكۋا، لېنىنگراد، بارنا ئۇل، كېمېرېۋودىكى مۇزېيلار ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئېلان قىلىندى. تەتقىقاتىمىزدا مۇزېي ئەۋرىشكىلىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىدىن پايدىلاندۇق.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تاغلىق ئالتاي زېمىنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى (يانىڭ پارچىلىرى، ئوقلار) ۋە جابدۇقلار (ساداق پارچىلىرى) مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تاغلىق ئالتاي يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممە گۇرۇپپىلىرىدا ئۇچرايدۇ.

## ئوقيالار

ئوقيالار ئات بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنغان يەرلەردىن ۋە ئايرىم گۆرلەردىن تېپىلغان. ئۇلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مۇرەككەپ تەركىبلىك، ئىككى تېپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 ـ تىپ. ئىككى بېشىدا ۋە ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى بارلار. بېرېل (تاغلىق ئالتاي)، 2 ـ قورغان يادىكارلىقىدىن

تېپىلغان بىر نۇسخا ⑧. يانىڭ ئۈلچىمىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. يانىڭ ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار كەڭ، قىسقا؛ ئىچكى يۈزىدە، دۈمبىسى ۋە باش تەرەپلىرىگە قارايدىغان سىرتقى تەرىپىدە قىيپاش كېسىكلىرى بار⑨. باش تەرەپتىكى قاپلىغۇچلىرى ئۇزۇن، سەل ئېگىلگەن، كىرىچ باغلاش ئۇچۇن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. بۇ خىل يا ئەسلى غەيرىي سىممېترىك شەكلىدە بولغانلىقى ئېھتىمال.

2 ـ تىپ. يانىڭ ئىككى بېشىدا، ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچى بارلار. جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بېرىل، 2 ـ قورغان؛ پازىرىق، 24 ـ قورغان؛ بۇلان كوبى Ⅳ — Ⅴ، 7 ـ قورغان؛ كۆك پاش (تاغلىق ئالتاي)⑩. يانىڭ ئۇزۇنلۇقى150 س م. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، بەزىلىرى پارچىلىنىدۇ، سەل ئېگىلگەن. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، تار، بەزىلىرى پارچىلىنىدۇ. باش تەرەپلەردىكى قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، سەل ئېگىلگەن، كىرىچ باغلاش ئۇچۇن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. بەزى يالارنىڭ يالغۇز بىر بېشىدىلا قاپلىغۇچى بار. بۇ بەلكىم غەيرىي سىممېترىك شەكىلدىكى يا بولسا كېرەك.

تاغلىق ئالتايلىقلار يادىكارلىقلىرىدىكى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالار مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا تەئەللۇق بولۇپ، قاپلىغۇچلىرىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار هۇن ۋە كېيىنكى تۈرك ئوقيالىرىنىڭ بەزى تىپلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

## ئوق باشاقلىرى

تاغلىق ئالتايدىكى بېرىل مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوق باشاقلىرى ياسالغان ماتېرىياللىرى جەھەتتە ئىككى خىل بولۇپ،

تۆمۈر ۋە سۆڭەك. تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىر تۈرلۈك بولۇپ، ھەممىسى ساپاقلىق. ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە گۇرۇپپىلارغا، ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا بۆلۈنىدۇ.

1. گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 - تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە، جەمئىي 12 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بالىقتىيول (تاغلىق ئالتاي)، 227 - قورغان؛ ئاق بوم II، 13 - قورغان، 1 - گۆر؛ 14 - قورغان، 1 - گۆر؛ بۇلان كوبى IV، 7 - قورغان⑪. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، بەلدەمچىسى بار. بەزى نۇسخىلارنىڭ ئىسقىرتقۇچ سۆڭەك شارچىلىرى بار.

2 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭ شەكلىدە. بالىقتىيول يادىكارلىقى 227 - قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا⑫. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.2 س م، كەڭلىكى 1.5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى يانتۇ، بەلدەمچىسى بار. ساپىقى سۇنۇپ كەتكەن.

3 - تىپ. قاتلاملىقلار. ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بالىقتىيول، 227-قورغان؛ بۇلان كوبى IV، 7-قورغان⑬. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.5 س م، كەڭلىكى 2.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئۇچى ئايرىم، قۇيرۇقلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى ئەگمە، بەلدەمچىسى بار. بەزى نۇسخىلارنىڭ يانلىرىدا تۆشۈكچىلىرى بار. بەزى نۇسخىلارنىڭ ساپاقلىرىدا سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلىرى بار.

2 - گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، بىر تىپ. ئىلمەكلىك. بېرېل يادىكارلىقى، 3 - قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا⑭.

ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاللىل، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن، بەلدەمچىسى يوق.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى بىر خىل بولۇپ، تۆشۈكى تىلىنغان. ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ پىچىمى بويىچە بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1 - گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 - تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئاق بوم II يادىكارلىقى 13 - قورغان، 1 - گۆر؛ 14 - قورغان، 3 - گۆردىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1، تۆشۈكى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇڭ شەكلىدە. ئاق بوم II يادىكارلىقى 13 - قورغان، 1 - گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، تۆشۈكى 5.1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

تاغلىق ئالتايلىقلار يادىكارلىقلىرىدىكى ئەينى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوق باشاقلىرى كۆپ ئەمەس. تىپلىرىمۇ بىر خىل: تۆمۈر ئوقلار ئىچىدە ئۇچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك شەكىلدىكىلەر ۋە قاتلاملىقلار كۆپرەك. ئوقلارنىڭ بۇنداق تىپلىرى ھەممە يادىكارلىقلار كاتېگورىيىلىرىگە ئورتاق (ئات بىلەن قوشۇپ كۆمۈلگەنلەر، ئايرىم كۆمۈلگەنلەر). شۇڭا، ئۇلار خرونولوگىيە جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي - تەشكىلىي جەھەتتىمۇ ئۆزئارا يېقىنلىشىدۇ. بۇنداق باشاق تىپلىرى ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدا ھۇنلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرغان زامانلاردىن باشلاپلا كۆچمەنلەر دۇنياسىدا بار ئىدى. ھۇنلارنىڭ قاتلاملىق باشاقلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى سەل باشقىچە بولغان. دەل

مۇشۇنداق ئوقلار كېيىنكى قەدىمكى تۈرك دەۋرىدىمۇ خېلى كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن. ئۈچ يانلىق باشاقلارنىڭ ئۈچىنچى تىپتىكى ئۇزۇنچاق ـ ئالتە بۇلۇڭلۇقلىرىمۇ قەدىمكى تۈرك دەۋرىگە مەنسۇپ. ياپىلاق ئىلمەكلىك باشاقلار مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ مەۋجۇت بولغان. بايان قىلىنىۋاتقان گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى ھۇن دەۋرىدىكىگە نىسبەتەن تۈرك دەۋرىدە كۆپرەك بولغان. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاتلاملىق غەيرىي سىممېترىك شەكىلدىكىلەر قاغانلىقلار دەۋرىگە خاس ئەمەس. مۇشۇ جەھەتتىن بۇ تۈر ھۇن، كۆكەل، تاشتىق، يۇقىرى ئوب تۈرلىرىگە يېقىن بولۇپ، ياۋروپا ـ ئاسىيا كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ شۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دەل شۇ دەۋردە يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاسىتىلىرىدىكى ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك شەكىلدىكى ۋە قاتلاملىق تۆمۈر باشاقلار ساۋۇت بىلەن قوغدالمىغان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشكە مۆلچەرلەنگەن. قاتلاملىق باشاقلارمۇ گەرچە غەيرىي مېتال قوغدىنىش يوپۇقلىرىنى تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ. شۇ فۇنكسىيىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، قاتلاملىق باشاقلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرىدىغان تار بېشى ۋە نىسبەتەن ئۇزۇن ئوق گەۋدىسى بولۇپ، خېلى چوڭقۇر تېشىپ كىرىشكە لايىقلاشتۇرۇلغان. قاتلاملىق ئوقلارنىڭ يانلىرىدا دۈگىلەك تۆشۈكچىلىرى بار. مەلۇم بولغان تېپىلمىلار ئىچىدە سۆڭەك ئوق باشاقلىرى نىسبەتەن ئاز. بۇنداق ئوقلار ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنغان گۆردە ۋە بىر جۈپ ئادەم سېلىنغان بىر تاش ساندۇقتا بايقالغان. تۆشۈكى تېلىنغان ئوقلارنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ھۇنلارمۇ، ئوتتۇرا يېنسەي ۋە ئوب ۋادىسىدىكى كۆچمەنلەرمۇ ئىشلەتكەن.

قەدىمكى تۈرك دەۋرىدە بۇنداق ئوقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇل-

غان. تۆشۈكنىڭ تىلىنىش قۇرۇلمىسى بىر ئاز ئۆزگىچە: ئوق گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكىگە تىك هالەتتە تىلىنغان. هۇن يادىكارلىقلىرىدا بۇنداق قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان ئوقلار نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ. ئوق گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكىگە پاراللېل هالدىكى ئويۇقى بولغان ئوقلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. كۆرسىتىلگەن تىپلاردىكى ئوقلار ساۋۇت بىلەن قوغدالمىغان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدىكى ۋە قاتلاملىق تۆمۈر باشاقلارنىڭ ئىسقىرتقۇچلىرى بار. بۇنداق ئىسقىرتقۇچلار هۇنلاردا پەيدا بولۇپ، ئاندىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر جەريانىدا مەۋجۇت بولغان. بەزى باشاق ئەۋرىشكىلىرىدىكى ئىسقىرتقۇچنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۆگەلگەن يىپ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، سۆڭەك شارىكلار ئوق گەۋدىسىنىڭ بەلدەمچىسىگە تاقاپ بېكىتىلگەن بولماستىن، بەلكى سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ ياغاچ دەستىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە باغلانغان. ئېهتىمال، باشاقنىڭ هەرىكەت ئالاهىدىلىكلىرى هېسابقا ئېلىنىپ، ئىسقىرتقۇچ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك.

ئومۇمەن، كۆرسىتىلگەن يادىكارلىقلاردىكى ئوق تۈرلىرى (سانى ئاز، لېكىن تۈرى خېلى كۆپ) يۇقىرى، ئوتتۇرا يېنسەي ۋە ئوب ۋادىسى زېمىنلىرىدىكى دەۋرداش تۈرلەرگە تامامەن ئوخشاش. گەرچە ئەينى دەۋردە تاغلىق ئالتاي كۆچمەنلىرى قوغدىنىش قوراللىرى بىلەن تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئۇلاردا توسۇقنى يارغۇچى باشاقلارنىڭ پۈتۈنلەي يوق بولۇشى سەل ئەجەبلىنەرلىك. دەۋرداش يۇقىرى ئوب يادىكارلىقلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەهۋال كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەهۋال يەرلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئېغىر قوراللارنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى يىراق ئارىلىق جېڭىدە توسۇقنى يارغۇچى ئۇنۇملۇك ۋاسىتىلەر تېخى ياساپ چىقىلمىغان دەسلەپكى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## سادافلار

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تاغلىق ئالتاي كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ ئوق سالىدىغان غىلاپلىرى ساقلىنىپ قالمىغان. شۇڭا، بۇنداق غىلاپلارنى ساداق پارچىلىرىدىكى ئوقلارنىڭ تەركىبى ۋە سادافلارنىڭ ئىلمەكلىرىدىن ئىبارەت ۋاستىلىك بەلگىلەرگە قاراپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن.

بالىقتيۇلدىن (227 ـ قورغان) تېپىلغان ساداق پارچىلىرى ئارىسىدا ئىسقىرتقۇچلىرى بولغان ئۈچ خىل تىپتىكى ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرى بايقالغان. شۇ گۆردىكى بەلباغقا ئېسىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۆچ دېتاللىرى ئىچىدە بىر تۈچ ئىلمەك بولۇپ، ئۇنىڭ تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈز بۇلۇڭلۇق سىرتمىقى ۋە تۈۋىدە بىر بالدىقى بار⑫. بۇ نەرسە سادافنىڭ تۈۋىگە بېكىتىلىدىغان ئىلمەك بولسا كېرەك. ساداق بەلباغقا قىيپاش قىلىپ ئېسىلاتتى. شۇ دەۋرگە ياتىدىغان باشقا گۆرلەردە ساداق ئىلمەكلىرىنىڭ ئوق باشاقلىرى بىلەن بىر يەردە بولغانلىقى كۆرۈلمىدى.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ياتىدىغان يادىكارلىقلاردا يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قورال ـ جابدۇقلىرى كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قورال تىپلىرى بار.

## تۈز قىلىچلار

تۈز قىلىچلار تاغلىق ئالتاينىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنغان گۆردىن تېپىلغان. ئۇلار تىغىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گورۇپپا بولۇپ، ئۈچ قىرلىق، ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. بالدىقى يوق. بېرېل يادىكارلىقى 2 ـ قورغاندىن

تېپىلغان بىر نۇسخا [18]. ئۆلچىمى ئېنىق ئەمەس. تىغى تۈز،
يەككە بىسلىق، ئۇچىنىڭ دۈمبە تەرىپى بىلەنگەن. دەستىسى
سۇنۇپ كەتكەن[19].

2 ـ تىپ. بالدىقى ئېگىلگەن. بېرىل يادىكارلىقى، 3 ـ
قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [20]. ئۆلچىمى ئېنىق ئەمەس.
تىغى يەككە بىسلىق، تۈز، بالدىقى ئۇچ تەرەپكە سەل ئېگىلگەن
ۋە ئىككى ئۇچى دەستە تەرەپكە ئازراق ئېگىلگەن، دەستىسى تۈز
ۋە دەستە بېشى ھالقىسىمان.

ئەينى دەۋردىكى يەككە بىسلىق تۈز قىلىچلار جەنۇبىي سىبى-
رىيىدىكى باشقا كۆچمەنلەر مەدەنىيەتلىرىگىمۇ ئورتاق. كۆرسى-
تىلگەن مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىدا دەستە بېشى ھالقىسىمان بول-
غان مودېللار ۋە تۈز قىلىچ، خەنجەرلەر بار. بېرىل تېپىلمىلىرى-
دىن قارىغاندا، تۈز قىلىچلار تاغلىق ئالتايدا مىلادىيە 1 ـ مىڭ
يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە پەيدا بولغان. بۇنداق قىلىچلارنى بۇ
يەرگە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن
ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا
ھالقىسىمان دەستە بېشى بولغان تۈز ۋە ئىككى بىسلىق قىلىچلار
كۆچمەن سارماتلار ئىگىلىگەن يەرلەردە كەڭ تارقالغان [21]. مىلا-
دىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇنداق قىلىچلار تەڭرى-
تاغ كۆچمەنلىرىدىمۇ بولغان[22]. ئوب ۋادىسىدا مىلادىيە 1 ـ مىڭ
يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىمۇ چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللار-
نىڭ دەستە بېشى شۇ شەكىلدە ياسالغان[23].

## ساۋۇتلار

ساۋۇتلارنى قاداقلارنىڭ شەكلى، بېكىتىش ئۇسۇلى ۋە قوغ-
دىنىش يوپۇقنىڭ دائىرىسى بويىچە بىر تىپقىلا ئايرىشقا بولىدۇ.
بېرىل يادىكارلىقى 3 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [24]

. ئۆلچىمى ئېنىق ئەمەس. ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان تۆت قاداقتىن ئىبارەت ساۋۇت پارچىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بىر چېتى جىيەكلەنگەن. قاداقلار شەكلى، ئۆلچىمى ۋە بېكىتىش تۆشۈكلىرىنىڭ سانى جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن سەل پەرقلىنىدۇ. بۇ ساۋۇت پارچىسى يۇقىرى چۇمىشتىكى تاتار قەبرىستانلىقىدا تېپىلغان كۆكرەك ساۋۇتىنىڭ پارچىسىغا بەكرەك ئوخشايدۇ[25]. كۆكرەك ساۋۇتلىرى ئەينى دەۋردىكى ئوب ۋادىسى ۋە قازاقىستاندا، كېيىنرەك ئوتتۇرا يېنىسەيدە ئىشلىتىلگەنىدى[26]. بۇنداق ساۋۇت يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە جەڭچىنىڭ تېنىنى ئوق ۋە سانجىش زەربىسىدىن قوغدايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق ساۋۇتنى كىيگەن جەڭچى ئوق ئاتقاندا ۋە قىلىچۋازلىق قىلغاندا قوللىرىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتى.

## قورال تۇرلىرى

تاغلىق ئالتاي زېمىنىدىكى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىگە ياتىدىغان يادىكارلىقلاردىكى قورال تۇرلىرى بەكلا ئاز. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قوراللارنى ئوخشاشمىغان يادىكارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگىلى بولىدۇ. بىرىنچى گۇرۇپپا ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنغان گۆرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ قوراللىرى (ئوقيا)، يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ قوراللىرى (چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللار) ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىدىن (ساۋۇت) تىن ئىبارەت تۇرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق تۇرلەر تولۇق بولمىسىمۇ، ئاتلىق ئەترەتلەرنىڭ يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە قانداق ھەرىكەت قوللانغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بېرەل قورغانلىرىدىكى ئاتقۇچى قوراللار تەركىبىدە «ئۆزى

ئاتار يالارنىڭ سۆڭەك ئوقلىرى» بولغان [27]. بۇنداق پەرەز ئىـ
شەنچلىك ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. بۇ نەرسىلەر يۇگەن دېتاللىرى
بىلەن بىللە تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار «ئات ئىسكىلىتىنىڭ شىما-
لىي تەرىپىگە» قويۇلغان. ئات ئىسكىلىتى بولسا، گۆردە ئادەم
ئىسكىلىتىدىن بىر مېتىر ئېگىز يەرگە قويۇلغان [28].

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ سۆڭەك بۇيۇملار ئىگەر ـ جابـ
دۇقنىڭ بېزەكلىرى بولسا كېرەك. يادىكارلىقلارنىڭ ئىككىنچى
گۇرۇپپىسى ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنىمىغان گۆرلەرنى (يالغۇز ۋە
جۇپ كىشىلىك) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى قورال
تۇرلىرى تېخىمۇ ئاز: يا ۋە ئوقلار، ساداقلار، خەنجەرلەر. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسى تۇر جۇغلانمىلىرىغا تەقسىملە-
نىشى تەكشى ئەمەس. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېنىك قو-
راللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر بۇ قوراللارنى ئىگىلەپ، يىراق ئارى-
لىقتىكى جەڭلەردە يا بىلە ئوقلارنى ئىشلەتكەن، لېكىن يېقىن
ئارىلىقتا ئاتلىق سەپ تۇزۇپ، ئۇنۇملۇك جەڭ قىلىش ۋاستىلى-
رىدىن مەھرۇم بولغان. كۆرسىتىلگەن پەرقلەر ھەرقايسى كاتې-
گورىيىلەرنىڭ ھەربىي قوشۇن تۇرلىرى بويىچە پەرقلەنگەنلىكىنى
بىلدۇرمەيدۇ. ئومۇمەن، ھەر ئىككى گۇرۇپپىنى يېنىك قوراللا-
نغان ئاتلىق قوشۇنلارغا مەنسۇپ دېيىش كېرەك. بۇ قوشۇن
ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوراللانغان ۋە ئوخشاشمىغان تاكتىكىلىق
ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان جەڭگىۋار بىرلىكلەردىن تەركىب
تاپقان. ئايرىم جەڭچىلەر قوغدىنىش كىيىملىرىدىن پايدىلا-
نغان.

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

ئەينى دەۋرلەردىكى تاغلىق ئالتايدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرگە
مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار بەك ئاز. س. گ. كلياشتور-

نىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 5 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا جۇرجانلار ئاشىنا كۆچمەن قەبىلىسىنى شەرقىي تۈركىستاندىن ئالتايغا سىقىپ چىقارغان[29]. ئەينى دەۋردە ئالتاي جۇرجان قاغانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىنلارنىڭ قاتارىغا كىرگەن بولسا كېرەك. يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر يەرلىك قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان ۋە «تۈرك» دېگەن يېڭى ئېتنىك نامنى قوبۇل قىلغان[30]. دەسلەپتە يېڭى قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەھمىيەتلىك گۇۋاھلىقى بار: «دەرھەقىقەت، مېنىڭ قوشۇنۇم بار: مەن ئۇنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدىم ۋە كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم»[31]. تۈركلەر يۈز يىل جەريانىدا جۇرجانلارغا قارام بولغان، «ئۇلار ئۇچۇن تۆمۈر ئېرىتكەن» (تۆمۈر بۇيۇملار بىلەن سېلىق تۆلىگەن)، بېقىندى خەلق سۈپىتىدە قارام قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن ئۆزلىرى شۇ قەدەر كۈچىيىپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا جۇرجان قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى[32].

روشەنكى، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىكى ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنغان تاغلىق ئالتاي گۆرلۈكى ۋە قاشالانغان قەبرىستانلىقلارنى ئەنە شۇ دەسلەپكى تۈرك بىرلەشمىسىگە مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ تارىخىي دەۋردە ئاشىنا تۈركلىرى تەشكىللىگەن ھەربىي قوشۇنلار تاغلىق ئالتايدىكى ئاساسلىق قۇراللىق كۈچ بولۇپ قالغانىدى. بۇ رايوندا يەنە تۈركلەردىن باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارمۇ ياشىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز ئادەتلىرى بويىچە دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. گۆر ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا (تاش ساندۇق)، گۆرلەرنىڭ تولىسى يەرلىك ئاھالە تۈركۈملىرىگە تەئەللۇق بولسا كېرەك، چۈنكى مۇشۇنداق دەپنە قىلىش ئادىتى تاغلىق ئالتايدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ مىڭ

يىلدىمۇ بولغان ㉝. بالىقتىيۇلدىكى ياغاچ تەڭنىگە سېلىپ دەپنە قىلىش ئادىتى بۇنىڭدىن سەل پەرقلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كۆمۈلگەن نەرسىلەرنىڭ، جۈملىدىن قوراللارنىڭ تۈرى ۋە شەكلى جەھەتتە ئۇلار ئوخشىشىدۇ. تېپىلمىلار ئىچىدىكى خاس تۈچ قاداقلىرى، توقىلىرى، تاسمىلىرى بولغان قۇراشتۇرما بەلباغ ئۆزگىچە. موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خاد ئۇزۇر ئۇۋۇدسى ساغىل ـ سوموندىكى يالغۇز بىر گۆردىن تېپىلغان قۇراشتۇرما تۆمۈر بەلباغنىڭ شەكلى يۇقىرىدىكىگە يېقىن㉛. بالىقتىيۇلدىكى قۇراشتۇرما بەلباغ چەتتىن كىرگۈزۈلگەن بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇ ئايرىم بىر ئېتنىك تۈركۈمنى كۆرسىتىشكە ئاساس بولالمايدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەرلىك تاغلىق ئالتاي قەبىلىلىرى ئەينى دەۋردە ئاشىنا تۈركلىرىگە قارام بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جۇرجان قاغانلىقىنىڭ چەت جايلىرىدا بىرلىككە كەلگەن «ئايرىم زېمىن» نى تەشكىل قىلغان. ئايرىم ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر تەشكىللىگەن ئاتلىق ئوقياچىلار ئەترەتلىرى تۈرك قوشۇنىنىڭ تەركىبىگە كىرەتتى ھەمدە تېلې قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇرجانلارغا قارشى قوزغىلاڭلارغا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولاتتى. قوشۇن قۇرۇلمىسى تاغلىق ئالتاي كۆچمەن ئاھالىسىنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە تەركىبىگە ماسلاشتۇرۇلغان بولاتتى. قوشۇننىڭ ئەڭ جەڭگىۋار ۋە زەربىدار قىسمى ئاشىنا تۈركلىرىنىڭ پىدائىيلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، لېكىن كۆپچىلىكى بېقىندى قەبىلەرنىڭ قىسىملىرىدىن تەركىب تاپاتتى.

## ئۇرۇش سەنئىتى

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىكى تاغلىق ئالتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر ئېنىق مەلۇماتلارغا ھازىرچە ئىگە بولالمىدۇق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى-

ىنىڭ تاكتىكىلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوراللار ۋە ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار-دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ قوراللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلەر قوشۇن تۈرلىرىنى ئايرىشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. جۇرجان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تاغ-لىق ئالتاي قوشۇنى نىسبەتەن بىر خىل بولغان. قوشۇن يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئوقياچىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەرقايسى ئەترەتلەردىكى يا ۋە ئوق تۈرلىرى ئانچە پەرقلەنمىگەن. بۇنداق قوشۇن پۈتۈنلەي دېگۈدەك چېچىلما سەپ تاكتىكىسىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن: بەلگىلىك ئارىلىقتىن دۈشمەنگە ئوق ياغدۇ-رۇپ، جەڭ مەيدانىدا تېز ھەرىكەت قىلالىغان؛ يان تەرەپتىن تېگىش قىلىشقا تىرىشقان دۈشمەننى ئالداپ، ئۇلارنى قولايسىز شارائىتتا ھۇجۇم قىلدۇرۇش مەقسىتىدە يالغاندىن قاچقان ۋە باشقىلار.

قوشۇن تەركىبىدە ئوقيادىن باشقا يەنە چاپقۇچى - سانجىغۇ-چى قوراللار بىلەن قوراللانغان ۋە بىر قىسىم قوغدىنىش ۋاستى-لىرىگە ئىگە بولغان خىللانغان قىسىملار بولغاچقا، پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يېقىن ئارىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلىشقا، يېقىن كەلگەندە ئوقتىن قوغدىنىشقا مۇمكىن بولغان.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ ئىلغارلاشقان تۈرلىرى، قورال ئىشلەپ چىقىرىدىغان ھۈنەرۋەنلىك بازىسى، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى ۋە قوشۇننىڭ مۇكەممەللەشكەن تەش-كىلىي قۇرۇلمىسى بولغاچقا، ئاشىنا تۈركلىرى تاغلىق ئالتايدا پۈت تىرەپ تۇرالىغان ۋە نىسبىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرە-لىگەن. تېلې قەبىلىلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەربىي ۋە سىياسىي ئۈستۈن-لۈك ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان. بۇ كۈرەش جۇرجان قاغانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە تۈركلەرنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان.

# ئىككىنچى قىسىم

## ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى كۆچمەن-لەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى

(مىلادىيە 6 — 10 - ئەسىرلەر)

مىلادىيە 1 - مىڭ يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا كۆچمەنلەر دۇنياسى ئۆز تارىخىدىكى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويىدى. مىلادىيە 6 - ئەسىردە ياۋروپا - ئاسىيانىڭ دۇناي دەرياسىدىن سېرىق دېڭىز-غىچە ۋە سىبىرىيە ئورمانلىرىدىن تۈركىستاننىڭ چۆللىرىگىچە سوزۇلغان كەڭ يايلاقلىرىدا ياشىغۇچى قەبىلىلەر قەدىمكى تۈرك كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن قىسقا بىر مەزگىل بىرلىككە كەلتۈرۈل-گەنىدى.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىگە قەدىمكى تۈرك-لەرنىڭ چىقىشى بىلەن ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر تەرەققىيات نەتى-جىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بارلىق كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ ئېتنى-نىك مەدەنىيەت قىياپىتى ئۆزگەردى. كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراق قوشنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتې-رىدىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا قۇلدارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ كرىزىس-لىرىنى يېڭىپ، فېئودالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويغان ئولتۇراق دېھقانچىلىق دۆلەتلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى كۆچمەنلەر-نىڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ئىشغالىيەت يۈر-

گۆزۆش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ قويدى. بۇ هال كۆچمەنلەرنى
دېھقانچىلىق دۆلەتلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش ئىستراتېگىيە-
سىنى بىر مەزگىل ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار زور قوشۇن بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كەڭ دائىرىدەزې-
مىن ئىشغال قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، ئولتۇراق قوش-
نىلىرىغا سىلىق تۆلەش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە مەجبۇرىي سودا
شەكىللىرىنى تېڭىش مەقسىتىدە ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم بىلەن بۇلا-
ڭچىلىق قىلىدىغان، چېگرىدىكى جايلارنى ۋەيران قىلىدىغان بول-
دى.

كۆچمەنلەر دېھقانچىلىق دۆلەتلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا
ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىتتىپاقلىشىپ، «ئۆز ئىچىدە» ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى. تاش-
قى ئۇرۇش تەجرىبىلىرى كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىس-
مىدا ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ تەجرىبىلەر ھەربىي رەھبەرلەر
تەرىپىدىن ئەنئەنىۋى ئۇرۇق - قەبىلە ئەقىدىلىرىنى يوقىتىش،
ھەربىي - مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش، كۆچ-
مەنلەر جەمئىيىتىنىڭ تەبىقە قۇرۇلمىسىدا هۆكۈمرانلىق ئورۇن-
نى ئىگىلىگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن
پايدىلىنىلدى. ھەر قايسى ئېتنىك تۈركۈملەر ھەربىي ئۈستۈن-
لۈككە ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن سىياسىي هۆكۈمرانلىق تالىشىش
كۈرىشى كۈچىيىپ كەتتى، ئۇ ياكى بۇ ئېتنىك تۈركۈمنىڭ
كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت تۈزۈلمىلىرى پات - پات ئالمى-
شىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئەينى دەۋردىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ دۆلىتىدە
ئەڭ مۇھىم تاشقى سىياسەت نىشانىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى مۇ-
قىملىقى تۇرغۇزۇلدى: يەنى بىر قاغاننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدى-
كى يايلاق بىرلەشمىسى قۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆتىدى-
غان يىپەك يولىنى كونترول قىلىش دېگەندەك. جۇڭگو ۋە ئوتتۇ-

را ئاسىيا زېمىنلىرىدىكى دېھقانچىلىق دۆلەتلىرى ئاجىزلىشىپ قالغان چاغلاردا كۆچمەنلەر ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى ۋە زېمىن ئىشغالىيەتچىلىكىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرەتتى.

ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى كۆچمەنلەر دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن سىياسىي ۋەزىيەت يەرلىك مېتالچىلىق ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدىكى قورال - ياراغ ياساش ھۈنىرىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن بىر قەدەر ئىلغار قوراللارنى كىرگۈزۈش ۋە قوراللىق بۆلەكچىلىقلار نەتىجىسىدە قوراللارنى ئولجا ئېلىش نەتىجىسىدە قورال - ياراغقا بولغان كەڭ دائىرىلىك ئېھتىياج قىسمەن قاندۇرۇلاتتى.

كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىدىكى قوشۇنلارنىڭ تېخنىكىلىق قورال-لىنىشى داۋاملىق مۇكەممەللىشىپ باردى. يىراق ۋە يېقىن ئارى-لىقتىكى جەڭ قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە تىپولوگىيە تەركىبى كۆپەيدى. مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيانىڭ شەكلى يېڭىلاندى، ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋە توسۇقنى يېرىشقا مۆلچەرلەنگەن يېڭى ئوق تىپلىرى پەيدا بولدى، سەل ئەگرى قىلىچلار بارلىققا كەلدى، تۈز قىلىچلار يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، نەيزە ۋە پالتىلار داۋاملىق ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلىدى. قوغدى-نىش جابدۇقلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. قاسراقسىمان سا-ۋۇتلار ۋە كونۇس شەكلىدىكى دۇبۇلغىلار كەڭ تارقالدى. ئاتلىق ئەسكەر جابدۇقلىرى قۇراشتۇرما بەلباغ، يەلكە تاسمىلىرى، چوڭ قېيىن پوستى ساداقلىرى، قاتتىق ئىگەر ۋە ئۈزەڭگىلەردىن تەركىب تاپتى.

ئەينى دەۋردىكى ھەربىي تەشكىلاتچىلىق ساھەسىدە قوشۇن-نىڭ ئونلۇق بۆلۈنۈش سىستېمىسى داۋاملىق ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلىدى. تۈركلەر ۋە قىرغىزلاردا ئونلۇق سىستېمىسىدىن تاش-قىرى ھەر بىر بۆلۈك قوشۇن يەنە ئىككى قاناتقا ئايرىلاتتى.

قوشۇن يېتەكچى ئېتنىك قەبىلە ۋە بېقىندى قەبىلىلەر ۋەكىللىرى-
دىن تۈزۈلەتتى. شۇ دەۋردە ئېغىر قورال-لانغان ئاتلىق ئەسكەر-
لەردىن ئىبارەت يېڭى قوشۇن تۈرى ئايرىلىپ چىقتى.

كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىدە چېچىلما سەپ ھۇجۇمى
يەنە زىچ سەپ ئۇسۇلى بىلەن تولۇقلاندى، ئىستىھكاملاردىن پايدى-
لىنىش يولغا قويۇلدى. شۇنداقتىمۇ، ئەينى دەۋردە قەلئەلەرنى
مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئىشى كۆچمەنلەرنىڭ
ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلىرىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇلى توختىماي ھۇجۇم
قىلىپ، «قېچىۋاتقان دۈشمەننىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ ئىلگىرى-
لەش» ئىدى.

# بىرىنچى باب قەدىمكى تۈركلەرنىڭ
# ھەربىي ئىشلىرى

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھەربىي - سىياسىي تارىخى، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى، قوراللىنىشى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر قەدىمكى تۈركلەر ھەققىدىكى ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان يازما مەنبەلەر ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرگۈزۈلدى ۋە تەتقىق قىلىندى ①. قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى جىددىي تەكشۈرۈلمەكتە ۋە شەرھلەنمەكتە ②. شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىكى ۋەقەلەر ③، تۈركلەر بەرپا قىلغان ھەربىي - مەمۇرىي سىستېما تەھلىل ④، تاغلىق ئالتاي ⑤، تۇۋا ⑥ ۋە مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن ⑦ تېپىلغان قەدىمكى تۈرك قوراللىرىغا ئائىت ماتېرىياللار تەتقىق قىلىندى.

ھازىر بار بولغان مەنبەلەر ۋە ماتېرىياللار قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى تارقالغان ھەممە زېمىنلارغا تەتبىقلاپ ئومۇملاشتۇرۇشقا مۇھتاج بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىن باشلاپ «تۈرك» ئاتالغۇسى كەڭ تۈردە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى تۈركلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتى بولمىغان بەزى قەبىلىلەرمۇ مۇشۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ئەنئەنە ھازىرقى زامان ئىلمى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. قەدىمكى تۈركلەر ياشىغان يەرلەرنىڭ رېئال چېگرىلىرىدىن يىراق يەرلەردە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ۋە ئايرىم نەرسىلەرمۇ «تۈركلەرنىڭ» دەپ

ئاتالماقتا. ۋەھالەنكى، ھەقىقىي تۈركلەر ياشىغان يەرلەردىكى يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى بەكلا تەكشىسىز. موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىدى. بىرىنچى تۈرك قاغانى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ماتېرىياللار تولۇق تونۇشتۇرۇلمىدى. قەدىمكى تۈرك تاش ھەيكەللىرىنىڭ ⑧ مەنىسى ھەققىدىكى، ئات بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنىشنىڭ ⑨ خرونولوگىيىسى ۋە ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بەس ـ مۇنازىرىلەر بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ماسلاشمايۋاتىدۇ. توپلانغان نەرسىلەر ئىچىدىكى ھەر خىل تىپلار بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكى تۈرك قوراللىرىغا ئائىت ھازىر بار ماتېرىياللارنىڭ تۈرى خېلى كۆپ. شۇڭا، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن بۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاشالانغان قەبرىستانلىقلار، تاش ھەيكەللەر، ئات قوشۇپ دەپنە قىلىنغان گۆرلەر، قىيا تاش سۈرەتلىرى ۋە رۇنىك يېزىقلىرى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىشكە تېگىشلىك ماتېرىياللار قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز. بۇ ماتېرىياللار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ موڭغۇلىيە، تۇۋا، مىنۇسىن ۋە ئالتايدىكى، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي جۇڭگودىكى بارلىق زېمىنلىرىدىن يىغىپ مۇقىملاشتۇرۇلدى. يايلاق بەلبېغىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى مەسىلىسى بىر قەدەر مۇرەككەپرەك. كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ⑩ ۋە قەبرە قورۇلۇشلىرىنى ⑪ بۇلارنىڭ قاتارىغا قوشىدىغان ئايرىم كۆز قاراشلار ھازىرچە پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى مەركىزىي ئاسىيادا بۇ-

لارغا ئوخشايدىغان يادىكارلىقلار يوق.

مەزكۇر تەتقىقاتىمىزدا موسكۋا، لېنىنگراد، سۋېردلوۋ-سىك، نوۋوسىبىرسىك، بارنائۇل، بىيىك، تاغلىق ئالتاي، تومسىك، مىنۇسىن، قىزىل، ئۇلان باتۇر، مۇرەن قاتارلىق جاي-لارنىڭ مۇزېيلار ۋە ئىلمىي ئىنستىتۇتلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قورال - جابدۇق-لىرىغا ئاساسلاندۇق. قىسمەن نەشر بۇيۇملىرىدىنمۇ پايدىلان-دۇق.

قەدىمكى تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق، يې-قىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمكى تۈرك ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلىرىدا يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ قورالى ۋە جابدۇقلىرى كۆپ (يا قالدۇقلى-رى، ئوقلار، سادىقلار).

## ئوقيالار

قەدىمكى تۈرك ئوقيالىرى بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلار قاپلىغۇچلارنىڭ سانى ۋە جايلىشىش ئورنىغا قاراپ بىر نەچچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ ⑫.

1 - تىپ. يانىڭ ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچە-لىرى بارلار. جەمئىي 14 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلا-ردا كۆرۈلىدۇ: كۇدىرگە، 9 -، 22 - قەبرىستانلىق، 4 - نومۇر؛ كاتاندا I، 6 - قورغان؛ كۇروتا I، 1 - قورغان؛ تۇئەكتا، 1 -، 7 - قورغانلار (تاغلىق ئالتاي) ⑬؛ ئايمىرلىغ Ⅲ، 1 -، 2 - قورغان؛ كۆكەل، 23 - قورغـان؛ موڭغۇل ئورمانلىقى، 10 - قورغان (تۇۋا) ⑭؛ گېئورگىي تېغى Ⅲ، 1 - گۆر؛ ئۇيبات Ⅱ، 1 - قورغان؛ كاپچالى Ⅱ، 8 - قورغان

(مىنۇسىن ئويمانلىقى) [15]. ئۈچ ئورۇندىكى يالارنىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانغان: ئۈيبات II، 1 ـ قورغاندىكىسى 134 س م؛ موڭغۇل ئورمانلىقى 10 ـ قورغاندىكىسى 140 س م، ئايمىرلىغ III، 1 ـ، 2 ـ قورغاندىكىسى 148 س م. قاپلىغۇچلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچەملىرى بەكلا خىلمۇخىل. يا ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار تراپېتسىيە شەكلىدە ياكى سوزۇنچاق يۇمىلاق. باش تەرەپلەردىكى قاپلىغۇچلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن، بەزىلىرى قىسقا، بەزىلىرى بەكرەك، بەزىلىرى ئازراق ئېگىلگەن، كىرىچ باغلاش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. قاپلىغۇچلارنىڭ ئىچكى يۈزى ۋە يانىك دۈمبىسىگە قارىتىلغان سىرتقى قىرى ياغاچ يېپىشتۇرۇش ئۈچۈن قىيپاش قىلىپ ياكى تورلاشتۇرۇپ كېسىپ قويۇلغان [16]. بەزى قاپلىغۇچلارنىڭ سىرتقى يۈزىدە قىرىپ چىقىرىلغان. سۈرەتلەر ئۇچرايدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر تىپتىكى بىر قىسىم يا نۇسخىلىرىنىڭ ئەگمىلىرى غەيرىي سىممېترىك ھالەتتە بولغان.

2 ـ تىپ. يانىك باشلىرى ۋە ئوتتۇرىدا بىر جۈپتىن يان قاپلىغۇچلىرى بارلار. ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئارغالىقتى IX، 1 ـ قورغان؛ كۆكەل، 13 ـ قورغان (تۇۋا)، پېرېۋوزىن چاتاس، 82 ـ قورغان (مىنۇسىن ئويمانلىقى) [17]. كۆكەل 13 ـ قورغاندىكى يانىك ئۇزۇنلۇقى ئېنىقلانغان بولۇپ، 146 س م. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار تراپېتسىيە شەكلىدە. باش تەرەپلەرنىڭ قاپلىغۇچلىرى سىلىق ئېگىلگەن ۋە كىرىچ باغلاش ئۈچۈن كېسىپ قويۇلغان. بۇنداق يالار ھەر خىل ئۇزۇنلۇقتا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

3 ـ تىپ. يانىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا بىر جۈپتىن يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچى بارلار. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۇدىرگە، 18 ـ گۆر؛ كاتاندا II، 3 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) [18]. يانىڭ

ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار كەڭ، تىراپېتسىيە شەكلىدە. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار تار، ئىككى ئۇچى ئانچە كېڭەيتىلمىگەن. يانىڭ باش تەرەپلىرىدىكى قاپلىغۇچلار قىسقا ۋە كەڭ، سىلىق ئېگىلگەن. پەرەز قىلىشىمىزچە، بۇنداق يالارنىڭ ئەگمىسى غەيرىي سىممېترىك ھالەتتە بولغان.

4 ـ تىپ. يانىڭ باش قىسىملىرىدا، ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى، ئوتتۇرىدا ۋە ئەگمىلىرىدە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بوروتال، 82 ـ قورغان؛ ياكونۇر، 5 ـ گۆر (تاغلىق ئالتاي)[19]. يانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار تراپېتسىيە شەكلىدە. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار يېسا ۋە تار. ئەگمىلىرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، تار، ئۇچلىرى سەل تارايغان. باش قىسىملىرىدىكى قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، تار، سەل ئېگىلگەن. بۇنداق يالارنى غەيرىي سىممېترىك ھالەتتە بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

5 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى، ئوتتۇرىدا ۋە ئەگمىلىرىدە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. ئۇزۇنتال I، 1 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا[20]. يانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار ئۇزۇن، يوغان، تراپېتسىيە شەكلىدە. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ئۇزۇن ۋە تار، ئۇچلىرى ئانچە كېڭەيمىگەن. ئەگمىلىرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ئۇزۇن ۋە تار. ئۇلار يانىڭ ئىچى تەرىپىگە بېكىتىلگەن. بۇنداق يانىڭ سىممېترىك ھالەتتە بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

6 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى قەبرىستانلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئايمىرلىغ III، 1 ـ، 5 ـ قورغان؛ ئارغالىقتى

قاپچالى Ⅱ ، 1 ـ قورغان، 2 ـ گۆر (تۇۋا) ㉑؛ قاپچالى Ⅰ ، 1 ـ قورغان ㉒ . يانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلىرى كەڭ، يوغان، تراپېتسىيە شەكلىدە ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلىرى ئۇزۇن، يوغان، تار. بۇنداق يا سىممېترىك بولۇشى مۇمكىن.

7 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى بارلار. جەمئىي 24 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى قەبرىستانلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: باۋانتى، 29 ـ قورغان؛ قارا كوبا Ⅱ ، 13 ـ قورغان؛ قۇراي Ⅲ ، 1 ـ قورغان؛ تاشانتا Ⅰ ، 5 ـ قورغان؛ تۇئەكتا، 3 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال Ⅰ ، 2 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال Ⅴ ، 2 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) ㉓؛ قارا چوغا، 4 ـ قورغان؛ كۆكەل، 22 ـ قورغان؛ موڭغول ئورمانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ئارغالىقتى Ⅰ ، 1 ـ قورغان، 1 ـ گۆر؛ ئارغـــا لىقتى Ⅰ ، 5 ـ قورغان؛ چاتى Ⅱ ، 72 ـ ۋە 75 ـ قورغانلار؛ قارا تال Ⅳ ، 7 ـ قورغان (تۇۋا) ㉔؛ قاپچالى Ⅱ ، 3 ـ قورغان؛ ناد پولىيانوي، 12 ـ گۆر؛ قىزىل يار Ⅴ ، 1 ـ گۆر؛ تاشتىق، 10 ـ گۆر؛ تېرىن كېل، 15 ـ قورغان؛ تېپسېي، 67 ـ گۆر؛ شېستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 5 ـ گۆر (مىنۇسىن ئويمانلىقى) ㉕. بۇنىڭدا ئىككى يەردىكى يالارنىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلاندى: قۇراي Ⅳ ، 1 ـ قورغاندىكىسى 110 س م؛ تېپسېي Ⅲ ، 67 ـ گۆردىكىسى 120 س م. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەر خىل، تراپېتسىيە ياكى چالا سوزۇلما ئـەگمـە شەكلىدە. قۇراي Ⅳ ، 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان نۇسخىدىن قارىغاندا، بۇنداق يالار سىممېترىك بولغان.

قەدىمكى تۈركلەردە بۇ تۈردىكى قورالنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى يازما مەنبەلەردە ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ «قوراللىرى ئىچىدە مۈڭگۈز ئوقيالىرى بار»؛ ئۇلار

«ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا» بولغان [26]. كۆدىرگىدىكى ئويما سۈرەتلەردە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە مۈرەككەپ تەركىبلىك ئوقيانى ئېتىۋاتقان تۈرك چەۋەندازلىرى ئىپادىلەنگەن [27].

مەخسۇس ئەسەرلەردە قەدىمكى تۈرك ئوقيالىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى قىسمەن يورۇتۇلغان. ئا. گاۋرىلوۋا [28] ۋە د. ساۋىنوۋ [29] بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. س. ۋاينىشتېيىن [30] ۋە ل. كىزلاسوۋنىڭ [31] ئەسەرلىرىدىمۇ ئوقيا تەرەققىياتى ھەققىدىكى بىر قىسىم مۇلاھىزىلەر بار. ئا. گاۋرىلوۋا بىرىنچى تىپتىكى ئوقيالارنى 4 — 5 ـ ئەسىرلەرگە، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تىپتىكىلەرنى 4 — 7 ـ ئەسىرلەرگە، يەتتىنچى تىپتىكىنى 7 — 10 ـ ئەسىرلەرگە مەتسۇپ [32]، دەپ قارايدۇ. د. ساۋىنوۋ بىرىنچى («ھۇنلارنىڭ»)، ئۈچىنچى («ئۇيغۇرلارنىڭ») ۋە يەتتىنچى («تۈركلەرنىڭ») تىپلاردىكى ئوقيالارنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا باشتىن ئاياغ مەۋجۇت بولغان، دەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، يەنە شۇ دەۋردە قىرغىز، قۇرىقان، تېلېلاردىن ئىبارەت تۈرلۈك ئېتنىك تۈركۈملەرگە خاس بولغان بەشىنچى تىپتىكى ئوقيالارمۇ تارقالغان. ئۇ قۇرۇلما پەرقلىرىنى ئېتنىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ [33].

بارلىق تەتقىقاتچىلار قەدىمكى تۈرك ئوقيالىرى ھۇن ئوقيالىرىدىن كېلىپ چىققان دېگەن كۆز قاراشتا بىردەكلىككە ئىگە. ھۇن ئوقيالىرىنىڭ يان تەرەپلىرىدە ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا ئىككى جۈپ يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغان. دەرۋەقە، ھۇن ئوقيالىرى سايان ـ ئالتايدىكى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا ياتىدىغان يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. ئەينى دەۋردە بۇ خىل قۇرۇلما ئۆزگىرىشكە باشلىغان: ئوتتۇرىدىكى قاپلىغۇچلار، كاۋاك قاپلىغۇچلار، يانىڭ بىر ياكى ھەر ئىككى بېشىدىكى قاپلى-

غۇچلار يوق بولغان.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، تىپولوگىيىلىك پەرقلەر ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، تىپلارنىڭ تولىسى ئايرىم ساندىكى ۋە ئانچە ياخشى سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان تېپىلمىلار بولۇپ تۇرماقتا. بىرىنچى ۋە يەتتىنچى تىپلاردىكى ئوقيالارنىڭ سانى كۆپرەك. كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەردىن قارىغاندا قول بىلەن ئاتقۇچى قوراللارنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق يۈزلىنىش بولغان: يانىڭ ئۆلچىمى كىچىكلىتىلىپ، ئەگمىلەرنىڭ سىممېترىيىسى ساقلاپ قېلىنغان، تۆۋەندىكى ئەگمە كىچىكلىتىلىپ، يانىڭ غەيرىي سىممېترىيىلىكى ئاشۇرۇلغان، كاۋاك قاپلىغۇچلارنىڭ ھەجمىنى ۋە سانىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق يانىڭ سىممېترىيىسىگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاتلىق قوشۇننىڭ تېز ھەرىكەتلىنىش ۋە چېچىلما ياكى زىچ سەپ ھالىتىدە ھەرخىل ئارىلىقلاردىن نىشانغا ئېتىشتا ئوقيانىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىدىن كېلىپ چىققان. ئالدىنقى دەۋردە بارلىققا كېلىپ تاكى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشقان يا ئەگمىلىرىنىڭ غەيرىي سىممېترىك شەكلىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئوقيا ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى [31]. ۋەھالەنكى، تۈرك يادىكارلىقلىرىدا غەيرى سىممېترىك ئوقيالار ئانچە كۆپ ئەمەس. يا قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشى باش تەرەپلەردىكى قاپلىغۇچلارنى ئازايتىش ياكى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاش ھېسابىغا ئىلگىرىكى قاتتىقلىق ۋە ئەۋرىشىملىك دائىرىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقيانىڭ ئۆلچەملىرىنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت بولغان. ئوتتۇرىدىكى تۇتقۇچ، يەنى يانىڭ سول قول ئالقىنى بىلەن تۇتۇلىدىغان ئورنى ئانچە ئۆزگەرتىلمىگەن. بۇنداق ئەھۋالنى بىرىنچى ۋە يەتتىنچى تىپلاردىكى ئوقيالاردىن

روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئوقيالارنىڭ ئۇلچەملىرى 134 ـ 148 سانتىمېتىردىن 110 ـ 120 سانتىمېتىرغىچە كىچىكلىتىلـگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تەتقىقاتچىلارنىڭ يەتتىنچى تىپتىكى ئوقيالارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىـقى دەۋرى بىلەن باغلىغانلىقى توغرا بولغان.

ھالبۇكى، باش تەرەپلەردىكى قاپلىغۇچلار پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن. بىر قاتار نۇسخىلاردا باش تەرەپلەردىكى قاپلىغۇچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قىسقارتىپ، ئەۋرىشىملىك دائىرىسىنى ئاشۇرۇش ھېسابىغا ئوقنىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى تەلەپكە يەتكۈزۇلگەن. كەڭ تارقالغان ئىككى تىپتىكى سىممېترىك ئوقيالار تاكى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەۋجۇد بولغان. ئاخىرى، ئۇلار يانىڭ ئوتتۇرى ۋە ئەگمىلىرىگە كاۋاك قاپلىغۇچ بېكىتىش ئارقىلىق ئوقيا قۇرۇلمىسىدا قاتتىقلىق دەرىجىسىدىنلا ئەمەس، ئەۋرىشىملىكتىنمۇ پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغان. گەرچە ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچلار ھۇن ئوقيالىرىدا قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئوقيانى ياخشىلاشتىكى بۇ جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە ئەمەلىيلەشتى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچنىڭ يوغانلىقى ۋە چىڭلىقى ئاشۇرۇلدى، كېيىنچە يەنە ئەگمىلىرىگىمۇ قاپلىغۇچلار قويۇلدى.

## ئوق باشاقلىرى

ئوق باشاقلىرى قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى تارقالغان ھەممە جايلاردا بار بولۇپ، گۆرلەرگە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئىچىدە ۋە خاتىرە يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى تۈرك ئوق باشاقلىرى ياسالغان ماتېرىيالى بويىچە ئىككى خىلغا — تۆمۈر ۋە سۆڭەك ئوق باشاقلىرىغا ئايرىلىدۇ. تۆمۈر باشاقلارنىڭ ھەممىسى ساپاقلىق بولۇپ، ئوق گەۋدىسىنىڭ

پىچىمى بويىچە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا، ئوق گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، ئون تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي 15 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: باۋانتى، 19 ـ قورغان؛ بوروتال، 82 ـ قورغان؛ كۇدىرگە، 18 ـ گۆر؛ قۇراي Ⅳ، 1 ـ قورغان؛ تۇئەكتا، 3 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال، 2 ـ قورغان؛ ياكونۇر، 5 ـ گۆر (تاغلىق ئالتاي) ㉟؛ ئۇلۇغ خورۇم، 1 ـ گۆر؛ باي ئورمانلىقى، 5 ـ قورغان (تۇۋا) ㊱؛ قاپچالى Ⅰ، 2 ـ قورغان؛ تېپسېي Ⅲ، 67 ـ گۆر؛ ئېبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان (مىنۇسا) ㊲؛ نايما تولغوي (موڭغۇلىيە) ㊳. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. 21 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تالدۇرا Ⅰ، 2 ـ قورغان؛ كېركېچۇ، 6 ـ نومۇر (تاغلىق ئالتاي) ㊴؛ شىنۇرمىساك تېپى، 2 ـ نومۇر؛ ئارغالىقتى Ⅷ، 2 ـ قورغان؛ كۆكەل، 22 ـ قورغان؛ موڭغۇل ئورمانلىقى، 4 ـ، 5 ـ قورغانلار؛ ئايمىرلىغ Ⅲ، 1 ـ، 4 ـ قورغان (تۇۋا) ㊵؛ تېپسېي Ⅲ، 3 ـ گۆر؛ شېستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 6 ـ گۆر (مىنۇسا) ㊶؛ ئارغان غول (موڭغۇلىيە) ㊷. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تىك. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. 17 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كاتاندا Ⅱ، 4 ـ قورغان؛ قۇراي Ⅳ، 1 ـ قورغان؛ تۇئەكتا، 7 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال Ⅰ، 2 ـ قورغان؛ چوڭ كۇرماناك Ⅰ، 2 ـ قورغان؛

كېركېچۆ، 6 ـ نومۇر (تاغلىق ئالتاي) ㊸؛ شـۇرمـاك تېپى، 2 ـ قورغان؛ ئۇلۇغ خورۇم، 1 ـ گۆر؛ ئايمىرلىغ Ⅲ، 1 ـ 5 ـ قورغان؛ كۆكەل، 23 ـ قورغان (تۇۋا) ㊹؛ قاپچالى Ⅱ ، 2 ـ قورغان؛ تېپسېي Ⅲ، 28 ـ گۆر؛ شېستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 6 ـ گۆر (مىنۇسا) ㊺؛ ئارغان غول ㊻. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م، كەڭلىكى 1.5، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى تۇز.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بولۇك شەكلىدە. 49 نۇسخا بولۇپ تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قـارا كـوبا Ⅱ ، 13 ـ قورغان؛ كۇدىرگە، 5 ـ، 22 ـ گۆرلەر؛ قۇراي Ⅳ ، 1 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال Ⅰ ، 2 ـ قورغان؛ ياكونۇر، 5 ـ گۆر؛ كېركېچۆ، 6 ـ قورغان؛ تالدۇرا Ⅰ ، 2 ـ قورغان؛ ㊼؛ قاراتال Ⅳ ، 7 ـ قورغان؛ باي داغ، 90 ـ قورغان؛ موڭغۇل ئورمانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ㊽؛ قاپچالى Ⅱ ، 2 ـ، 67 ـ گۆرلەر؛ ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان؛ شېستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 6 ـ گۆر ㊾؛ ئارغان غول ㊿. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 3، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇك شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تۈز. بەزى نۇسخىلارنىڭ يانلىرىدا دۇگىلەك تۆشۈكچىلىرى بار.

5 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇك شەكلىدە. 76 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بوروتال، 82 ـ قورغان؛ كۇدىرگە 5 ـ، 9 ـ، 11 ـ، 19 ـ، 22 ـ گۆرلەر؛ كاتاندا Ⅱ ، 4 ـ قورغان؛ قۇراي Ⅳ ، 1 ـ قورغان؛ كۆك پاش، 2 ـ قورغان؛ كېركېچۆ، 6 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) 51؛ ئارغالىقتى Ⅷ ، 2 ـ قورغان؛ قاراتال Ⅳ ، 7 ـ قورغان؛ كۆكەل، 13 ـ، 22 ـ، 23 ـ قورغانلار؛ چاتى Ⅱ ، 72 ـ قورغان؛ ئايمىرلىغ Ⅲ ، 1 ـ 4 ـ قورغان؛ موڭغۇل ئورمانلى-

قى، 4 ـ، 5 ـ قورغانلار ㉜؛ قاپچالى Ⅱ، 8 ـ قورغان؛ شىستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 6 ـ گۆر (مىنۇسا) ㉝؛ ئارغان غول (موڭغۇلىيە) ㉞. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ. بەزى نۇسخىلارنىڭ يانلىرىدا يۇمىلاق ياكى ھەرخىل شەكىللەردىكى تۆشۈكچىلىرى بار.

6 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قارا كوبا Ⅱ، 13 ـ قورغان؛ قۇراي Ⅳ، 1 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) ㉟؛ ئارغان غول (موڭغۇلىيە) ㊱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1.5، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1.5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى ۋە ئىلمەكلىك.

7 ـ تىپ. ياي شەكلىدە. ئايمىرلىغ Ⅲ، 1 ـ، 4 ـ قورغاندىن (تۇۋا) تېپىلغان بىر نۇسخا ㊲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 4.6، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى يۇمىلاق، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ. يانلىرىدا يېرىم ئاي شەكلىدىكى تۆشۈكچىلىرى بار.

8 ـ تىپ. تومتاقلار. ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تكۆەن سورۇ، 1 ـ B ۋە 2 ـ B قورغانلار (تاغلىق ئالتاي) ㊳؛ قاپچالى Ⅱ، 2 ـ قورغان ㊴. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 4، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6.5 س م. بازاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تۈز، يانتۇ ياكى ئېگىلگەن. بىر نۇسخىنىڭ يانلىرىدا يۇمىلاق تۆشۈكچىلىرى بار.

9 ـ تىپ. سىلىق ئۇچلانغانلار. ئېبىرغىس كىستە قەبرىستانلىقى 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㊵. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2.5، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 0.5 س م. باشاق ئۇچى يۇمىلاق، يانلىرى كەڭ، قۇيرۇقچىلى-

ـرى يېيىلغان، قاناتچىلىرى يايسىمان.

10 ـ تىپ. باشاق ئۇچى ئايرىم ۋە ئىلمەكلىك. كۇدىرگە قەبرىستانلىقى 11 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا [61]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.0 س م. باشاقنىڭ ئايرىلىپ تۇرىدىـ غان ئۇچى تار، رومبا شەكلىدە، ئىلمەكلىك.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىق ـ ئۇچ يانلىق باشاقلار، بىر تىپ. باشاق ئۇچى ئايرىم. كېركېچۇ، 6 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [62]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 س م، كەڭلىـ كى 1س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە، ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوق بېشى ئۇچ قىرلىق، بوينى ئۇچ يانلىق.

3 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كاتاندا Ⅱ، 4 ـ قورغان؛ تالدۇرا Ⅰ، 2 ـ قورغان [63]؛ چاتى Ⅱ، 75 ـ قورغان (تۆۋا) [64]؛ ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان [65]. باشاق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان تار بولۇق شەكلىدە، بەزىلىرىنىڭ توسۇقى بار، بەزىلىرىنىڭ يوق.

2 ـ تىپ. باشاق ئۇچى ئايرىم. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەنـ دىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۇدىرگە، 5 ـ گۆر؛ كاتاندا Ⅱ، 1 ـ قورغان؛ قوراي Ⅲ، 1 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) [66]؛ ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان [67]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 0.8 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى ئايرىم، تار بولۇق شەكلىدە ۋە بوينى ئۇزۇن.

4 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: بوروتال، 82 ـ قورغان؛

تۇئەكتا، 1 ـ قورغان؛ [68]؛ بايىن داۋانە ئامان (موڭغۇلىيە) [69]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان [70]؛ بايىن داۋانە ئامان [71]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.3 س م، كەڭلىكى 5.1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5.0 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، توسۇقى بار.

3 ـ تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. چوڭ كۇرماناك I، 2 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) دىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا [72]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى ئايرىم تار بۇلۇڭ شەكلىدە، بوينى ئۇزۇن.

4 ـ تىپ. تومتاقلار. تۇئەكتا قەبرىستانلىقى 7 ـ قورغاندىن (تاغلىق ئالتاي) تېپىلغان بىر نۇسخا [73]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، توسۇقى بار.

5 ـ گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. قارا چوغا قەبرىستانلىقى 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [74]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5.0 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

6 ـ گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، يەتتە تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. ئون نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كاتاندا I، 6 ـ قورغان [75]؛ ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان؛ ئۇيبات II، 1 ـ قورغان [76]؛ بايىن داۋانە ئامان [77]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 4 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. تاغلىق ئالتاي ۋە بايىن داۋانە ئامان يادىكارلىقىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا [78]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 7 س م، كەڭلىكى 5.1 س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە ئايرىم، بويىنى ئۆزۈن.

3 ـ تىپ. تومتاقلار. تاغلىق ئالتاي ۋە ئىبىرغىس كىستە قەبرىستانلىقى 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا [79]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 4 س م، كەڭلىكى 3 س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 4 س م. باشاق ئۇچى تۈز، قاناتچىلىرى يانتۇ.

4 ـ تىپ. سىلىق سوزۇنچاق شەكلىدە. ئىبىرغىس كىستە قەبرىستانلىقى 4 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [80]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 5.6 س م، كەڭلىكى 4س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 5.0 س م. باشاق ئۇچى يۇمىلاق، ئوق گەۋدىسى يوغان، قۇيرۇقچىلىرى كەڭ ۋە قانائەتچىلىرى يۇمىلاق.

5 ـ تىپ، يايسىمانلار. كۆكەل قەبرىستانلىقى 13 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [81]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 7 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 4 س م. باشاق ئۇچى يۇمىلاق، ئوق گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

6 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. بايىن داۋانە ئامان يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [82]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 8 س م، كەڭلىكى 5 س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى يوغان، قاناتچىلىرى يانتۇ.

7 ـ تىپ. ئاراسىمان شەكلىدە. بايىن داۋانە ئامان يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [83]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۆزۈنلۈقى 3.5 س م، كەڭلىكى 2س م، ساپاق ئۆزۈنلۈقى 5.2 س م.

باشاق ئۇچى ئويمان، ئوق گەۋدىسى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ.

7 ـ گۇرۇپپا. ئىككى يانلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭ شەكىلدە. كىركىچۇ، 6 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [84]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، ئوق گەۋدىسى كەڭ، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. تاغلىق ئالتايدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2.5 س م. باشاق ئۇچى تار ۋە ئايرىم، بويىنى ئۇزۇن.

8 ـ گۇرۇپپا. سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك باشاقلار، بىر تىپ. قارا تېنىش (تاغلىق ئالتاي) يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [85]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى ساپاقسىز ۋە ساپاقلىق دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. ساپاقسىز باشاقلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تۆت قىرلىق، ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇقلار. قۇراي IV قەبرىستانلىقى 2 ـ قورغاندىن (تاغلىق ئالتاي) تېپىلغان بىر نۇسخا [86]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، باشاق ئۇچى ئوق گەۋدىسى بىلەن قوشۇلۇپ تار بۇلۇڭ شەكىلدە، تۆشۈكى كۆرۈنمەيدۇ.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. تاغلىق ئالتايدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكى كۆرۈنمەيدۇ.

ساپاقلىق باشاقلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۈچ قىرلىق، بىر

تېپقا ئايرىلىدۇ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. كۆكەل قەبرىستانلىقى 23 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا[87]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى ئار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

ئوق باشاقلىرى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى سانىمۇ، تۈرىمۇ كۆپ تېپىلمىلار كاتېگورىيىسى بولۇپ تۈرۈقلۇق تېخىچە سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان. ب. ئوۋچىننىكوۋا، س. ۋاينىشتېين، ل. كىزلاسوۋلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قەدىمكى تۈركلەر ئىشلەتكەن ئۇ ياكى بۇ تىپتىكى ئوقلارنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە سۆزلىنىدۇ[88]. مىنۇسىن ئويمانلىقى ۋە تاغلىق ئالتايدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك ئوقلىرىنى بىز سىستېمىلاشتۇرغاندۇق[89].

قەدىمكى تۈركلەردە كەڭ تارقالغان ئوق باشاقلىرىنىڭ ئايرىم تىپلىرى (مەسىلەن، تۆمۈر ئۈچ يانلىقلار: غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا شەكلىدىكىلەر، ئىلمەكلىكلەر، ياپىلاق سوزۇلما رومبا ۋە يايسىمانلار؛ ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدىكىلەر) ھۇن دەۋرىدىكى يادىكارلىقلاردىن مەلۇم. ھالبۇكى، تۈركلەردە بۇ باشاقلارنىڭ نىسبىتى ۋە ئۆلچەملىرى بىر ئاز ئۆزگەرگەن، شۇنداقلا باشقا تېپىلمىلار ئىچىدىكى نىسبىتىمۇ ئۆزگەرگەن.

ئەينى دەۋردە تۆمۈر ئۈچ يانلىق باشاقلار كەڭ تارقالغان ۋە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئۇلار قەدىمكى تۈرك ئوق باشاقلىرى جۇغلانمىسىدىكى 220 نۇسخا ئىچىدە 180 (81%) نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەكى (117 نۇسخا، 26%) ئاساسلىق ئىككى تىپقا مەنسۇپ: ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇقلار ۋە ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇقلار. غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك باشاقلارمۇ خېلى كۆپ (59 نۇسخا، 26%). باشقا تىپلار ئايرىم

تېپىلمىلاردىن ئىبارەت (1 — 5 نۇسخا)، ياپىلاق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىلدىكىلىرى سەل كۆپرەك (10 نۇسخا).

شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى تۇركلەردە ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرىنىڭ ھەر قايسى تىپلىرى كەڭ تارقالغان، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئوقلار يېنىك قوراللانغان دۈشمەننى ئېتىشقا مۆلچەرلەنگەن. مۇشۇ خىلدىكى نىشانلارغا ئېتىش ئۈچۈن ئۈچ يانلىق باشاقلارمۇ ئىشلىتىلگەن، ئېھتىمال بۇلار ئىزدىنىش تىپلىرى: ئىلمەكلىكلەر، ياپىسمانلار، تومتاقلار، سىلىق ئۇزۇنچاقلار، ئوق بېشى ئايرىم ئىلمەكلىكلەر بولسا كېرەك. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككى يانلىق، تۆت يانلىق ۋە ياپىلاق باشاقلارمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. توسۇقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىق، ئۈچ قىرلىق، تۆت قىرلىق ۋە يۇمىلاق باشاقلار ئىشلىتىلگەن. توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ شەكىللىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، سانى كۆپ ئەمەس. بۇ خىل ئوقلار جەمئىي 21 نۇسخا بولۇپ، 10% گە يەتمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۈركلەرنىڭ ھەربىي كۈچى يۈكسەلگەن زامانلاردا توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارغا بولغان ئېھتىياج ئانچە گەۋدىلىك بولمىغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆچمەنلەر دۇنياسىدىكى ئاساسلىق دۈشمەنلىرىنىڭ ساۋۇت كىيىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى يوق ئىدى.

بىرىنچى قاغانلىق ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغان 6 — 7 - ئەسىرلەر يادىكارلىقلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ ئوق تۈرلىرى ھازىرغىچە ئانچە كۆپ تونۇشتۇرۇلمىدى. بۇلاردىن ھازىرچە مەلۇم بولغانلىرى مۇنۇلار: ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق، ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇق، ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق، ئوق بېشى ئايرىم ئىلمەكلىكلەر. شۇ دەۋردە توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار، جۈملىدىن ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدىكى ئوقلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېھ-

تىمالغا يېقىن.

7 — 8 - ئەسىرلەردە، يەنى ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرىكى باشاق تىپلىرىدىن باشقا يەنە ئۈچ يانلىق يايسىمانلار، تۆت قىرلىق ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇقلۇقلار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان شەكىللەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى كېڭەيدى: بۇ دەۋرگە كەلگەندە ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەننى ئېتىشقا ۋە توسۇقنى يېرىشقا لايىقلاشتۇرۇل-غان باشاقلار بارلىققا كەلدى.

8 — 10 - ئەسىرلەردە، گەرچە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى يوقالغان بولسىمۇ، تۈركلەرنىڭ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى تېخىمۇ كۆپ خىللاشتى. مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بىلەن ھەم شۇنداقلا توسۇقلۇق دۈشمەننى ئېتىشقا مۇۋاپىقلىشىش تەلىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۈشمەن تەرەپتە قوغدىنىش ۋاستىلىرى-نىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۈركلەردىمۇ توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ سانى ۋە تۈرى كۆپىيىپ بارغان. ئۈچ قىرلىق ئۈچ يانلىق ۋە يۇملاق باشاقلارمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەننى ئېتىش ئۈچۈن ئۈچ يانلىق ئوق باشاقلىرى-دىن تاشقىرى يەنە ئىككى يانلىق، تۆت يانلىق ۋە ياپىلاق باشاقلار-مۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. تۈركلەر ئۇيغۇر قوشۇنلىرىدىن؛ كېيىنچە يەنە قىرغىز قوشۇنلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي قى-سىملىرىنى تەشكىل قىلغان بولغاچقا، تۈرك چەۋەندازلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى رولى ئۆسكەن، چۈنكى ياردەمچى قىسىملار ئادەتتە يېنىك قوراللانغان ئوقياچىلاردىن تەركىب تاپاتتى.

تۈركلەر سۆڭەك ئوق باشاقلىرىنى ناھايىتى ئاز ئىشلەتكەن. سۆڭەك باشاق نۇسخىلىرى مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى تاغلىق ئالتاي ۋە تۇۋا يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ياردەمچى ئاتلىق قىسىملارنى تەشكىل

قىلغان يېنىك ئاتلىق ئوقياچىلىرى تۆمۈر باشاقلار يېتىشمەي قالغاندا سۆڭەك ئوقلارنى ئىشلەتكەن بولسا كېرەك.

تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىلەن بىللە كۆپ ھاللاردا يەنە ئىسقىرتقۇچلار، يەنى تۆشۈكچىلىرى بار كاۋاك سۆڭەك شارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. سالنامىلەردە يېزىلىشىچە، ئىسقىرتقۇچنى ھۇنلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى ئىجاد قىلغانمىش [90]. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سۆڭەك شارچە ئۈچ يانلىق ئوق ئۇچقاندا، دۈشمەننى ۋەھىمىگە سېلىپ ئاتلىرىنى ئۈركۈتىدىغان چىرقىراق ئاۋاز چىقىراتتىكەن [91]. بۇنداق شارچە، ئېھتىمال ئوق دەستىسىنىڭ ئۇچى بىلەن باشاقنىڭ ساپىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ھالقا سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسا كېرەك. بۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېپىلمىلار ئىچىدە تۆشۈكسىز شارچىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئۇچقاندا ئەلۋەتتە ئاۋاز چىقىرالمايتتى.

بەزى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدا ئوقلارنىڭ ياغاچ دەستىلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى سۇنۇق. دەستىلەرنىڭ كېسىلىشى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ باش قىسمى نېپىز قېيىن پوستى بىلەن ئورالغان، قۇيرۇق قىسمى كىرىچنى تارتىش ئۈچۈن ئېرىقچە شەكلىدە كېسىپ قويۇلغان. بەزى دەستىلەرنىڭ قۇيرۇقىدىكى كېسىككە يېقىن يېرى قىزىل ۋە قارا بوياق بىلەن بالداقچە شەكلىدە بوياپ قويۇلغان. جەڭچى دەستىنىڭ بويالغان رەڭگىگە قاراپ، كېرەكلىك باشاقنى دەرھال تاللاپ ئالالىغان [92]. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوقلار ئۈستى يېپىلىدىغان ساداقلارغا باشاقلىرى تۆۋەن قىلىپ سېلىنغاندا ئەنە شۇنداق بوياق بىلەن بەلگە قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. پۈتۈن ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى نۇسخىلاردىن قارىغاندا، ئوق دەستىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ـ 74 سانتىمېتىر بولۇپ، باشاقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قوشقاندىكى ئوق دەستىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 90% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## سادىقلار

قەدىمكى تۈرك ئوقياچىلىرى ئوقلىرىنى قىيىن پوستىدىن ياسالغان سادىقلارغا سېلىپ ساقلايتتى. سادىقلارنىڭ ھەممىسى بىر گۈرۈپپىغا تەئەللۇق بولۇپ، گەۋدىسى سىلىندىر شەكلىدە، باش قىسمىنىڭ شەكلى بويىچە ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. ئۈستى ئېتىك. جەمئىي 17 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۇدىرگە، 5ـ، 9ـ، 12ـ، 22ـ گۆرلەر: قۇراي Ⅳ ، 3 ـ قورغان؛ تالدۇرا I ، 2 ـ قورغان؛ يۇستىد Ⅹ ، 28ـقورغان؛ ئۇزۇنتال I ، 2ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال Ⅴ ، 2 ـ قورغان (تاغلىق ئالتاي) ⑬؛ كۆكەل، 13ـقورغان؛ موڭغۇل ئورمانلىقى 4ـ، 10ـ قورغانلار ⑭؛ ئىبىرغىس كىستە، 3 ـ قورغان ⑮. گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 س م، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى 15 س م، تۈۋىنىڭ كەڭلىكى 18 س م. بۇ تىپتىكى سادىقلار ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى، تۈۋى كېڭەيتىلگەنلەر، بۇنداق سادىقلارغا ئوق باشاقلىرى يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىناتتى؛ ئىككىنچىسى، تۈۋى تارايغانلار، بۇنداق سادىقلارغا ئوقلارنىڭ باشاقلىرى تۆۋەنگە قارىتىپ سېلىناتتى. بەزى سادىقلارنىڭ باش قىسمىغا ۋە سىرتقى يۈزىگە نەقىشلىق سۆڭەك قاداقلار ئورنىتىلغان. گۆرلەردە تېپىلغان ئۈستى يېپىق سادىقلارنىڭ بەزىلىرىگە 4 — 6 ئوق سېلىنغان، بەزىلىرى قۇرۇق.

2 ـ تىپ. يانچۇقلۇق (ئوچۇق). جەمئىي 22 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قۇراي Ⅲ ، 1 ـ قورغان؛ قۇراي Ⅳ ، 1 ـ قورغان؛ ياكونۇر، 5 ـ گۆر (تاغلىق ئالتاي) ⑯؛ ئارغالىقتى I ، 1ـقورغان، 1ـگۆر ۋە 2ـ، 5 ـ قورغان؛ ئارغالىقتى Ⅸ ، 1 ـ قورغان؛ ئايمىرلىغ I ، 2 — 5 ـ قورغان؛ ئايمىرلىغ Ⅲ ، 1 ـ 2 ـ قورغان؛ چاسكال Ⅱ

، 4 ـ قورغان؛ قارا چوغا، 4 ـ قورغان (تۇۋا) [97]؛ ئۇيبات Ⅱ ، 1 ـ قورغان؛ تاشتىق، 10 ـ گۆر؛ تېپسېي Ⅲ ، 67 ـ گۆر؛ گېئورگېي تېغى Ⅲ ، 1 ـ قورغان؛ قاپچالى Ⅱ ، 2 ـ، 3 ـ، 8 ـ، 13 ـ قورغانلار؛ ئېبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان (مىنۇسا) [98]. بۇ ساداقلارنىڭ گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 15 س م، باش تەرەپ كەڭلىكى 13 س م، تۇۋىنىڭ كەڭلىكى 19 س م، يانچۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 17 س م. گەۋدىسىنىڭ شەكلى نىسبەتەن ئۆلچەملىك. گەۋدىسى تۇۋىگە بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، باش قىسمى ۋە تۇۋىگە يېقىن جايلىرىغا قوشۇمچە قىيىن پوستى تالالىرى بېكىتىلگەن. نۇسخىلارنىڭ تولىسىنىڭ باش قىسمى ۋە گەۋدىسى نەقىشلىق سۆڭەك قاداقلار بىلەن بېزەلگەن. بەزى نۇسخىلارنىڭ باش قىسمىنىڭ يان تەرىپىگە ۋە گەۋدىسىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمىغا ياغاچ تاختايچە بېكىتىلگەن. ئوق باشاقلىرى ساداقلارغا يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىناتتى. گۆرلۇكلەردە تېپىلغان ساداقلاردا 5 — 10 ئوق ساقلانغان.

ساداقلار بەلباغقا ياكى يەلكىگە تاسما بىلەن بېكىتىلەتتى. تاسمىلارنىڭ ئىچىدىكى نىسبەتەن قىسقىراق بولغان بىرى ساداق بېشىغا سۆڭەك ياكى تۆمۈر توقا بىلەن، يەنە بىرى — ساداق گەۋدىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا ياكى تۇۋىگە توقا ئىچىدىكى ئىلمەك بىلەن بېكىتىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بەزى ساداقلار بەلباغقا تۆمۈر چاتقۇچلىرى ۋە ھالقىلىرى بولغان ئۇچ تاسما بىلەن بېكىتىلگەن. بەزىلىرىدە توقىنىڭ ئورنىغا ساۋۇتلارنىڭ تۆمۈر قاداقلىرى ئىشلىتىلگەن. شۇ قاداقلارغا ئاسقۇچى تاسمىلار بېكىتىلگەن بولسا كېرەك. يېپىق ساداقلارنىڭ ياپقۇچىغا ھالقا بېكىتىلگەن. بۇ ھالقىنى تارتىپ ساداق بېشىدىن ياپقۇچنى چىقارغىلى بولاتتى. ئاسما تاسمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ساداقلار بەلباغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يانتۇ قىلىپ ئېسىلاتتى. مۇشۇنداق ئېسىلغاندا ئوقنى چىقىرىپ ئېلىش ئاسان بولاتتى ۋە ماڭغاندا

پۈتقا تاقاشمايتتى. بەزى ساداقلار يەلكە تاسمىلار بىلەن دۈمبىگە ئېسىلغان. ساداقلارنىڭ سىغىمچانلىقى ھەر خىل بولۇپ، يانچۇق. لۇق ساداقلارنىڭ سىغىمچانلىقى بىر قەدەر چوڭراق بولغان.

قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قورال ـ جابدۇقلىرى ئاتقۇچى قوراللارغا نىسبەتەن خېلى ئاز. ئېھتىمال، بۇنداق قوراللار قىممەت باھالىق بولغاچقا ئاز بولسا كېرەك.

## قوش بىسلىق قىلىچلار

قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان قوش بىسلىق قىلىچلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، رومبا شەكىللىك، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. دەستىسى بېزەكلىك. كۇدىرگە، 9 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑨⑨. تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 س م، كەڭلىكى 2.4 س م، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 س م. سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. تىغى قوش بىسلىق، بالدىقى تۈز. بالداقنىڭ ئىككى ئۇچى ئەسلىدە شار شەكلىدە بولغان. دەستىنىڭ تۇتقۇچىدا بولتىسى بار. تىغ يۈزىدە غىلاپتىن قالغان تۆت ھالقىسى بار.

## تۈز قىلىچلار

قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى تۈز قىلىچلار بىر گۇ. رۇپپا بولۇپ، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. كرېست نۇسخىلىق بالدىقى بار. ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئايمىرلىغ Ⅲ، 1 — 5 ـ قورغان ⑩⓪. ; شىستاكوۋو، 3 ـ قورغان، 6 ـ گۆرلۈك؛ ئىبىرغىس كىستە، 4 ـ قورغان (مىنۇسا) ⑩①. تىغ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 80 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 15 س م. تىغى يەككە بىسلىق،

تۈز، بىرىنىڭ ئۇچى ئىككى بىسلىق قىلىپ سوقۇلغان. بالدىقى تۈز، كىرېست شەكىللىك، ئىككى چېتى سەل كەڭرەك. دەستە بېشى بىر تەرەپكە سەل ئېگىلگەن. تىغ يۈزىدە غىلاپىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. تىغلاردىن بىرىنىڭ غىلىپى قېيىن پوستى بىلەن يۆگىمەچ شەكلىدە ئورالغان ۋە دىسكا سىياقىدىكى ئىككى ھالقا بىلەن چىڭىتىلغان. بۇ ھالقىلارغا يەنە يەلكە تاسمىلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالقىلار بېكىتىلەتتى.

تېپىلمىلار ئىچىدە چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللار نىسبەتەن ئاز بولۇشىغا قارىماي، تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان. بۇنى يازما ۋە تەسۋىرىي مەنبەلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ (102). ئالايلۇق، تاڭ تارىخنامىلىرىدە يېزىلىشىچە، تۈركلەر «يېنىك ۋە تۈز قىلىچلار» بىلەن قوراللانغان (103). ئىككى بىسلىق، تۈز ۋە ئەگرى قىلىچلار قەدىمكى تۈرك تاش سۈرەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

تۈز تىغلار ئالتاي سۈرەتلىرىدىن بەشىدە، تۇۋا سۈرەتلىرىدىن ئون ئالتىسىدە، مىنۇسىن سۈرەتلىرىدىن بىرىدە، موڭغۇلىيە سۈرەتلىرىدىن توققۇزىدا ئىپادىلەنگەن (104). ئادەتتە تىغنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى، بالدىقى ۋە دەستىسى تەسۋىرلەنگەن. تىغ سېلىنغان غىلاپلارنىڭ بەلباغقا ئېسىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئىككى ھالقىسى ۋە تاسمىلىرى بار، ئىلمەكلىرىنىڭ تولىسى قاداقسىمان. بەزى سۈرەتلەردە يالغۇز ئىلمەك ياكى ئىلمىكى يوق تىغلار ئىپادىلەنگەن. بالداقلارنىڭ تولىسى تۈز بولۇپ، قاداققا ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزى بالداقلارنىڭ ئاستىنقى ئۇچى تۇتقۇچ تەرەپكە ئېگىلگەن. بىر سۈرەتتىكى بالداق تىغقا ۋە تۇتقۇچقا بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان. بالداقسىز تىغلارمۇ ئاز ئەمەس.

سۈرەتلەردىن قارىغاندا، قوش بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلارنىڭ دەستە باشلىرى ھەر خىل بولغان يۇمىلاق كەلگەنلىرى كۆپرەك، ھالقىسىمانلىرى ئازراق. بىر نۇسخىدا دەستە بېشى يېرىم يۇمىلاق

(موگۈسمان)، يەنە بىرىدە دەستە بېشى يۇمىلاق بولۇپ، چوققىسىدا مونىكى بار، قاداقسىمان دەستە بېشىمۇ ئۇچرايدۇ. يۇمىلاق ياكى ھالقا شەكلىدىكى دەستە بېشى تۇتقۇچ ئوقىدىن بىر تەرەپكە قىيسايغان بولسا، بۇ تۈز قىلىچ دەپ ئىشەنچلىك ئېيتىشقا بولىدۇ. بىر قاتار سۈرەتلەردە گەرچە باشقا قىسىملىرى خېلى ئېنىق سىزىلغان بولسىمۇ دەستە بېشى زادى چىقىرىلمىغان. بۇنداق قورالنىڭ تۇتقۇچىنىڭ تۈز ياكى يۇمىلاقلاشتۇرۇلغان ئۇچى دەستە بېشى ھېسابلانغان بولسا كېرەك. ئايرىم كۆرسىتىلگەن تۇتقۇچلار ئاز. دەستە ئالىقان بىلەن تۇسالمىغان سۈرەتلەردە سىلىق ياكى بارماقلارغا لايىقلاشتۇرۇلغان قوۋۇرغىسىمان تۇتقۇچنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا تۇتقۇچنى ئالىقان بىلەن چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ.

تىغى تۈز ۋە ئەگرى بولغان يېنىك قىلىچلار ئالتايدىكى تۆت سۈرەتتە، تۇۋادىكى تۆت سۈرەتتە ۋە موڭغۇلىيىدىكى ئىككى سۈرەتتە كۆرۈلىدۇ (109). بىر سۈرەتتە بۇنداق قىلىچنىڭ تىغى تۈز بولۇپ، دەستىسى بىر تەرەپكە ئېگىلگەن. باشقا تىغلار ئازراق ياكى خېلى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەگرى. يېنىك قىلىچلار غىلاپقا سېلىنغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئىككى تاسما ۋە يېرىم يۇمىلاق ياكى تىك بۇلۇڭلۇق قاداقسىمان ئىلمەكلەر بىلەن بەلباغقا ئېسىلغان. بىر سۈرەتتە غىلاپ ئىككى زەنجىر بىلەن ئېسىلغان. كۆپ ھاللاردا قىلىچلارنىڭ ئەگمىسى تۆۋەنگە قارىتىپ ئېسىلغان، لېكىن بىر سۈرەتتە خۇددى قازاقلارنىڭ قىلىچلىرىدەك ئەگمىسى يۇقىرىغا قارىتىپ ئېسىلغان. قىلىچلارنىڭ بالداقلىرى تۈز، ئېھتىمال قاداقسىمان بولسا كېرەك. بەزى قىلىچلارنىڭ بالداقلىرى تۇۋىدىن سەل ئېگىلگەن بولۇپ، ئۇچلىرى چەتكە قايرىلىپ تۇرىدۇ. بىر سۈرەتتە بالداقنىڭ ئىككى بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ دەستىسى بەك ئۇزۇن سىزىلغان بولۇپ، تومتاق بېشى يوق، شەرقىي ئاسىيادى-

كى ئەگرى قىلىچلارغا ئوخشايدۇ. بالدىقى يوق قىلىچلارمۇ كۆپ. قىلىچلارنىڭ دەستە باشلىرى يۇمىلاق ياكى يېرىم يۇمىلاق بولۇپ، بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. كۆپ ھاللاردا دەستە بېشى يوق بولۇپ، تۇتقۇچنىڭ تۆز ياكى يۇمىلاقلاشتۇرۇلغان ئۇچى باش ھېسابلانغان. قىلىچلارنىڭ تولىسىنىڭ تۇتقۇچى سىلىق. پەقەت بىر نۇسخىدىلا چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن تۇتقۇچنىڭ ئاستى قوۋۇرغىسىمان قىلىپ ئىشلەنگەن.

گەرچە تېپىلمىلار ئىچىدە چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارغا ئىگە جەڭچىلەرنىڭ سۈرەتلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل قوراللار قەدىمكى تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىرىنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمى بولغان. بۇنداق قوراللار قەدىمكى تۈركلەر ياشىغان ھەممە جايلاردىكى رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن ھەمدە 6 — 8 ـ ئەسىرلەر، شۇنداقلا 9 — 10 ـ ئەسىرلەرگە ياتىدىغان ئوبيېكتلاردىمۇ بار. دېمەك، تۈركلەر دۆلەت مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل قوراللار داۋاملىق مۇھىم رول ئوينىغان. گۆرلۈكلەردىن يەنە ئاز ساندىكى مۇنداق تېپىلمىلارمۇ چىققان: 6 — 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قوش بىسلىق قىلىچلار، 8 — 9 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ تۆز قىلىچلار. ئېھتىمالغا يېقىن بولغىنى شۇكى، قوش بىسلىق قىلىچلار تۈركلەردە بىرىنچى قاغان دەۋرىدە تارقالغان، تۆز قىلىچلار مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، يېنىك قىلىچلار 7 — 10 ـ ئەسىرلەردە تارقالغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار يېنىك قىلىچنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۆزەڭگىلىك قاتتىق ئىگەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. تۈركلەر بۇنداق ئىگەرلەرنى تەخمىنەن مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئۆزلەشتۈرگەن.

قىيا تاش رەسىملىرىدىكى خەنجەرلەر ئالتايدا ئىككى يەردە، تۇۋادا تۇققۇز يەردە، موڭغۇلىيىدە ئۈچ يەردە خاتىرى

لەنگەن (100). رەسىملەرنىڭ تولىسىدا خەنجەرلەر بەلباغنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېسىلغان قىلىپ سىزىلغان، بەزى رەسىملەردە ئىككى هالقىلىق غىلاپقا سېلىنىپ، يېنىك ياكى تۈز قىلىچنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان. غىلاپلار ئىككى تاسمىلىق بولۇپ، بەلباغقا پاراللېل ياكى سەل قىيپاش هالەتتە جايلاشقان. ئالتاي سۈرەتلىرىدىكى خەنجەرلەر تۈز، بالدىقى يوق. تۇۋا سۈرەتلىرىدىكى ئەگرى خەنجەرلەرنىڭ، دەستىسى بىس تەرەپكە سەل ئېگىلگەن، بالدىقى يوق، بەزىلىرىنىڭ بالداقلىرى تۈز ياكى ئوخشاشمىغان تەرەپلەرگە ئېگىلگەن. بىر خەنجەرنىڭ دەستە بېشى يۇمىلاق بولۇپ، بىس تەرەپكە بۆرتۈپ چىققان، دەستىنىڭ بالداقنىڭ كەينىدىكى يېرىدە هالقىسى بار، يەنە بىر خەنجەرنىڭ دەستە بېشىدا تۆشۈكى بار. بۇنداق تۆشۈكلەر تاسما هالقىسىنى، پۆپۈكلەرنى، تۇمارنى ۋە شۇنداق نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. تۇۋا سۈرەتلىرىدىكى بىر خەنجەر تۈز.

تۇۋادىكى رەسىملەردىن بىرىدە ئالاھىدە بىر خەنجەر سىزىلغان بولۇپ، ئىككى هالقىلىق قىسقا غىلاپقا سېلىنغان، بالدىقى نەقىشلىق، تۇتقۇچى يوغان قوۋۇرغىسىمان، دەستە بېشى سوزۇلما يېرىم يۇمىلاق. شۈبھىسىزكى، بۇ خەنجەر ئالاھىدە بىر تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، گۆرلۈكلەردە ئۇنىڭ رېئال ئەۋرىشكىسى تېپىلمىغان. بۇ خەنجەرنىڭ تۇتقۇچى تىغىنىڭ دۈمبە تەرىپىگە ئېگىلگەن، تۇتقۇچىنىڭ قوۋۇرغىسىمان تەرىپى بىس تەرەپكە قارىتىلغان. بۇ خىل خەنجەرلەرنى تەتۈر ئەگرى خەنجەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئەگرى خەنجەرلەر غىلاپقا سېلىنىپ، بىسى يۇقىرىغا قارىتىلغان هالەتتە ئېسىلاتتى، لېكىن تەتۈر ئەگرى خەنجەرلەرنىڭ بىسى تۆۋەنگە قارىتىلاتتى. بۇ هال خەنجەرنى قولدا تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

موڭغۇلىيە رەسىملىرىدىكى خەنجەرلەر تۈز، ئەگرى ۋە تەتۈر ئەگرى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ غىلىپىدا ئىككى ھالقىسى بار، بالدىقىنىڭ ئىلمىكى بىرلا بولۇپ، ئۇستۇنكى تەرىپىدە. باشقىلىرىنىڭ بالداقلىرى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، ئىككى تەرەپتە ئىلمىكى بار.

## نەيزىلەر

قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدا نەيزە باشاقلىرىنىڭ تىپلىرى كۆپ ئەمەس. ئۇلار باشاق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكىللىكلەر، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلىدە. كاتاندا I ، 6 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا (107). گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى 11س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بولۇڭ شەكىلدە. تاغلىق ئالتايدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى 9 س م. ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن. باشاق گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكىللىكلەر، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئارغان غولدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (108). گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى 11 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭ شەكىلدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كاتاندا I ، 1 ـ قورغان؛ ياكونۇر، 5 ـ گۆر (109). گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

5 . 6سم، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈكى 12 سم. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، گەۋدىسى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

موڭغۇلىيىدىكى نايما تولغوي ۋە بايىن داۋانە ئامان قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدا نەيزىلەرنىڭ سۇنۇپ كەتكەن تۆشۈك قىسمى تېپىلغان. ئۇلارنىڭ قايسى تىپقا ياتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس. قەدىمكى تۈرك قوراللىرى ئىچىدە نەيزىلەرنىڭ بولغانلىقىنى يازما ۋە تەسۋىرىي مەنبەلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. خار خاد سۈرەتلىرىدە ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلار قوللىرىدا نەيزە تۇتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئېھتىمال، نەيزە بىلەن قوراللانغانلار «بۆرى» دەپ ئاتالغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى، يەنى قاغاننىڭ نۆكەرلىرى بولسا كېرەك. نەيزە دەستىلىرىگە قاغانلارنىڭ «بۆرە بېشى شەكلىدىكى ئالتۇن تۇغى» بېكىتىلەتتى. تاغلىق ئالتايدىكى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى تۈرك گۆرلۈكلىرىدە نەيزىلەر يېنىك قوراللانغان چەۋەندازنىڭ قوراللىرى ئىچىدە بايقالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلەت مۇستەقىللىقى يوقىلىپ، ساۋۇت كىيگەن زور ئاتلىق قوشۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركلەرنىڭ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلىرىمۇ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە نەيزە ئىشلىتىدىغان بولغان.

ھازىرچە قەدىمكى تۈرك ئوقيالىرىنى خرونولوگىيىلىك تەرتىپ بويىچە ئايرىپ چىقىش تەس. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى نەيزىلەر مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەۋجۇت بولغان. ھالبۇكى، بىرىنچى قاغانلىق يادىكارلىقلىرىدا بۇنداق نەيزىلەر بايقالمىدى. كاتاندى نەيزە نۇسخىلىرىنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئەمەس. مۇشۇ خىلدىكى نەيزە شەكىللىرى 9 — 10 ـ ئەسىرلەردىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە قوغدىنىش كىيىملىرىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تار ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭلۇق

ۋە ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق نەيزە باشاقلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

## پالتىلار

قەدىمكى تۈرك قورال تۈرلىرىدە جەڭ پالتىلىرى نىسبەتەن كەم كۆرۈلىدۇ. ئۇلار تۆشۈكى ۋە تىغىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تۆشۈكى ئۈچ قىرلىق. پايىنەك ۋە تىغىنىڭ شەكلى بويىچە بىر تىپ بولۇپ، تىغى تار، پايىنىكى ئۇزۇن. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۇۋەندىكى قەبرىستانلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كاتاندا I ، 2 ـ قورغان ۋە ئۇزۇنتال V ، 2 ـ قورغان (111). تىغ ۋە تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 8 س م، تىغىنىڭ كەڭلىكى 4.5 س م، پايىنەك ئۇزۇنلۇقى 3.5 س م. بۇ پالتىلارنىڭ تىغى تار، تۆشۈكى يۇمىلاق، پايىنىكى ئۇزۇن. بۇنداق شەكىل يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر قوراللىرىغا خاس قاغانلىقلار دەۋرىدىكى قەدىمكى تۈرك قوراللىرى ئىچىدە جەڭ پالتىلىرى مەۋجۇت بولمىغان. بۇنداق پالتىلار تاغلىق ئالتايدا مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ پالتىلار يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىشلىتىلگەن.

قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدا قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ نىسبەتەن ئاز. بۇلارنىڭ تولىسى ساۋۇتلارنىڭ تۆمۈر قاداقلىرىدىن ئىبارەت.

## ساۋۇتلار

قەدىمكى تۈرك ساۋۇتلىرى قاداقلارنىڭ شەكلى ۋە بېكىتىـ

لىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. قاسراقسىمان. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: كۇدىرگە، 10 ـ قورغان؛ ئۇزۇنتال I ، 2 ـ قورغان (11). باي ئۇرمانلىدقى، 5 ـ قورغان؛ موڭغۇل ئورمانلىقى، 4 ـ قورغان؛ ئايمىرلىغ III ، 2 — 6 ـ قورغان (11). ئۇلاردىكى قاداقلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچەملىرى، تۆشۈكچىلىرىنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىرى تامامەن ئوخشاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىسقا، تۆت بولۇڭى يۇمىلاقلىتىپ قىيىلغان، گىرۋەكلىرى توغرا سىزىق بويىچە كېسىلگەن، چۆرىسىدە ئۈچ جۈپ ۋە ئوتتۇرىدا بىر تۆشۈكچىسى بار، ئۆلچىمى 6×4 س م؛ بەزىلىرى ئۇزۇن تار تىك تۆت بولۇڭ شەكلىدىكى قاداقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندىكى گىرۋىكى يۇمىلاق، چۆرىسىدە ئالتە جۈپ تۆشۈكچىسى ۋە مەركىزىي ئوقىدا ئۈچ تۆشۈكچىسى بار، ئۆلچىمى 3 ـ 2.5×10—8 س م يەنە بەزىلىرى تىك تۆت بولۇڭلۇق قاداقلار بولۇپ، بولۇڭلىرى يۇمىلاقلاشقان، چۆرىلىرىدە ئالتە جۈپ تۆشۈكچىسى ۋە مەركىزىدە بىر تۆشۈكچىسى بار، ئۆلچىمى 4×8.5 س م؛ تىك تۆت بولۇڭلۇق قاداقلارنىڭ ئۆلچىمى 3×6 س م. تۆشۈكچىلەرنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىرى قاداقلارنىڭ ساۋۇتتىكى جايلىشىش ئورۇنلىرىغا باغلىق بولغان. قەدىمكى تۈركلەر قاداقلارنى ئادەتتە چاتقۇچى تاسمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بېكىتەتتى. ئۇششاق پارچىلارنى قوراشتۇرۇپ ساۋۇتنىڭ «ئۆلچىمىنى» ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. رەسىملەردىن قارىغاندا، ساۋۇت ئۇزۇن ئېتەكلىك يەكتەككە ئوخشايدۇ، مۈرە ۋە قوللار يېپىلمىغان.

ئالدىنقى دەۋرلەردە ئالتايدا كۆكرەك ساۋۇتى بولغىنىدىن قارىغاندا، تۈركلەر بىرىنچى قاغانلىق دەۋرىدىلا خېلى مۇكەممەللەشكەن قاسراقسىمان ساۋۇتلارنى ئىشلەتكەن. قوغدىنىش كېيىملىرىنى كىيگەن جەڭچىلەرنىڭ رەسىملىرىدىن ساۋۇتلار ھەققىدە مەلۇم تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولالايمىز. بۇنداق ساۋۇتلارنى

قاغاننىڭ نۆكەرلىرى كىيگەن. 7 — 8 - ئەسىرلەردە يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەن قاسىراقسىمان ساۋۇتلار پەيدا بولدى، بۇنداق ساۋۇتلارنىڭ مۇرە، گەجگىلىرى يىپىلغان ۋە ئىتەكلىرى بىر قەدەر قىسقا بولغان. بۇلار تاكى مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن. ھالبۇكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقلىرى دەۋرلىرىدە تۈركلەرنىڭ ساۋۇتلۇق ئاتلىق قىسىملىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، 8 — 10 - ئەسىرلەردە پەقەت يۇقىرى تەبىقە تۈرك جەڭچىلىرىلا قوغدىنىش ساۋۇتلىرىنى كىيىشكەن.

## زەنجىرسىمان ساۋۇتلار

ئالتايدىكى كۇدىرگە يادىكارلىقىدا زەنجىرسىمان ساۋۇتنىڭ پارچىسى تېپىلغان. ئۇ ئۇزەڭگىنىڭ دەپسەندىسىگە باغلاپ قويۇلغان. بۇ ھال تۈركلەرنىڭ زەنجىرسىمان ساۋۇتلارنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىنى چەتتىن كىرگۈزۈش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، زەنجىرسىمان ساۋۇتلار تۈركلەردە 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىنچى قاغان دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ بۇ تۈرى ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلەپچىقىرىلغان.

## قالقانلار

بىردىنبىر قالقان ئايمىرلىغ 3 - (1 — 5 - قورغان) گۆرلۈكىدىن تېپىلغان ⑪. بۇ قالقان دۈگىلەك شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 78 س م، قېلىنلىقى 1 س م. ئۇ ئىچكى تەرەپتىن توغرا بالداق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بەش تاختايدىن ياسالغان.

قالقانلارنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمى داۋامىدا تۈركلەرنىڭ يېنىك قوراللانغان جەڭچىلىرى ئىشلەتكەن، شۇنداقلا ساۋۇتلۇق چەۋەندازلارمۇ قالقان تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

## قوغدىنىش يوپۇقى

تۈركلەردە جەڭ ئاتلىرىنىڭ قوغدىنىش جابدۇقى ساۋۇت قاداقلىرى بىلەن قاپلانغان يوپۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن رەسىملەردىن مەلۇم. تۇۋادىكى ئايمىرلىغ 3 ـ (2 — 6 ـ قورغان) گۆرلۈكىدىن چىققان تېپىلما ئېھتىمال ساۋۇت يوپۇقىنىڭ پارچىسى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئاتنىڭ داس سۆڭىكىدە بايقالغان. قوغدىنىش يوپۇقلىرى 6 — 7 ـ ئەسىرلەردىلا، يەنى بىرىنچى قاغانلىق دەۋرىدە قاغان نۆكەرلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئايمىرلىغ گۆرلۈكىدىن چىققان تېپىلمىدىن قارىغاندا، ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ، ھەتتا ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولغان.

## قورال تۈرلىرى

قورال ـ جابدۇقلارنىڭ تۈرلەرگە تەقسىملىنىشى، يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ۋە قەدىمكى تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى قورال تۈرلىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ: ئۇلار ئېغىر قوراللانغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازنىڭ ۋە يېنىك قوراللانغان جەڭچىنىڭ قوراللىرىدۇر.

قەدىمكى تۈرك قوراللىرىنىڭ تۈرلەر تەركىبى ۋە تىپولوگىيىلىك خىللىرى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدە ئۆزگەرمەي تۇرمىدى. قەدىمكى تۈرك قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى

ئالدىنقى دەۋر ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى نەتىجىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدىلا شەكىللىنىپ بولغان. ئەينى دەۋردە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار ئەترىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھەر خىل قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن يېنىك قوراللىق ئاتلىق قوشۇننىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلاتتى. ساۋۇتلۇق چەۋەندازلارنىڭ قورالل-ىرى ئىچىدە قوغدىنىش جابدۇقلىرىدىن ساۋۇت، قالقان؛ يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىدىن قوش بىسلىق قىلىچلار، تۈز قىلىچلار، باشاقلىرى سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكى نەيزە باشاق-لىرى، پالتىلار؛ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىدىن ئوتتۇرىدا ۋە ئىككى بېشىدا قاپلىغۇچلىرى بولغان ئوقيالار، ئۈچ يانلىق ئوقلار بولغان. ئوقلار يېپىقلىق ساداقلاردا ساقلىناتتى. قوچاقلاشما جەڭلەردە خەنجەرلەر ۋە قىسقا قىلىچلار ئىشقا سېلى-ناتتى. جەڭ ئاتلىرى قوغدىنىش يوپۇقلىرى بىلەن يېپىلاتتى. يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلار قالقان، ئوقيا، پالتا، خەنجەرلەر-دىن پايدىلىناتتى.

7 — 8 - ئەسىرلەردە، يەنى ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلارنىڭ قوغدىنىش جابدۇقلىرى سۈپىتىدە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن قاسىراقسىمان ساۋۇت ئىشلىتىلىدىغان بولغان، قالقانمۇ داۋاملىق ئىشلىتىل-گەن. يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە تۈز قىلىچلار، نەيزىلەر، پالتى-لار ئىشلىتىلگەن، يېنىك قىلىچلار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. قوچاقلاشما جەڭدە ھەر خىل خەنجەرلەر ئىشلىتىلگەن. يىراق ئارىلىقتىكى جەڭدە سىممېترىك ۋە غەيرىي سىممېترىك يالار، ئۈچ يانلىق ۋە ئۈچ قىرلىق ئوقلار ئىشلىتىلگەن. ئوقلار ئوچۇق ۋە يېپىق ساداقلاردا ساقلانغان. جەڭ ئاتلىرىغا قوغدىنىش يوپۇق-لىرى يېپىلغان. يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلار قالقان، ئوقيا،

پالتا، خەنجەرلەرنى ئىشلەتكەن.

8 — 10 - ئەسىرلەردە، يەنى ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى يىمىرىلىپ، تۈركلەر ئۇيغۇرلارغا، كېيىن قىرغىزلارغا بويسۇنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوراللىق ئەترەتلىرى شۇ دۆلەتلەر قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېتىلدى. بۇ دەۋردە تۈركلەرنىڭ ساۋۇتلۇق چەۋەندازلىرى مۇستەقىل ھەربىي قىسىم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېنىك قوراللانغان جەڭچىلەرنىڭ جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرى خېلى كېڭەيدى. چەۋەندازلار قالقانلاردىن پايدىلىنىدىغان بولدى. جەڭ ئاتلىرىغىمۇ قوغدىنىش يوپۇقلىرى يېپىلغان.

يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرى تۈز قىلىچ، يېنىك قىلىچ، نەيزە، جەڭ پالتىلىرى، گۈرزىلەردىن ئىبارەت بولغان. قوچاقلاشما جەڭلەردە خەنجەرلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرى ئىچىدە ئىلگىرىكى ئوقيا تىپلىرى بىلەن بىر قاتاردا كاۋاك قاپلىغۇچلۇق يالارمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئوق تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپەيدى. توسۇقنى يېرىش ئۈچۈن ئۈچ قىرلىق باشاقلار بىلەن بىر قاتاردا ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىق، تۆت قىرلىق ۋە يۇمىلاق باشاقلار، ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىككى، ئۈچ، تۆت يانلىق ۋە ياپىلاق ئوقلار ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئوقلار كۆپ ھاللاردا ئوچۇق ساداقلارغا ۋە قىسمەن ھاللاردا يېپىق ساداقلارغا سېلىناتتى. بۇ خىل قورال تۈرلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۈركلەرنىڭ يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملىرى يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە خېلى جەڭگىۋارلاشقان.




10 ـ رەسىم. قەدىمكى تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى (ئې. نوۋگورودوۋا، س. رۇدېنكو، ئا. گلۇخوۋ، ۋ. ۋولكوۋ، پ. مىخنو، ب. پېترى قاتارلىقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىزغان)

# ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

مەنبەلەردە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بەك ئاز. بۇنداق مەلۇماتلار مەخسۇس ئەسەرلەردە قىسمەن تەھلىل قىلىنىدى. نەتىجىدە قەدىمكى تۈرك «قوۋملىرىنىڭ قوشۇن سۈپىتىدە» ئوڭ ۋە سول قاناتلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. «تېلېلار شەرقىي قانات، تاردۇشلار غەربىي قانات بولغان» [115]. قاپاغان قاغان دەۋرىدە تۈرك قوشۇنى ئىككى قانات ۋە مەركىزىي قىسىمغا بۆلۈنگەن.

تاڭ تارىخنامىلىرىدە تۈرك قوشۇنىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساندىكى قىسىملىرى ياكى ئومۇمىي سانى تەكرار تىلغا ئېلىنىدۇ. بىرىنچى قاغانلىق دەۋرىدە 500، 2000، 10 مىڭ، 150 مىڭ، 400 مىڭ، 1 مىليون كىشىلىك ئەترەتلەر تىلغا ئېلىنغان [116]. بۇ سانلارنىڭ ھەممىسى 10 غا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى قاغانلىق دەۋرىدىكى تۈركلەردە قوشۇن ۋە خەلقنىڭ «ئاسىياچە» ئونغا بۆلۈنۈش سىستېمىسى مەۋجۇت بولغان. ئەگەر يۇقىرىدىكى سانلار توغرا بولسا، بىرىنچى قاغانلىق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قوشۇنى 10 ـ 40 تۈمەنگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۆكەرلەر (ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان قاغانلارنىڭ خىللانغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلىرى) ئايرىم ئىدى. قوشۇنلارنى ھەر خىل دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلىرى — شاد، تېگىن، ئېلتەبىر، تۇتۇق [117] بولۇپ، ۋارىسلىق قىلىنىدىغان مەنسەپلەر ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھۆكۈمدار ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىرىدىن تەيىنلەنگەن. «ئىنسانغا تەكەببۇرلۇق بىلەن قارايدىغان ۋە جۇڭگونى كۆزگە ئىلمايدىغان قاغان خۇددى قەدىمكى تەڭرىقۇتقا

ئوخشاش ئايالىنى قاتۇن دېگەن ئاتاق بىلەن ئۇلۇغلايتتى» («يېڭى تاڭنامە»، قاتۇن دېگىنى قەدىمكى ھۇنلارنىڭ ئالچى دېگىنىگە ئوخشاش). «ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى ۋە ئايرىم ئايماق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى تېگىن دەپ ئاتىلىپ، ھەممىسى شاد دەپ ئاتىلاتتى». باشقا بىر مەنبەدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئالىي مەنسەپ نامى قاغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يابغۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شاد («يېڭى تاڭنامە»)، تېگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ياغۇندا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلتەبىر (؟)، ئۇنىڭدىن كېيىن تارقان، ھەممىسى، 28 دەرىجە...» (118).

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركلەردىكى قوشۇننىڭ بۆلۈنۈش سىستېمىسى ئونلۇق ۋە ئىككىلىك پرىنسىپىغا ئاساسلانغان. 10، 100، 1000 ۋە 10 مىڭ جەڭچىدىن تەشكىللەنگەن ھەر بىر ئەترەت ئىككى قاناتقا بۆلۈنۈپ، مۇناسىپ ھالدا 5، 50، 500، 5000 كىشىلىك قاناتلارنى ھاسىل قىلغان، پۈتۈن قوشۇن تېلى ۋە تاردۇش دەپ ئاتالغان ئىككى قاناتقا ئايرىلغان. بۇ قىسىملارنى شادلار باشقۇراتتى، ئادەم سانى ئازراق ئەترەتلەرگە تېگىنلەر ۋە ئەلتەبىر قاتارلىقلار قوماندانلىق قىلاتتى.

بۇ سىستېما تۈركلەر تاك سۇلالىسىگە بويسۇنغان دەۋردىمۇ ساقلانغان (مەنبەلەردە بېقىندى قاغانلارنىڭ 30 مىڭ، 40 مىڭ، 100 مىڭ كىشىلىك ئەترەتلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ).

ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، يېڭى تۈرك دۆلىتىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى كۆچىيىشكە باشلىدى. قۇتلۇغ (ئەلتەبىر) قاغاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا 700، كېيىن 2000 ۋە 5000 جەڭچى بولغان (119). شۇنىڭدىن كېيىنكى قاپاغان قاغاننىڭ دەۋرىدە كۆك تۈرك قوشۇنىنىڭ سانى 8 ـ 10 تۈمەنگە يەتكەن. «699 ـ يىلى قاپاغان قاغان قوشۇنىنىڭ يۇقىرى قوماندانلىقىنىڭ يېڭى قۇرۇل-

مىسىنى تەسىس قىلدى. سول قاناتتىكى تېلېلار (20 مىڭ جەڭچى) قاغاننىڭ ئىنىسى تاسپارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ ئوڭ قاناتتىكى تاردۇشلار (ئوخشاشلا 20 مىڭ جەڭچى) قۇتلۇغنىڭ ئوغلى بەگلەننىڭ (كېيىنكى بىلگە قاغان) قوشۇنى بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تاسپار ۋە بەگلەن قاغانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ھەربىي - مەمۇرىي رايونلىرىنى باشقۇردى. لېكىن، قاپاغان قاغان بۇ ئىككى شادنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى بۆكەنى قويدى ۋە ئۇنىڭغا قاغان ئۇنۋانى بىلەن 40 مىڭ جەڭچىنى بەردى. بۆكەنىڭ بۆكەنى تۈرك قوشۇنىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى» [120].

قاپاغان قاغان ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى شۇ بولغانكى، قوشۇن تەركىبىدە مەركىزىي قىسىم تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ سانى ئىككى قاناتنىڭ ئومۇمىي سانىغا تەڭ قىلىنغان. بۇنداق سىستېما قاپاغان ئەۋلادلىرى دەۋرىدىمۇ ساقلانغان. بىلگە قاغان دەۋرىدىكى تۈرك قوشۇنىنىڭ تەركىبى ۋە قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ئابىدىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئابىدىدە ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ بەگ - قوماندانلىرى بەلگىلىك تەرتىپ بىلەن تونۇشتۇرۇلغان. «ئارقامدا (غەربتە) كۆلچۇر باشچىلىقىدىكى تاردۇش بەگلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدە شاداپىت بەگلەر؛ ئالدىمدا (شەرقتە) ئابا تارقان باشچىلىقىدىكى تۆلىس بەگلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدە (جەنۇبتا) تامان تارقان، تونيوقۇق باغا تارقان باشچىلىقىدىكى شاداپىت بەگلەر، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئىچكى بۇيرۇقلار باشلىقى كۆل ئېركىن باشچىلىقىدىكى بۇيرۇقلار (بەگلەر)، ئۇلارنىڭ كەينىدە بۇيرۇقلار بار ئىدى» [121]. بىلگە قاغان دەۋرىدىكى تۈرك قوشۇنىنىڭ سانىنى قاپاغان قوشۇنىنىڭ سانىدىن ئاز ئەمەس دەپ ھېسابلىساق، قوشۇن قۇرۇلمىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك: ئوڭ قانات (ئىككىنچى سەپ) ÷ كۆلچۇر باشچىلىقىدىكى ئىككى تۈمەن قوشۇن، ئۇلارنىڭ بىرى تاردۇشلار، ئىككىنچىسى شادا-

پىلت بەگلەر؛ سول قانات (تورشاۋۇل) — ئابا تارقان باشچىلىقىدىكى ئىككى تۇمەن قوشۇن، ئۇلارنىڭ بىرى تۆلىسلەر، ئىككىنچىسى شادايىت بەگلەر؛ مەركەز — تۆت تۇمەن قوشۇن، ئىككىسى تامان تارقان ۋە تونيۇقۇق باغا تارقان باشچىلىقىدىكى بۇيرۇقلار، يەنە ئىككىسى كۆل ئېركىن باشچىلىقىدىكى ئىچكى بۇيرۇقلار.

قاپاغان قاغان دەۋرىدە مەركىزىي قىسىم قوماندانى بىرلا ۋاقىتتا باش قوماندان بولاتتى، «غەربىي تۇتۇپ تۇرغۇچى كىچىك قاغان» دېگەن ئەمەلنى بۆكە ئۆز ئۈستىگە ئالغان (122). بىلگە قاغان دەۋرىدە بۇ ئەمەلنى كۆل تېگىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىجان ۋارىسلىق قىلغان بولسا كېرەك. كىچىك قاغان پەقەت تەختكە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى چوڭ قاغانغىلا بويسۇناتتى. كونتېكىستتىكى «بۇيرۇق» (123) ئاتالغۇسى ئىلگىرىكى «بۆرە» (نۆكەر) دېگەنگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. «ئىچكى بۇيرۇقلار» ئېھتىمال قاغان ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى ئۆتىگەنلەر بولسا كېرەك. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، نۆكەرلەر ئەترىتى چوڭغاي قاتارلىق ئەڭ ئاتاقلىق ئون تۇرك ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن. «شادايىت بەگلەر» ئېھتىمال بىر قاناتقا قوماندانلىق قىلغۇچى شادقا بويسۇنغۇچى بەگلەر بولسا كېرەك. ھەربىي – مەمۇرىيەتنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرى ئاشىنا ۋە ئاشىد ئۇرۇقلىرىدىكى يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ھەر بىر تۇمەن 500 دىن جەڭچىسى بولغان 20 ئەترەتكە، 50 تىن جەڭچىسى بولغان 200 ئەترەتكە، 5 تىن جەڭچىسى بولغان 2000 ئەترەتكە بۆلۈنگەن.

تۇرك قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە تۇركلەردىن باشقا بويسۇندۇرۇلغان تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ جەڭلەرگە قاتنىشاتتى. «تېلېلەرنىڭ كۈچى بىلەن تۇركلەر شىمالدىكى دالىلاردا نوچىلىق قىلاتتى» (124). ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار، توققۇز ئوغۇزلار،

باسمىللار، ئازلار، چىكلەر ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەترەتلىرىمۇ ئونلۇق پرىنسىپى بويىچە تۈزۈلەتتى ۋە يېنىك قوراللانغان ياردەمچى ئاتلىق قىسىم سۈپىتىدە قوشۇن تەركىبىگە قوشۇلاتتى.

ئىككىنچى شەرق تۈرك قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى، يەنى 8 — 10 - ئەسىرلەردىكى تۈركلەرنىڭ ھەربىي قىسىم قۇرۇلمىسى ھەققىدە ھېچقانداق مەنبە مەلۇماتلىرى يوق. ئېھتىمال، بۇ دەۋردە تۈركلەر ئونلۇق سىستېمىنىڭ پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا تەشكىللەنگەن ھەربىي قىسىملىرىنى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قوشۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان بولسا كېرەك.

## ئۇرۇش سەنئىتى

قوراللىنىش خاراكتېرى ۋە ھەربىي تەشكىلاتلار ئالاھىدىلىكلىرى تۈركلەرنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. يازما مەنبەلەردە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر بىر قىسىم مەلۇماتلار بار.

ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ، چېچىلما سەپ بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان يېنىك ئاتلىق قوشۇن تۈرك قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى. مەنبەلەردە تۈركلەر «ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، تەبىئىتى ياۋۇز، رەھىمسىز» [126] دېيىلگەن.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن تۈركلەر قوشۇنلىرىنى سەپكە تۇرغۇزاتتى. ئاتلىق ئوقياچىلار دۈشمەننىڭ غەيرىتىنى سىناپ، ئۇلارنى ھۇجۇم قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، جەڭنى باشلايتتى. تاڭ تارىخنامىلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قوشۇن بىنچاۋدا توختىدى. قاغان ئۇشتۇمتۇت 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن يېقىنلاپ كەلدى، ۋۇلۇنباڭغا يېقىن جايدا سەپ تارتىپ تىزىلدى

ۋە بىر نەچچە يۈز چەۋەنداز ئۇرۇشنى باشلاش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى» (127).
تاڭ سەركەردىسى بەي جۈياڭ تۈرك قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار-لىقى توغرىسىدا سۆزلىگەندە غەيرىي مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇننىڭ ساپاسىنى بەك تۆۋەن باھالىغان: «تۈرك ئەسكەرلىرى مۇكاپاتلى-نىشقىمۇ، جازالىنىشقىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، باشلىقلىرىنى ئانچە ھۆرمەتلىمەيدۇ ۋە تولىسى تەرتىپ - ئىنتىزامغا بويسۇنمايدۇ. ئۇلارنى يېڭىش تەس ئەمەس. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى توغرىسىدا تولا سۆزلەش ئورۇنسىز ... ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئاسانلا يەڭگىلى بولىدۇ» (128).
ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى ۋاقتىدىكى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قوشۇن قارام كۆچمەنلەردىن تەشكىل-لەنگەن بولۇپ، ئىنتىزامچانلىقى يېتەرسىز بولغان ۋە بەزىدە تۈزۈمگە ئانچە رىئايە قىلىپ كەتمىگەن. جەڭ نەتىجىسى كۆپ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىغا باغلىق بول-غان. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا چەۋەندازلار ھەر تەرەپكە چېچى-لىپ قاچقان، كېيىن يەنە يىغىلىپ تەكرار ھۇجۇمغا ئۆتكەن.
تۈرك قوشۇنىدا بارلىققا كەلگەن ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار رىچ سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە قوچاقلاشما جەڭلەردە «ساۋۇت، نەيزە، يېنىك قىلىچ ۋە تۇز قىلىچلار بىلەن قوراللانغان» «بۆرى» ئەترەتلىرى تۈرك قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق زەربىدار قىسمى ئىدى. تۈركلەر قوشۇنلارنى باشقۇرۇشتا «ئال-تۇن رەڭ بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن تۇغلاردىن»، بۇيرۇقلارنى يەتكۈزۈشتە «ئالتۇن باشاقلىق ئوق ۋە موم تامغىلار-دىن» پايدىلىناتتى (129).



11 ــ رەسىم ئېغىر قوراللانغان قەدىمكى تۈرك جەڭچىسى
(ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىم)

بىرىنچى قاغانلىق دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش كۆلىمى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسى پەۋقۇلئاددە كەڭ بولغان، يەنى شىمالدىكى «خاكاس» (قىرغىز) يەرلىرىدىن جە-

نۇبتىكى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، شەرقتىكى قىتان ۋە شىرۋىلارنىڭ يەرلىرىدىن غەربتىكى قارا دېڭىز بويلىرىغىچە يەتـكەن. مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەرقايسى ئەللەر (ئۇلارغا) باش ئەگدى. ئوقياچىلىرى يۈز تۈمەندىن ئاشتى. شىمالدىكى ياتلار ھېچقاچان بۇنداق قۇدرەتلىك بولغان ئەمەس» (130).

قاغانلىق غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى بىر ئاز تارايدى. ئۇرۇشلارنىڭ كۆلىمى ئۆزگەردى. كۆپ ھاللاردا ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بۇلاڭچىلىقنى مەقسەت قىلدى.

«يېڭى تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركلەر «ئادەتتە ئاي تولۇشتىن بۇرۇن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان» (131). تۈرك قوشۇنلىرى ئۇزۇن يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىپ، دۈشمەن زېمىنىغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرەلەيتتى. بۇ دەۋردە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيىسى ئاساسەن ھۇجۇم خاراكتېرىدە بولغان.

ئۇلارنىڭ دۆلەت بىرلىكىگە كېلىدىغان ئاساسلىق خەۋپ ئىچكى ئۇرۇش ئىدى. قاغانلىق تەختىنى تالاشقۇچىلار كۆپ ھاللاردا دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى قورال كۈچ بىلەن ھەل قىلاتتى. بىر قىسىم قاغانلار، تېگىنلەر، ئايماق رەھبەرلىرى ئۆز ئالدىغا يۈرۈش قىلاتتى، ھەربىي ئىتتىپاقلارنى تۈزەتتى، تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە تاشقى دۈشمەنلەرنى سۆرەپ كىرەتتى.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى ئالاھىدىلىكلىرى ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە داۋاملىق راۋاجلاندى.

دەسلەپتە قۇتلۇغ قاغاننىڭ قولىدا تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىدا تۇرىدىغان تۈرك قوشۇنلىرى ئىچىدىكى يېنىك قوراللانغان بىر نەچچە يۈز جەڭچىلا بار ئىدى. ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا قېچىپ قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولغان («قۇتلۇق تاشلىق سېپىلىنىڭ

شىمالىغا قاچقان») (132).
كېيىنچە، ئۆتۈكەن خەلقىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈرك قوشۇنى زور دەرىجىدە ئۆلغايدى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ھەر خىل قەبىلىلەردىن توپلانغان يېنىك قوراللانغان غەيرىي مۇنتىزىم چەۋەندازلار بىلەن بىر قاتاردا ساۋۇتلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ پەيدا بولدى. تۈرك سەركەردىلىرى چېچىلما سەپ بويىچە ئوق ئېتىش بىلەن زىچ سەپ تۈزگەن ئاتلىق نەيزىۋازلارنىڭ زەربىسىنى بىرلەشتۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنالىغان. مەنبەلەردە ھۇجۇمنىڭ تەپسىلاتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «كۆل تېگىن بايىرقۇ ئاق ئېتىغا مىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىر ئەرنى (يەنى جەڭچىنى) ئوق بىلەن يىقىتتى، ئىككى ئەرگە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىگە (نەيزە) سانجىدى». ساۋۇتلۇق چەۋەندازلارنىڭ ھۇجۇمى دۈشمەن قوشۇنىنى بۆلۈۋەتكەن: «... نەيزىلەر بىلەن (يول) ئاچتى. نەتىجىدە قىرغىز قاغان بارس بەگ سۇنغا قارا بۇدۇن يېرىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۆلدى» (133).
تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ئىدى. تۈركلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۇزۇلدۇرمەي جەڭ قىلىپ، دۈشمەنلەر قورشاۋىدا ياشاپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ، يىراق يۇرۇشلەرگە ئاتلىنىپ، شەرقىي ۋە مەركىزىي ئاسىياغىچە يېتىپ بارغان.
تۈرك قوشۇنىنىڭ ئايرىم ئەترەتلىرى زۆرۈر بولغاندا ئۆز ئالدىغائايرىم ھەرىكەت قىلىپ، دۈشمەنگە ھەرخىل يۆنىلىشلەردە ھۇجۇم قىلاتتى. «بىر قوشۇن يۇرۇشكە ئاتلاندى، يەنە بىر قوشۇن بارگاھتا قالدى. ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بىزنى پىيادە (ئاتسىز) بولغاچقاجەڭدە ئاجىزلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قوشۇنى بىزنىڭ بارگاھىمىزنى بۇلاش ئۈچۈن ماڭدى، يەنە بىر قوشۇنى بىز بىلەن تۇتۇشماقچى

بولۇپ كەلدى؛ بىز ئاز ۋە ئاجىز ئىدۇق (قوراللىرىمىز ناچار
ئىدى) . ئوغۇزلار... كۆك تەڭرى (بىزگە) كۈچ بەردى، مەن
(ئۇلارنى) تارمار قىلدىم، (ئۇلارنى) تارقىتىۋەتتىم» [134] .
دائىملىق ئۇرۇش شارائىتىدا نۇرغۇن ئىشلار جەڭچىلەرنىڭ
ماھارىتى ۋە چىداملىق بولۇشىغا باغلىق ئىدى. «ئون يەتتە مىڭ
كىشىلىك تابغاچ ئاتلىق قوشۇننى مەن بىرىنچى كۈنى تارمار
قىلدىم. پىيادىلىرىنى ئىككىنچى كۈنى كۆپلەپ يوقاتتىم».
تۈركلەر دۈشمەننى قوغلاپ، ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلاپ،
ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە توختىمايتتى. ئالاي-
لۇق، بىلگە قاغان توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بولغان ئۇرۇش داۋامى-
دا ئۇلارغا تۆت قېتىملىق جەڭنى زورلاپ تاڭغان، بەشبالىق
يېنىدا ئۇدا ئالتە قېتىم جەڭ قىلغان. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ
نەتىجىسى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە قوماندانلارنىڭ ئۆزىنى
تۇتۇشىغا باغلىق بولاتتى. «تۈرك خەلقى (كۆچۈپ يۈرۈپ) پۈت-
لىرى تالدى، ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشەي دەپ قالدى. (دۈشمەن)
قوشۇنى بىزنى قورشاپ يەڭگىلى تۇرغاندا، مەن ئۇلارنى قوغلى-
ۋەتتىم. ئاران جېنى قالغان، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان نۇرغۇن
ئادەملەر ھايات قالدى» [135] .
قوشۇننىڭ يۇقىرىقىدەك جەڭگىۋارلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن
تۈركلەر نەچچە ئون يىل جەريانىدا ھەممە تەرەپلەردە ئۈزلۈكسىز
جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارقا سەپلىرىدىن نەچچە يۈز كىلومې-
تىر يىراقتىكى جايلارغىچە يۈرۈش قىلغان. بىرىنچى قاغانلىق
دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئادەم مەنبەسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە
چەكلىك بولۇشىغا قارىماي، كۆك تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش مەيدانى
ناھايىتى كەڭ بولغان، يەنى مىنۇسىن ئويمانلىقىدىن بەشبالىق
ۋە سەددىچىن سېپىلىغىچە، مانجۇرىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە
سوزۇلغان. ئۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيىسى ھۇجۇمدىن ئىبا-
رەت بولغان. مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇ-

رۇش، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىش، تاڭ ئىمپېرىيىسىنى سېلىق تۆلەيدىغان قىلىش قاتارلىق ئاساسلىق ئىستىراتېگىيە نىشانلىرىمۇ ساقلانغان.

كۆك تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئۇرۇش سىياسىتى قىرىق يىل جەريانىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا دۆلەتنى هالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، هەربىي - سىياسىي يولباشچىلار بۆلگۈنچىلىك خاھىشلىرىنى بېسىقتۇرالمىدى، تۈرك بەگلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكىنى تىزگىنلىيەلمىدى، توققۇز ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە باشقا تېلى كۆچمەن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش مەسىلىسىنى هەل قىلالمىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، كۆپ يىللىق ئۇرۇشلار داۋامىدا چېنىققان جەڭچىلەر قىرىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۆز قاغانلىرىنىڭ يايلاق هۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش كۈرەشلىرىدە چارچىغان «تۈرك خەلقى» نۆۋەتتىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئۇيغۇر - ئوغۇز كۆچمەنلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قاغانلىق يىمىرىلدى.

تۈركلەر ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قاغانلىقلىرىدىن ئىبارەت يېڭىدىن پەيدا بولغان دۆلەتلەر سىستېمىسىغا قوشۇلدى. تۈركلەردىن تۆزۈلگەن هەربىي ئەترەتلەرنى ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار ئۆز قوشۇنلىرىغا قوشۇۋالدى. بۇنى تۈرك ئەرلىرىنىڭ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا قورال - ياراغلىرى بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنغانلىقىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى تۈرك قىسىملىرىدا يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى كۆپ ئىدى. ئەهۋالدىن قارىغاندا، تۈركلەر هەر ئىككى قاغانلىقنىڭ قوشۇنلىرىدا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملارنى تەشكىل قىلغان بولسا كېرەك.

يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملار ئۇچۇن چېچىلما سەپ تاكتىكىسى ئەڭ مۇۋاپىق. هالبۇكى، ئەينى دەۋردىكى تۈركلەردە

يىقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى ۋە قوغدىنىش كىيىملى-
رىنىڭ بولغىنىدىن قارىغاندا، تۈرك ئاتلىق قىسىملىرى يىقىن
ئارىلىقتىكى جەڭلەرگىمۇ سىلىنغان. تۈرك قەبىلىلى-
رى 8 — 9 - ئەسىرلەردىكى كۆچمەنلەر دۇنياسىدىكى ئۈستۈن
كۈچلەر بولغان ئۇيغۇرلار ۋە كېيىنكى قىرغىزلار تەرەپتە تۇ-
رۇپ، بىقىندى شىرىكلىك ياكى ئىتتىپاقداشلىق رولىنى ئوينى-
غان. تۈركلەر «ئۆز نامىنى ساقلاپ قالغان» ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا «ئازاب تارتقان» (136). قىرغىزلار-
نىڭ «بۈيۈك دۆلەتچىلىكى» دەۋرىدە، تاكى 10 - ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىسىغىچە تۈركلەر مەركىزىي ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشىغان.
«بۇ چاغدا تۈركلەر بەك ئاجىز ئىدى» (137). شۇنىڭدىن كېيىنكى
مەنبەلەردە تۈركلەر توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇلار
تەدرىجىي ھالدا تۈركىي تىللىق باشقا كۆچمەنلەر ئىچىگە سىڭىپ
كەتكەن بولسا كېرەك.

# ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ قورالLىرى، ھەربىي قوشۇن قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇتەخەسسىسلەر تېخىچە ئايدىڭلاشتۇرالمىدى. بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق قىيىنچىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى يازمايادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ تەڭلەشتۇرۇشتىكى تالاش - تارتىشلاردىن كېلىپ چىققان. مەخسۇس ئەسەرلەردە غەربىي جەنۇبىي بايقال يېرىدىكى چەمبەرسىمان ۋە يۇمىلاق تۆپىلىكلەردىكى مېيىت قويۇلغان گۆرلۈكلەر ①، تۇۋادىكى توپىلىق دۆڭلەر تېگىدىكى مېيىت قويۇلغان لەخمە گۆرلۈكلەر ②، شىمالىي ئالتايدىكى سىروستكىن مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى ③ ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق دېگەن نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سايان - ئالتايدىكى مېيىت بىلەن ئات بىللە كۆمۈلگەن ئاز ساندىكى گۆرلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە يادىكارلىقلىرى دېيىشكە بولىدۇ ④. شۇنداقلا، تۇۋا تېررىتورىيىسىدە تەكشۈرۈلگەن مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەپ قارالماقتا ⑤. بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىز موڭغۇلىيە زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ۋە قەلئەلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارنى يىغدۇق ⑥. قورال - ياراغلار، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە ئائىت بىر قىسىم مەلۇماتلار ئوتتۇرا ئەسىر يازما مەنبەلىرىدىن ⑦، غەربىي جۇڭگو زېمىنىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى ⑧. مانا مۇشۇ مەلۇماتلار بىزنى ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدا بەلگىلىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ.
تەتقىقات ئۇچۇن لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسىك، ئۇلان باتوردىكى مۇزېيلار ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى، شۇنداقلا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن پايدىلاندۇق.
مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق، يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قورال ـ جابدۇقلىرى يا، ئوق، ساداقلارنىڭ پارچىلىرىدىن ئىبارەت.

## ئوقيالار

ئۇيغۇر ئوقيالىرى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلار قاپلىغۇچلارنىڭ سانى ۋە جايلاشقان ئورنى بويىچە بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىدا يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. نىك خوي يادىكارلىقى (مىنۇسىن ئويمانلىقى) 3 ـ گۆرلۈكتىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑨. يانىڭ ئۇزۇنلۇقى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار يېرىم يۇمىلاق سوزۇق شەكىلدە بولۇپ، يانىڭ دۇمبە ۋە ئىككى بېشىغا قارىتىلغان تاشقى قىرىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە قىيپاش كېسىكچىلىرى بار. ئوتتۇرىدىكى كاۋاك قاپلىغۇچ تار، توغرا كەسمىسى تۇخۇمسىمان شەكىلدە، ئىچكى تەرىپىدە كېسىكچىلىرى بار. ئىككى بېشى قىيپاش كېسىلگەن. بۇ خىل يانىڭ قاناتلىرى سىممېترىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ ۋاقتىدا ئات ئۈستىدىن ئوقيا ئاتىدىغانلىقى يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ⑩. تۇرپاندىكى بىر تام رەسىمنىڭ پارچىسىدا ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئېغىر قوراللىق ئۇيغۇر چەۋەندازنىڭ قولىدىكى مۈرەككەپ تەركىبلىك ئوقيا ئىپادىلەنگەن ⑪. ئەپسۇسكى، رەسىم بۇزۇۋېتىلگەن بولغاچقا، يانىڭ ئىككى بېشىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلگىلى بولمىدى. پەقەت شۇنداق دېيىشكىلا بولىدۇكى، يانىڭ ئىككى قانىتى ۋە ئوتتۇرىسى بىر–بىرىگە تۈز قىلىپ چاپلانغان ئىككى ياغاچ قىسمىدىن تۈزۈلگەن بولسا كېرەك (يانىڭ دۈمبىسى ۋە ئىچكى تەرىپى).




12 ـ رەسىم ئۇيغۇر ئوقيالىرى ۋە ساداقلىرىنىڭ پارچىلىرى

مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدى-

لىكلىرىنى تەھلىل قىلغان. لېكىن ئۇلار خاتا ھالدا تۇۋا زېمىنىدىكى لەخمە گۆرلۈكلەردىن تېپىلغان ئوقيانىڭ سۆڭەك قاپلىغۇچلىرىنى نېگىزلىك ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋالغان ⑫. نىك - خويدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ قاپلىغۇچلىرى شەكلى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە ۋاقىت چېكى يېقىن بولغان قەدىمكى تۈرك، كىماك ۋە قىرغىز نۇسخىلىرىغا ئوخشايدۇ ⑬. ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ مۇھىم پەرقلىق ئالاھىدىلىكى مۇستەھكەملىكى ئاشۇرۇلغان كاۋاك قاپلىغۇچنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ ئالامەتكە ئاساسەن بۇ ئوقيانى مىلادىيە 2 - مىڭ يىلنىڭ بېشىدىكى يان قاپلىغۇچلىرى بولمىغان ئوقيالارنىڭ ئۆتكۈنچى شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

## ئوق باشاقلىرى

سايان - ئالتاي ۋە موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن چىققان ئاز ساندىكى ئوق باشاقلىرى بىر تۈرلۈك بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈر، بىر تارماق بولۇپ، ھەممىسى ساپاقلىق. ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

1 - گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 - تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكلىدە. جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: نىك - خوي، 1 - گۆر ⑭؛ ئورخۇن دەل، 11 - قورغان (موڭغۇلىيە) ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 5. 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 .6 س م. باشاق ئۇچى تۇز، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تۇز، بەلدەمچىسى بار. بەزى نۇسخىلارنىڭ ئۇچى ئۈچ قىرلىق.

2 - تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئورخۇن دەل،

11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑯ . ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكىلدە، ئۇچ قىرلىق، قاناتچىلىرى تۇز، بەلدەمچىسى بار.




2 ـ گورۇپپا. ئۇچ قىرلىق باشاقلار، بىر تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىلدە. ئورخۇن دەل يادىكارلىقى، 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑰ . ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇق شەكىلدە، قاناتچىلىرى تىك.

3 ـ گورۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. نىك ـ خوي يادىكارلىقى، 1 ـ گۆرلۈكتىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا

13 ـ رەسىم ئۇيغۇر تۆمۈر ئوق باشاقلىرى

⑱ . ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 س م، كەڭلىكى 5 .

1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى تىك.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بولۇڭ شەكىلدە. نىك ـ خوي يادىكارلىقى، 1 ـ گۆرلۈكتىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا ⑲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4.5 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل ۋە قاناتچىلىرى تۈز.

تۇۋادىكى لەخمە گۆرلۈكلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئوق باشاقلىرى ئۇستىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ھازىر كونىراپ قالدى، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ⑳. كۆرسىتىلگەن ئوق تۈرلىرى (ئۈچ يانلىقلار ئىككى تىپ، ئۈچ قىرلىقلار بىر تىپ، تۆت قىرلىقلار ئىككى تىپ) بىزنى ئۇيغۇرلاردىكى يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى ھەققىدە بەلگىلىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى، تېپىلمىلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، تولۇق بايان قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ھەمدە باشقا كۆچمەنلەرنىڭ دەۋرداش ئوق تۈرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئىشىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ.

كېسىلىشى ئۇزۇنچاق ئۈچ بولۇڭلۇق ۋە ئۇزۇنچاق بەش بولۇڭلۇق ئۈچ يانلىق باشاقلارنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىگە ئورتاق دېيىشكە بولىدۇ. توسۇقنى يارغۇچى ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىلدىكى، تۆت قىرلىق سوزۇنچاق رومبا شەكلىدىكى ۋە ئوق بېشى ئايرىم باشاقلارنىڭ تولىسى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىغا خاس. مىنۇسىن ئويمانلىقىدىكى يادىكارلىقلاردا توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ نىسبەتەن كۆپ بولغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر قوراللانغان قىرغىز ئاتلىق قىسىملىرىغا قارشى يىراق ئارىلىقتىكى جەڭلەردە توسۇقنى يارغۇچى ۋاستىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىش-

لەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يىغىلغان ماتېرىياللار ھازىرچە ئىـ
شەنچلىك يەكۈن چىقىرىشقا كەملىك قىلىدۇ. ھەر ھالدا شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئوقياچىلىرىنىڭ ئوق تۇرلىـ
رى يېنىك قوراللانغان ۋە ساۋۇت كىيگەن دۈشمەنلەرگە يىراق
ئارىلىقتىن زەربە بېرىشكە يارىغان.

## ساداقلار

ھازىرغىچە تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا پۈتۈن
ساقلانغان ساداقلار تېپىلمىدى. تېپىلغانلىرى سادانىڭ قېيىن
پوستىدىن ياسالغان قورساق قىسمىنىڭ پارچىلىرى، تاسما ئۆتـ
كۈزۈلىدىغان سۆڭەك سىرتماقلار، سادانى قىيپاش ھالەتتە ئېـ
سىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان تۆمۈر ئىلمەكلەردىن ئىبارەت.
سادانىڭ باش قىسمىنىڭ شەكلى ئېنىقلانمىدى. قورساق
قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا، بىر گۇرۇپپىغا ياتىدىغان
بولۇپ، قورساق قىسمى سىلىندىر شەكلىدە، بىر تىپقا ئايرىلىـ
دۇ. يانچۇقلۇق. نىك ـ خوي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر
نۇسخا. كەڭلىكى 14 س م. سادانىڭ پىچىمى تۇخۇم شەكلىدە
بولغان. مۇرەككەپ قاپارتما نەقىشلىق سۆڭەك سىرتماقلىرى
ساقلىنىپ قالغان. ئاياغ تەرەپلىرىدە ئىككى ۋە ئوتتۇرىدا بىر
مۇنەك بولۇپ، تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان يول ھاسىل قىلىنغان؛ بۇ
يولنىڭ ئىككى يېنىغا قورساق قىسمىغا بېكىتىش ئۈچۈن سىلىنـ
دىر شەكلىدىكى ئىككى تۆشۈك تېشىلگەن؛ سىرتماقنىڭ ئاياغ
تەرەپلىرىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىردىن تۆشۈكلىرى بار.
سىرتماقنىڭ شۇ يولىغا تاسما ئۆتكۈزۈلەتتى، بۇ تاسما بەلباغقا
بېكىتىلەتتى ياكى يەلكىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېسىلاتتى. سادانىڭ
تۈۋىگە ئىككىنچى تاسمىنى ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھالقىسىمان
سىرتماقلىق تۆمۈر ئىلمەك بېكىتىلگەن. بۇ ئىككىنچى تاسما

ساداقنى قىيپاش ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ساداقنىڭ سۆڭەك سىرتـ. ماقلار بىلەن بۇنداق بېكىتىلىش قۇرۇلمىسى ئوتتۇرا ئەسىرلەرـ. دىكى شەرقىي ياۋروپا، ئۇرال، قازاقىستان خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىـ. سى ئىدى، لېكىن مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىدە ئەسلى يوق ئىدى.

## قوش بىسلىق قىلىچلار

بۇنداق قىلىچلار توغرا كەسمىسى بويىچە رومبا شەكىللىكلەر گۈرۈپپىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. بالدىقى يوق. شاگونار شەھەر خارابىسىدىكى 3 ـ قەلئەدىن (تۇۋا) تېپىلـ. غان بىر نۇسخا ㉓. تىغىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنـ. لۇقى 18 س م، كەڭلىكى 4 س م، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م. سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. تىغى قوش بىسلىق، تۈز، بىر تەرىپى ئۈتكۈر بىلەنگەن، تىغى سۇنۇپ كەتكەن. بالدىقى يوق. دەستىسىنىڭ تۇتقۇچى تۈز، توم.

قولىمىزدا بار بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارـ. نىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرى ئىچىدىكى چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرىنىڭ رولى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش خېلى تەس. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي رەقىبلىرى (تۈركلەر، قىرـ. غىزلار ۋە باشقا كۆچمەنلەر) دە تۈز قىلىچلار كەڭ تارقالغانلىقىنى ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرى قوش بىسلىق قىلىچلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان دېيىش توغرا بولمايدۇ.

## نەيزىلەر

نەيزىلەر باشاق ئۇچىنىڭ توغرا كەسمىسى بويىچە بىر گۇـ.

رۇپپا بولۇپ، يۇمىلاق، شەكلى بويىچە بىر تېپقا ئايرىلىدۇ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە. باۋىن ئالاق (تۇۋا) يادىكارلىقىن تېپىلغان بىر نۇسخا ㉓. ئۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، تۆشۈكى 4 س م. سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، توغرا كەسمىسى يۇمىلاق، ئۇچى ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يوق، تۆشۈكى كونۇسسىمان.

بۇنداق باشاقلار ياغاچ ساپلىق سانجىغۇچى قوراللارغا خاس بولۇپ، توسۇقنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. نەيزىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا قانچىلىك دەرىجىدە قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. ھەر ھالدا، ئۇيغۇر قاغانلىقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى قىرغىزلار بىلەن جىددىي ئېلىشىۋاتقان مەزگىللەردە قىرغىزلارنىڭ ئېغىر قوراللانغان ئاتلىق قىسىملىرىغا قارشى كۈرەشتە ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق.

ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلمىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ساۋۇت كىيگەنلىكىنى پەقەت رەسىملەردىنلا كۆرگىلى بولىدۇ.

## قورال تۈرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قورال تۈرلىرى ھەققىدە ئايرىم ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەخسۇس تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. ئالايلۇق، ل. گۇمىلېيېۋنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملىرى تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئېغىر قوراللانغان نۆكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. ھالبۇكى، تەتقىقاتتا يالغۇز يازما مەنبەلەرگىلا تايانغاندا ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ قوراللىرى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى

بولمايدۇ.

ئۇيغۇر قوراللىرىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئۇيغۇرلاردا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملارنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قورالى ئوقيا ئىدى. ئوقلار ساداقلارغا سېلىناتتى.

گۆرلۈكلەردىن ۋە شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان قورال تۈرلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولىدۇ. گۆرلۈكلەردىن چىققانلىرى ئاساسەن يىراق ئارىلىقتىكى جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان ئاتقۇچى قوراللار، شەھەر خارابىلىرىدىن چىققانلىرى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىدىن ئىبارەت. تەسۋىرىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى بولغان.

قەلئەلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى يېقىن ئارىلىقتىن ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى، يەنى قىلىچ، نەيزە ۋە خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان. زەربىدىن قوغدىنىش ئۇچۇن قاسراقسىمان ساۋۇتلاردىن پايدىلانغان. بۇ خىل قورال تۈرلىرى پۈتۈن ئۇيغۇر قاغانلىقى زېمىنلىرىدا بىردەك ئەمەس ئىدى. قاغانىنىڭ قارارگاھىنى قوغدىغۇچى جەڭچىلەرنىڭ قوراللىرى ياخشىراق ۋە تولۇقراق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئايرىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان مەلۇماتلار ھازىرچە تېپىلمىدى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كۆپ قەبىلىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ھەرخىل ئېتنىك قاتلاملارنىڭ قىسىملىرىدىكى قورال - جابدۇق تۈرلىرىمۇ پەرقلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل پەرقلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلاشقا ھازىر بار بولغان مەلۇماتلار بەك ئازلىق قىلىدۇ.



14 ـ رەسىم ئېغىر قورالّلانغان ئۇيغۇر جەڭچىسى
(ئا. لېكوك ئەسلىگە كەلتۈرگەن)

## ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئا-
لىملار ھازىرغا قەدەر يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي كەلدى. پەقەت
ئۇيغۇر تۇرپان بەگلىكىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردىلا بۇ ھەقتە
ئاز ـ تولا سۆزلىنىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رۇنىك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە ئۇي-
غۇرلار ۋە قاغانلىق تەركىبىگە كىرگەن باشقا قەبىلىلەر قوشۇنلى-
رىنىڭ ئەسكەر سانى توغرىسىدا، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك قوماز-
دانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى توغرىسىدا تۇرلۇك مەلۇماتلار بار. لېكىن
بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىلا بىر ـ بىرىگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ.
جۇڭگونىڭ سالنامىلىرىدىن «يېڭى تاڭنامە» ۋە «تەيپىڭ يىللىرى-
دا خان يارلىقى بىلەن پۈتۈلگەن خاتىرىلەر» لەردە ئۇيغۇرلارنىڭ
«خىللانغان قوشۇنى» دا بەش مىڭ جەڭچى بولغانلىقى ئېي-
تىلىدۇ ㉕. رۇنىك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە بايراق ھەققىدىكى،

ئون مىڭ كىشىلىك، مىڭ كىشىلىك، بەش يۈز كىشىلىك، يۈز
كىشىلىك تارماق قوشۇنلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز ㉖
. قوشۇن ـ خەلق ئومۇمەن تاردۇشلار ۋە تېلېلار دەپ ئىككى
قاناتقا بۆلۈنگەن. «خىللانغان» ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە
ئۈچ يۈز نۆكەر تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلار قاغان قارارگاھىنىڭ مۇھا-
پىزەتچىلىرى بولسا كېرەك. ئومۇمەن، بۇ مەلۇماتلاردىن پەرەز
قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر قوشۇنى ئاسىياچە ئونلۇق سىستېمى-
سى بويىچە بۆلۈنگەن (ئەترەتلەر 5، 10، 50، 100، 500،
1000، 10 مىڭ جەڭچىدىن تۈزۈلگەن).

تۇرلۇك مەنبەلەردە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىلىرى تو-
نۇشتۇرۇلىدۇ. ئالايلۇق، قارابالغاسۇن يادىكارلىقىنىڭ خەنزۇچە
بايانىدا «تۇتۇق»، «دورغا»، «ئىچكى ۋەتاشقى زايسانلار» تىلغا
ئېلىنىدۇ ㉗. «موغان شىنە ئۇسۇ يادىكارلىقى»دا «يابغۇ»،
«شاد» (قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، تاردۇشلار بىلەن تېلېلارنى
باشقۇرغان)، شۇنداقلا «تېگىنلەر»، «تۇتۇقلار»، «بەگلەر»،
«مىڭ بېشىلار» تونۇشتۇرۇلىدۇ ㉘. ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ قۇرۇل-
مىسى تېرخىن يادىكارلىقىدا ئەڭ تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن:
«تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانىم (دۆلەت) ئىچىدە
تۇرۇشلۇق (بارلىق) قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇشنى بۇيرۇدى.
ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان، ئۇلۇغ بۇيرۇقلار
جەمئىي توققۇز: بىلگە تاي سەنگۇن تۇتۇق، بەش يۈز بېشى؛
كۆلۈگ ئۆڭۈ ئۆز ئىنانچۇ، بەش يۈز بېشى؛ ئۇلۇغ ئۆز ئىنانچۇ
ئۇرۇڭۇ، يۈز بېشى؛ ئۇلۇغ ئۇرۇڭۇ؛ تۆلىس بەگلىرىنىڭ ئوغ-
لى، مىڭ بېشى تۆلىسلىك كۆلۈگ ئەرەن؛ تاردۇش بەگلىرىنىڭ
ئوغلى مىڭ بېشى، تاردۇشلۇق كۆلۈگ ئەرەن؛ تاردۇش ئىشبا-
رىش، مىڭ ئەسكەر بېشى؛ ئالپ ئىشبارا سەنگۇن ياغلاقار
...توققۇز يۈز ئەسكەر بېشى، تويقاننىڭ ئۇلۇغ تارقانى (بارگاھ-
نىڭ باشلىقى) بۇقۇغنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى...

قەبىلىسىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى؛ باتۇر ئاتاچۇق قەبىلىسىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى» [29]. مۇشۇ ھۆججەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنىدا تەخمىنەن 15 مىڭ ئادەم بولغان. بۇ قوشۇن 100 كىشىلىكتىن 5000 كىشىلىككىچە ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن. «ئۇلۇغ بۇيرۇقلار»نى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان سەركەردىلەر دەپ چۈشەنسەك، ئۇلار توققۇز ئىدى («باشلىقى»نى ھېسابقا ئالمىغاندا). بۇ يادىكارلىقتا يەنە 5000 كىشىلىك قوشۇن باشلىقلىرىدىن قۇتلۇق چىگىشى ۋە ئالىپ بىلگە چىگىشى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. بۇلار ئېھتىمال قاغانغا مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلغان «ئازغان» ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى بولسا كېرەك. تېكىستتە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... تەڭرى قاغانىمىنىڭ ئاتلىقلىرى (ياكى ئەمەلدارلىرى) ... ئۇيغۇر خەلقى تېگىنلىرىم بىلەن بىللە، تۇرغاق (لەشكەر) باشلىقلىرى، باتۇر ئاتاچۇق ۋە بەگزىك ئەر چىگىشى باغا تارقانلار ۋە ئۈچ يۈز تۇرغاق بىلەن بىللە قاتناشتى. تەڭرى قاغانىمىنىڭ ئوغۇللىرى بىلگە تارقان ۋە قۇتلۇق بىلگە يابغۇ... تۆرلەر...» [30]. دېمەك پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر قوشۇنى ئىككى قانات (تېلېلار ۋە تاردۇشلار) ۋە مەركەز (ئىچكى بۇيرۇقلار) دىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن باشقا قاغان نۆكەرلىرى (تۇرغاقلار) تەشكىللەنگەن. بۇ قىسىملار تېخىمۇ ئۇششاقراق ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن. قاغان قوشۇنىدا ئۇيغۇرلاردىن سىرت يەنە ئىتتىپاقداش ياكى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن «بارغۇت، ھۇن، بايىرقۇ، توڭرا، سەگىر (سەكىر)، قىبار»لارمۇ بار ئىدى [31]. بىر تېكىستتە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا يەنە مۇنۇلار تىلغا ئېلىنىدۇ: «سەككىزىنچى بوغۇن ئاز، توققۇزىنچىسى تولۇن ئېشغۇس دەپ ئاتىلىدۇ» [32]. تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى تېلى، يەنى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىگە كىرىدۇ.

تېرخىن يادىكارلىقىنىڭ بىر يېرىدە قارام قەبىلىلەر «ئازغان» يۇقىرالار قاتارىدا ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنىدۇ: «قاغان

ماغدۇرسىزلانغان ئوغۇز خەلقىنى، ئۇلارنىڭ ئالتە يۈز سەنگۈنى، بىر تۈمەن قوشۇنىنى (سۆزمۇسۆز مەنىسى — خەلقىنى) قولغا چۈشۈردى» [33]؛ يەنە بىر يېرىدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ «بۇ پۈتۈك يېزىلىۋاتقاندا» (يەنى بۇ يادىكارلىق تۈرغۈزۇلغان ۋاقىتتا) بار بولغان بىر قىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. «توققۇز تاتار، ئازلارنىڭ ئون يەتتە بۇيرۇقى، سەنگۈنلىرى، توڭرالارنىڭ (قەبىلىسىنىڭ) مىڭ كىشىلىك قوشۇنى... قۇملۇق يەرنىڭ (ياكى ئىسسىق يەرنىڭ) باشلىقلىرى (داھىيلىرى)... بايىرقۇ خەلقى، ئاز ئاسپراتاي سەنگۈن ۋە ئۇنىڭ خەلقى، توڭرالاردىن (قەبىلىسىدىن) باش قايباش، ئۈچ قارلۇق — شۇنچە كۆپ كىشىلەر (قاتناشتى)...» [34]. بۇ قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەركىبىدە بولغان (توڭرا ۋە بايىرقۇ)، يەنە بەزىلىرى (تاتارلار، ئازلار، قارلۇقلار) قاغانلىقنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ تەركىبىدىكى ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ تەركىبى ھەم سانى تۇراقلىق بولمىغان. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئۇيغۇر ئۇرۇقى ياغلاقارلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، قاغانلىقتىكى ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنىڭ تەسىرى كۈچىنىشكە باشلىغان. 795 ـ يىلى ئەدىز قەبىلىسىنىڭ ۋەكىلى قۇتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تەختىگە چىقتى [35]. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئەدىزلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا قاغانلىق تەختىنى تالىشىش كۈرەشلىرى بولدى [36].

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي سىستېمىسى كۆپ جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى تۈركلەر، قىرغىزلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق كۆچمەنلەرنىڭكىگە يېقىن ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قوشۇندىكى ساپ ئۇيغۇر قىسىملىرى ئىتتىپاقداش ۋە قارام قەبىلىلەر قىسىملىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

ئۇيغۇر قاغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ھاكىمىيىتىنىڭ پۇختا

ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئورخۇن، سېلېنگا ۋە يېنىسەيىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قۇرۇلغان ھەربىي قەل- ئەلەر ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان. قاغانلىقنىڭ كۆپ قەبىلىلىك كۆچمەن ئاھالىنى ئىدىيە جەھەتتىن مانى دىنىدىن ئىبارەت يېڭى دىن بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈ- رۈشكە ئۇرۇنۇشىمۇ بۆلگۈنچىلىك خاھىشلىرىنى يېڭىش مەقسى- تىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ تەدبىرلەر- نىڭ ھېچقايسىسى قاغانلىقنىڭ ھەربىي سىستېمىسىنى كۈچەيتەل- مىدى. يېتەكچى ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە بۆلگۈنچىلىك خاھىشلىرى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇيغۇر قاغانلىقى ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۆز دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرالمىدى ۋە يىمىرىلدى.

## ئۇرۇش سەنئىتى

قورال - ياراغ ۋە ھەربىي تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسى- دا ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى تەخمىنەن تە- سەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان تېلې قەبىلىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئوقياچىلار سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىدى. بىرىنچى تۈرك قا- غانلىقى دەۋرىگە ئائىت بىر مەنبەدە ئېيتىلىشىچە، تېلېلەر «ئاچ- چىقى يامان ۋە رەھىمسىز» بولغان، «ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ئىنتايىن ئاچ كۆز ۋە تەمەگەر، بۇلاڭچىلىق بىلەن جان باققان» ㊲. ئۇلار (ئۇيغۇرلار) چېچىلما سەپ تاكتىكىسىنى ئەڭ كۆپ قوللانغان. «جەڭلەردە سەپكە تىزىلمايدۇ، بېشى (باش ئەترەت) ئايرىلىپ چىقىپ قىستاپ كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇشتۇمتۇت چېكىنىدۇ، تۇراقلىق جەڭ قىلالمايدۇ» ㊳

. چىچىلما سەپ تۈزۈلۈشىنىڭ خاراكتېرى ئەنە شۇنداق تەسۋىر-لەنگەن. ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە جەڭدە قولايلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھەمىشە يۈرۈشكە ئاتلانغاندا ئالدىغا بىر تورشاۋۇل قىسمىنى چىقىراتتى.

«ھەر قېتىم ئۇرۇشنى باشلىغاندا ۋە ئاخىرلاشتۇرغاندا يات بوغۇنلاردىن ئىككىسىنى قوشۇننىڭ تورشاۋۇلى قىلىدۇ» (39). بۇ يەردىكى «يات» دېگىنى ئېھتىمال قارام بولغان غەيرىي تېلى قەبىلە ۋەكىللىرىنى بىلدۈرسە كېرەك. «موغان شىنە ئۇسۇ يادى-كارلىقى» دىمۇ شۇنداق گەپلەر بار: «ئاتام كۆل بىلگە قاغان... قوشۇن بىلەن يۈردى، مېنى مىڭ بېشى قىلىپ ئالدىغا چىقاردى» (40). مويۇنچۇر قاغان بىلەن تاي بىلگە تۇتۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش تەسۋىرىدە ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ھېسابقا ئېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ: «سېلېنگانىڭ غەر-بىي شىمالىدا، ئىلۇن غولنىڭ جەنۇبىدا، سىپ باشىغىچە (توغرا ۋادىدىكى بولاققىچە) قوشۇنلىرىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. كەرگۈ، ساقىشى ۋە سىپ باشىدىن ئۇلار بىزگە قارشى ئاتلاندى... سېلېنگىلغىچە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى جايلاشتۇردى. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى مەن تۇتۇشتۇم. شۇ چاغدا مەن يەڭدىم. ئۇلارنى يېڭىپ، سېلېنگىلغىچە قىستاپ باردىم. ئۇلارنى قوغلىۋەتتىم. سېلىنگىلدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ماڭدىم» (41). بۇ جەڭدىكى مويۇنچۇرنىڭ غەلبىسى ئاقىلانە سەپ تۈزۈپ ۋە «توغرا ۋادىدىن» چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىش بىلەن قولغا كەلگەن. مويۇنچۇر قاچقۇنلارنى قوغلاپ، دەريانى كېسىپ ئۆتكەن. تاي بىلگە تۇتۇق بىلەن بولغان يەنە بىر جەڭدە مويۇنچۇر قوشۇنى خانۇي دەرياسى-دىن كېچىپ ئۆتكەن. «سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى خانۇي (خانۇي غول) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تۇزلۇق ئالتىر كۆلى-نىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتۇم. شۇ يەردە ئۇلارنى يەڭدىم.

ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئىلگىرىلىدىم» ⑫ . تېكىستلەر-
دىن قارىغاندا، مويۇنچۇر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى ھەرىكەتچان
بولۇپ، تېز سۈرئەتتە يىراق يۇرۇشلەرگە ئاتلىناتتى، تەبىئىي
توسۇقلاردىن ئۆتەتتى. مويۇنچۇر ئىقتىدارلىق قوماندان ئىدى.
ئۇ جەڭ ئالدىدا قوشۇنلارنى پەم بىلەن ئورۇنلاشتۇراتتى، مۇرەك-
كەپ ۋەزىيەتتە قەتئىي ۋە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلاتتى، دۈشمەن
ئالدىغا يۈرەكلىك ھالدا ئاۋانگارت قىسىملارنى چىقىراتتى،
«دۈشمەننىڭ تېز ھەرىكەتلىنىدىغان ئەترەتلىرىنى» توسۇش ئۈ-
چۈن قوشۇمچە ئەترەتلەرنى چىقىراتتى. ئالايلۇق، ئۇ غەربكە
يۈرۈش قىلىشتا ئوڭۇشلۇق ھەرىكەت قىلىپ ۋە ئەسكىرىي كۈچ-
لىرىنى تەقسىملەپ، قارلۇق، چىك ۋە قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ
بىرلىشىشىگە يول قويماي، ئۇلارنى تارماق كەلتۈرگەن. نەتىجىدە
چىكلەر بويسۇندۇرۇلغان: «چىك خەلقىغە تۇتۇق (بەگ، باشقۇر-
غۇچى) بەردىم» ⑬ . تايغان كۆلى يېنىدىكى جەڭدە ئاۋانگارت
قىسىم دۈشمەننى ئالداش رولىنى ئوينىغان: «... تايغان كۆلى
يېنىدا جەڭچىلىرىمنى يىغدىم، (ئۇلارنى) ئالداش ئۈچۈن بىر
توپنى ئەۋەتتىم. ئادەملەر كەلدى. ئۇلار قارا يوتالۇقنى كېسىپ
ئۆتۈپ، (دۈشمەنلەرنى) يېقىن كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتىم...» ⑭ . مويۇنچۇر ئۆزىنىڭ تىنچسىز
دۆلىتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلىرىدا قەلئە قۇرۇش
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قەلئەلەر يېڭى قۇرۇلغان
چاغدا ئۇنىڭ بارگاھى بولغان، ئۇ يەرلەردە چېگرا مۇداپىئە قى-
سىملىرى ئورۇنلاشقان. بارگاھ — قەلئەلەر تەسىس قىلىنغان
رايونلاردا جەڭچىلەرنى «ئىلھاملاندۇرۇش» مەقسىتىدە قاغاننىڭ
ئىش - ئىزلىرىنى مەدھىيىلەش مەزمۇنىدىكى تاش ئابىدىلەر
تۇرغۇزۇلغان. قەلئەلەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۇيغۇرلار-
نىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش كۈرىشىدى-
كى ھەربىي - سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

قىسمى بولۇپ قالغان [15].

مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى كۆچمەن قەبى-
لىلەر بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن تاشقى ۋەزىيەت ئۇيغۇرلار ئۈچ-
ۈن بىر نۆۋەتقان ئۇرۇشلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە قولايلىق
شارائىت ياراتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ ئىمپېرىيىسىدىكى ئەن
لۇشەن توپىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرى-
نى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى [16].

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىدىكى ئا-
ساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالدى. قۇتلۇق
قاغاننىڭ «تۆھپىلىرى» تەسۋىرلەنگەن قارابالغاسۇن ئابىدىسىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ تاكتىكىلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ بار. ئەن-
خۇخۇدىكى قارلۇقلار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ بىرلەشمە كۈچلىرى بى-
لەن بولغان جەڭدە ئۇيغۇر قوشۇنى يىراقنى كۆرەرلىك پىلان
بىلەن دۈشمەننىڭ «يان تەرىپىدىن چىقتى... (ئۇلارنىڭ) يېرىمى
ئالداندى، يېرىمى قورشالدى» [17]. ئۇيغۇر قوشۇنى يەنە باشقىچە
تاكتىكىلىق ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان: قوشۇنلار بىر جايدىن يەنە
بىر جايغا يۆتكەلگەن، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىلگەن ۋە باشقى-
لار. ئابىدە ھەددىدىن تاشقىرى مەدھىيە تۈسىدە يېزىلغان بولغاچ-
قا، قۇتلۇغنىڭ قوماندانلىق قابىلىيەتلىرى ھەققىدە ھۆكۈم قىلى-
ماق تەس، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇناسىپ تالانت ۋە ئىرادىگە ئىگە
بولغان دەپ ئويلاشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قىرغىزلار، قارلۇقلار،
تىبەتلىكلەرنى جاپالىق جەڭلەردە يەڭگەن [18].

قاغانلىقتىكى يۇقىرى ھوقۇقنىڭ ئەدىز قەبىلىسىدىن بولغان
قۇتلۇغنىڭ قولىغا ئۆتۈشى ئىچكى نىزالارنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈ-
ۋەتتى، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى بوشاشتۇردى ۋە ئاخىر-
قى ھېسابتا قاغانلىقنى قىرغىزلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا ھالاكەتكە
ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلار تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي چېگرى-
لىرىغا قاچقاندىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلالمايدىغان

بولدى ۋە پەقەت يەرلىك كۆچمەن قەبىلىلەر بىلەن ئۇشىشاق توقۇ-
نۇشلارغىلا قاتناشتى، جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قى-
لىپ تۇردى ⑲. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەركىبىدە بولغان تېلې
قەبىلىلىرى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانى 9 ـ ئەسىرنىڭ
ئىككىنچى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەلدى ⑳.

# ئۈچىنچى باب كىماكلارنىڭ قورال تۈرلىرى

شەرقىي قازاقىستان داللىرى، ئالتاي ۋە غەربىي سىبىرىيە كۆچمەن ئاھالىسىنىڭ قورال - ياراغلىرى، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئەسىرلەردە خېلى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان. تېخى ئالدىنقى ئەسىردىلا مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا ياتىدىغان يادىكارلىقلار ئۈستىدە دەسلەپكى قىدىرىشلار ئېلىپ بېرىلغانىدى ①. شىمالىي ئالتايدىكى سروستكىن قەبرىستانلىقىدىن چىققان تېپىلمىلار 1930 - يىلى «سروستكىن مەدەنىيىتى» نى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇ مەدەنىيەت مىلادىيە 8 — 10 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق②. 1950 — 1960 - يىللىرى ئېرتىش ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق ماتېرىياللار ③ كىماكلار (يەمەكلەر) توغرىسىدىكى سالنامە مەلۇماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى ④. ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يۇقىرى ئېرتىش، ئالتاي داللىرى ۋە غەربىي سىبىرىيە يادىكارلىقلىرى بىر - بىرىگە باغلانمايدۇ دەپ قارىلىپ، خرونولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئېتنىك مەدەنىيەت جەھەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى ⑤. 1973 - يىلى سروستكىن مەدەنىيىتى ماتېرىياللىرى كىماكلارغا تەۋە قىلىندى ⑥. بۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە ھازىرغىچە مۇنازىرە بېسىقمايۋاتىدۇ ⑦. شەرقىي قازاقىستان ۋە ئالتاي يادىكارلىقلىرى ھەققىدىمۇ تالاش - تارتىش بار ⑧. سروستكىن دائىرىسىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ خرونولوگىيە، ئېتنىك مەدەنىيەت تەۋەلىكى، يەرلىك ۋارىيانتلىرى جەھەتلىرىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنمىغىنىغا قارىماي، بۇ

ماتېرىياللارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى سىبىرىيە قورالشۇناسلىقى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ماددىي بۇيۇملىرى ئىچىدىكى قوراللارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ ۋە ئالاھىدە.

شىمالىي ئالتاي دالىلىرىدىكى كىماك بىرلەشمىسىگە كىرىدىغان كۆچمەنلەرنىڭ قوراللىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە دائىر مەلۇماتلار ئۆز ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈنلەنگەنىدى ⑨. كىماكلارنىڭ ئوق باشاقلىرى، چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللىرى، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى بىر قاتار مەخسۇس ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان ⑩. نۆۋەتتە، توپلانغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلدى.

كۆرسىتىلگەن بىر تۈركۈم يادىكارلىقلاردىكى قورال ـ جابدۇقلارنىڭ سانى ۋە تۈرى خېلى كۆپ، لېكىن ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى ئوخشاش ئەمەس؛ قوغدىنىش قوراللىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار نىسبەتەن ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېپىلمىلارنىڭ ھەممىسىنىلا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار يازما ۋە تەسۋىرىي مەنبەلەر ماتېرىياللىرى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

تېپىلمىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا شەرقىي قازاقىستان، ئالتاي دالىلىرى، غەربىي سىبىرىيىنىڭ ئورمان ـ يايلاق قىسمىدىكى گۆرلۈكلەردىن چىققان. كۆرسىتىلگەن رايونلاردىكى دەپنە قائىدىلىرى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچە. بۇ يەردە كىماك بىرلەشمىسىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ قەبرىستانلىقلىرى بىلەن بىر قاتاردا قىرغىزلارنىڭ جەسەت كۆيدۈرۈلگەن گۆرلىرىمۇ ئۇچرايدۇ ⑪؛ شەرقىي قازاقىستان گۆرلۈكلىرىنى يەمەكلەرنىڭ، ئوب ۋادىسىدىكىلىرىنى قىپچاقلارنىڭ دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ⑫. بىر قىسىم تېپىلمىلار قەلئەسىز تۇرالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىماكلارنىڭ ئىستىھكام قۇرۇ-

لۇشلىرى ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى. ئىرتىش ۋادىسىدىكى رايونلاردا كىماكلارنىڭ دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان قەبرە يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. ئەنە شۇ ماتېرىياللار مەزكۇر تېمىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدۇ.

تەتقىقاتتا موسكۋا، لېنىنگراد، نوۋوسىبىرسىك، بارنائۇل، ئۇست ـ كامېناگورسك، ئالما ـ ئاتا قاتارلىق جايلاردىكى مۇزېيلار، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق. بىر قىسىم تېپىلمىلار مەتبۇئاتلاردىن ئېلىندى.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئالتاي، قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ قورال تۈرلىرى يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ھەم قوغدىنىش ۋاستىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

كىماك يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قورال ـ جابدۇقلىرى يالارنىڭ پارچىلىرى، ئوقلار، ساداقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار تەكشۈرۈلگەن يەرلەردىكى ھەممە يادىكارلىقلار گۆرۈپپىلىرىدا ئۇچرايدۇ.

## ئوقيالار

كىماك ئوقيالىرى تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلار قاپلىغۇچلارنىڭ سانى ۋە جايلىشىش ئورۇنلىرى بويىچە بىر نەچچە تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. ئىككى بېشىدا ۋە ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى، ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. جەمئىي ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلىبانا VIII، 1 ـ قورغان، 5 ـ گۆر؛ سىروستكى (ئوب ۋادىسى)

[13]. يان قاپلىغۇچلارنىڭ ئورۇنلىشىشىدىن قارىغاندا، يانىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران 60 س م بولسا كېرەك. ھالبۇكى، يا سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى باشتىكى قاپلىغۇچلارنىڭ ئارىلىقى قىسقىراپ، ئوقيانىڭ ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقىغا ماس كەلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. قاپلىغۇچلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچەملىرى ھەر خىل. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلار يېرىم سوزۇنچاق، باش تەرەپتىكىلىرى ئۇزۇن ۋە تىرار، كاۋاك قاپلىغۇچ تار، ئىككى ئۇچى كەڭرەك. قاپلىغۇچلارنىڭ ئىچكى تەرىپىدە، يەنى ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلارنىڭ يانىڭ دۈمبىسى ۋە ئۇچلىرىغا قارىتىلغان تاشقى قىرىدا، كاۋاك قاپلىغۇچلارنىڭ ئۇچى تەرەپلىرىدە قىيپاش ياكى تورسىمان كېسىكچىلەر بولۇپ، يانىڭ ياغاچ گەۋدىسىگە يېپىشتۇرۇش مەخسۇس كېسىلگەن [14]. بۇ خىل ئوقيالار سىممېترىك بولسا كېرەك.

2 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. سىروستكى، 1 ـ، 2 ـ، 5 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا [15]. يانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچەملىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: يېرىم سوزۇنچاق، ئۇزۇنلۇقى 15 — 16 س م، كەڭلىكى 2.5 — 3 س م. كاۋاك قاپلىغۇچلارنىڭ توغرا كەسمىسى تراپېتسىيە شەكلىدە، ئۇچلىرى تىك كېسىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 1.5 س م. بۇ خىل ئوقيا سىممېترىك بولسا كېرەك.

3 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى بارلار. جەمئىي تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىروستكى، 2 ـ، 4 ـ قورغانلار؛ كراسنويارسكى (ئوب ۋادىسى)، 5 ـ قورغان [16]؛ ئورلوۋكا (شەرقىي قازاقىستان)، 1 ـ قورغان [17]. ئوقيانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. قاپلىغۇچلار يېرىم سوزۇنچاق شەكىلدە، ئۇزۇنلۇقى 14 ـ 15 س م، كەڭلىكى

5 س م. يانىڭ ئىككى يېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

4 ـ تىپ. ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىنە (ئوب ۋادىسى)، 3 ـ گۆر، سىروستكى ⑱. ئوقيانىڭ ئۆلچەملىرى ئېنىقلانمىدى. قاپلىغۇچلارنىڭ توغرا كەسمىسى تراپېتسىيە شەكلىدە، ئۇچلىرى قىيپاش كېسىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 10 — 11 س م، كەڭلىكى 1.5 س م. بۇ خىلدىكى ئوقيالارنىڭ سىممېترىك بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

قەدىمكى كىماكلارغا تەئەللۇق بولغان، مىستىن قۇيۇپ ياسالغان جەڭچىلەرنىڭ ھەيكەللىرىدە مۇرەككەپ تەركىبلىك دولقۇنسىمان M شەكىلدىكى ئوقيالار ئىپادىلەنگەن ⑲. ئۇلۇتاۋدىكى جانغابىل دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىلغان تاش رەسىمدە كىرىچىگە ئوق سېلىنغان مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيا سىزىلغان ⑳.

د. ساۋىنوۋ جەنۇبىي سىبىرىيە قولدا ئاتقۇچى قوراللىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ كىماك ئوقيالىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تەكشۈرگەن ㉑. ئۇ شەرقىي قازاقىستان ئوقيالىرىدىن ئۈچ تىپ، سىروستكىن ئوقيالىرىدىن تۆت تىپنى ئايرىپ كۆرسەتكەن ㉒. سىروستكىن مەدەنىيىتى ئىگىلىرىنىڭ قورال تۈرلىرىگە بېغىشلانغان ماقالىمىزدا مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئالتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئوقيالىرى تىپلارغا ئايرىلغان ㉓. بۇ تىپقا ئايرىش ئاساسىي جەھەتتىن توغرا. شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭدىكى 1 ـ تىپ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئاتقۇچى قوراللىرىغا ئايرىلغان بولسا تېخىمۇ توغرا بولاتتى ㉔.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقىي قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيە يايلاقلىرىدا ئوقيا شەكىللىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ خىل بولغانلىقىدىن ئەينى دەۋردە مەزكۇر قورال تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق پىشقانلىقىنى بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەر-

لەردىكى ئوقيالارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدا ئورتاق قانۇنىيەتلەر كۆرۈلۈش بىلەن بىر قاتاردا يەنە ھەر خىل تۈركىي تىللىق ئېتنىك تۈركۈملەر ۋە غەربىي سىبىرىيىدىكى ئورمان، يايلاق ئاھالىلىرىنىڭ مەزكۇر ئۇچرىشىش رايونىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئىپادىلەنگەن. بۇ خىلدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشلەر تۇرلۇك ئوقيا شەكىللىرىنىڭ، يەنى9 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى كۆچمەنلەرگە خاس ئوقيا شەكىللىرى ۋە مىلادىيە 2 ـ مىڭ يىلدىلا مەلۇم بولغان كاۋاك قاپلىغۇچلۇق ئوقيالارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

بىز كۆرۈۋاتقان تۇرلەر ئىچىدە مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيا تەرەققىياتىدىكى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالمىشىپ كەلگەن ھەممە باسقۇچلار دېگۈدەك نامايان بولىدۇ: باش تەرەپلىرىدە، ئوتتۇرىدا يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بار؛ ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى بار؛ ئوتتۇرىدا يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بار؛ ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بار. ئاخىرقى تىپتىكى ئوقيا موڭغۇل دەۋرىدىكى ئوقيالاردىن ئۆلچەملىرىنىڭ كىچىك بولۇشى ۋە كاۋاك قاپلىغۇچىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا جەڭ تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، قىرغىز ۋە كىماك قاغانلىقلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى رايونلاردا ئېغىر قورallانغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئوقيانىڭ ئىلغار شەكلى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## ئوق باشاقلىرى

بارلىق ئوق باشاقلىرى ياسىلىش ماتېرىيالى جەھەتتە ئىككى خىل بولۇپ، تۆمۈر ۋە سۆڭەك. تۆمۈر ئوق باشاقلىرى بىر خىللا بولۇپ، ھەممىسى ساپاقلىق، ئوق گەۋدىسىنىڭ توغرا كەسمىسى

بويىچە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ يانلىق باشاقلار، توققۇز تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي 21 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىروستىكى، 5 ـ قورغان؛ يېقىن يېلبانا، 6 ـ گۆر؛ كراسنو يارسكى، 5 ـ قورغان؛ گريازنوۋ Ⅳ (ئوب ۋادىسى)، 1 ـ قورغان ㉕؛ تاراسوۋ (توم ۋادىسى)، 1 ـ قورغان، 1 ـ گۆر ㉖؛ كاربولىغاⅧ؛ گېلېۋ Ⅱ، 3 ـ قورغان؛ گېلېۋ Ⅲ X، 5 ـ قورغان (ئالتاي) ㉗؛ ئورلوۋكا، 1 ـ قورغان؛ قىزىل تۇ، 6 ـ قورغان (شەرقىي قازاقىستان) ㉘. باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تىك. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 3 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. جەمئىي 21 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىروستىكى، 1 ـ، 2 ـ قورغان؛ يېقىن يېلبانا Ⅴ، 6 ـ گۆر؛ قىزىل يار Ⅰ، 6 ـ قورغان ㉙؛ تاراسوۋ، 1 ـ قورغان، 1 ـ گۆر ㉚؛ گېلېۋو Ⅱ، 3 ـ قورغان؛ گېلېۋو Ⅹ، 5 ـ قورغان؛ بۇرانوۋكا Ⅵ؛ ترويىتسكويې (ئالتاي) ㉛؛ قىزىل تۇ، 6 ـ قورغان؛ يامىشېۋ (شەرقىي قازاقىستان) ㉜. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە. تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: گريازنوۋو Ⅳ، 2 ـ قورغان، 1 ـ گۆر ㉝؛ گېلېۋ Ⅲ X، 4 ـ، 5 ـ قورغانلار ㉞. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى تۈز.

4 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكىلدە. 20 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىرۇستىكى، 5 ـ، 6 ـ قورغانلار؛ يېقىن يىلبانا Ⅶ، 78 ـ گۆر؛ بىيىسك؛ تاش بۇرۇن (ئوب ۋادىسى)، 23 ـ قورغان ㉟؛ كاربولىغا Ⅷ؛ پاۋلوۋكا Ⅰ، 3 ـ قورغان؛ كرېستيانسكويې Ⅲ (ئالتاي) ㊱؛ ئورلوۋكا، 1 ـ قورغان ㊲. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكىلدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى تۈز.

5 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭ شەكىلدە. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يىلبانا، سىرۇستىكى، 2 ـ 5 ـ قورغانلار ㊳؛ پرېئوبراژېنكا Ⅲ (بارابا)، 12 ـ قورغان، 4 ـ گۆر ㊴؛ گېلېۋ XⅢ، 6 ـ قورغان ㊵. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5 س م. ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكىلدە، يانلىرى تار، قاناتچىلىرى ياتتۇ.

6 ـ تىپ. ئوق ئۇچى ئايرىم. ئون نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يىلبانا Ⅴ، 6 ـ گۆر؛ سىرۇستىكى، 1 ـ قورغان (ئوب ۋادىسى) ⑪؛ تاراسوۋ، 3 ـ قورغان ⑫؛ موروزوۋ لوگ (ئالتاي)؛ تىرويىتسكويې؛ گېلېۋ XⅢ، 4 ـ، 5 ـ قورغانلار ⑬؛ قىزىل تۇ، 6 ـ قورغان ⑭. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، ئايرىم ئورنىتىلغان، بويىنى ئۇزۇنراق.

7 ـ تىپ. سوقۇچاق قاناتلىق. سىرۇستىكى، 2 ـ، 6 ـ قورغانلاردىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا ⑮. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 3 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى سوقۇچاق، ئۇزۇنچاق قۇيرۇقچىلىرى بۆرتۈپ چىققان، قاناتچىلىرى يۇمىلاق.

8 ـ تىپ. يېرىم سوقۇچاق قاناتلىق. شىكۇنوۋ IV (ئالتاي) يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑯. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 3 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى يۇمىلاق.

9 ـ تىپ. ئىلمەكلىك. گرىيازنوۋ IV، 2 ـ قورغان، 1 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑰. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 1 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى تار، ئىلمەكلىك، قاناتچىلىرى ئېگىلگەن.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىق ـ ئۇچ يانلىق باشاقلار، بىر تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. پچېلا يادىكارلىقى 10 ـ قورغان (شەرقىي قازاقىستان) دىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑱. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئايرىم ئورنىتىلغان قويما ئوق بېشى بار، قىرلىرى ئويۇلغان، بوينى ئۇزۇن.

3 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىق باشاقلار، ئۇچ تىپ.

1 ـ تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. جەمئىي 12 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سروستكى، 4 ـ قورغان؛ ئىنە (ئوب ۋادىسى)، 2 ـ گۆر ⑲؛ ئۇرلاكوۋ (ئالتاي)، پاۋلوۋكا I، 3 ـ قورغان؛ گېلېۋو V، 6 ـ قورغان؛ گېلېۋو IX، 8 ـ قورغان ⑳. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. 11 نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا V، 6 ـ قورغان؛ سروستكى، 4 ـ قورغان؛ كراسنويارسكى، 5 ـ قورغان؛ ئىنە، 2 ـ گۆر ㉑؛ كاربولىغا VIII؛ پاۋلوۋكا I

، 3 ـ قورغان؛ گېلېۋ IX ، 18 ـ قورغان [52]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. سەككىز نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىنە، 2 ـ قورغان [53]؛ بۇرانوۋكا؛ كاربولىغا VIII ؛ پاۋلوۋكا I ، 3 ـ قورغان؛ گېلېۋ XIII ، 4 ـ، 5 ـ قورغانلار [54]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان تار بۇلۇڭ شەكلىدە، بوينى ئۇزۇنچاق.

4 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار، ئۈچ تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكلىدە. سىروستكى يادىكارلىقى، 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [55]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، يانلىرى پاراللېل، قاناتچىلىرى تۈز.

2 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: ئىنە، 2 ـ گۆر [56]؛ كاربولىغا VIII [57]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 ـ تىپ. ئوق بېشى ئايرىم. ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىروستكى، 1 ـ قورغان؛ ئىنە، 1 ـ گۆر [58]؛ گېلېۋ XIII ، 5 ـ قورغان [59]. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغان. تار بۇلۇڭ شەكلىدە، بوينى ئۇزۇنچاق.

5 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكلىدىكى باشاقلار، بىر تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. كرىستىيانسكويې III

يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا (60). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3 س م. باشاق ئۈچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

6 - گۇرۇپپا. يۇمىلاق باشاقلار، بىر تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئورلوۋكا يادىكارلىقى، 1 - قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا (61). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 س م، كەڭلىكى 1 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تۈز.

7 - گۇرۇپپا. ياپىلاق باشاقلار، تۆت تىپ.

1 - تىپ. غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكلىدە. تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تاش بۇرۇن (62)؛ تاراسوۋو، 2 - قورغان، 1 - گۆر؛ گۇرىيېۋ كەنتى (ئوب ۋادىسى) (63)؛ گېلېۋ (64). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

2 - تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئىنە، گۇرىيېۋ كەنتى يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا (65). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۈچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

3 - تىپ. ئوق ئۈچى ئايرىم. ئىنە، 3-گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا (66). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۈچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، ئۈچى ئايرىم، بويىنى ئۇزۇنچاق.

4 - تىپ. ئېللىپسىمان. سىروستكى، 1 - قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا (67). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7س م، كەڭلىكى 2 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5س م. باشاق ئۈچى ئېللىپس شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

سۆڭەك ئوق باشاقلىرى بىر خىل بولۇپ، ساپاقلىق. ئۇلار

ئوق گەۋدىسىنىڭ توغرا كەسمىسى بويىچە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تاش بورۇن؛ پرىئوبراژېنكا Ⅲ، 12 ـ قورغان (68). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى ئۇزۇنچاق، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ گۇرۇپپا، تۆت قىرلىق باشاقلار، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. ئالتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تاش بورۇن؛ پرىئوبراژېنكا Ⅲ، 12 ـ قورغان (69). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8س م، كەڭلىكى 1.5 س م، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 3س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، ئوق گەۋدىسى ئۇزۇنچاق، قاناتچىلىرى يانتۇ.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئالتە بولۇڭ شەكلىدە. تۆت نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قىزىل يار I، 6 ـ قورغان؛ سىروستكى، 4 ـ قورغان، 6 ـ قورغان، 1 ـ گۆر (70)؛ پرىئوبراژېنكا Ⅲ، 12 ـ قورغان (71). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 س م، كەڭلىكى 1.5 س م ساپاق ئۇزۇنلۇقى 2 س م. باشاق ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئالتاي دالىلىرىدىن تېپىلغان ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپولوگىيە مەسىلىلىرى مەخسۇس ئەسىرىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى (72). بىراق، بۇ ئەسەرگە ئەينى دەۋر ماتېرىياللىرى بىلەن بىللە مىلادىيە 2 ـ مىڭ يىلنىڭ بېشىدىكى قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتىگە ياتىدىغان تېپىلمىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن (73). ئېنىقلاش نەتىجىسىدە كىماكلار ۋە ئۇلارغا قارام بولغان قەبىلىلەرنىڭ يادىكارلىقلىرىدىكى تۆمۈر ئوق باشاقلىرىنىڭ تىپولوگىيە تەركىبى چېگرىداش جايلاردىكى دەۋرداش ئوق

تۈرلىرىگە ئىلگىرىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزدىن خېلى يېقىن بولۇپ چىقتى (71).

كىماك ئوق باشاقلىرىنىڭ تەركىبى مۇنداق: ئۈچ يانلىقلار توققۇز تىپ، ياپىلاقلار تۆت تىپ، ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىقلار بىر تىپ، ئۈچ قىرلىق ۋە تۆت قىرلىقلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچ تىپ. ساۋۇت كىيىمگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە مۆلچەرلەنگەن باشاقلارنىڭ تىپلىرى مۇنداق: ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىكلەر، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر، ئۇزۇنچاق - بەش بۇلۇڭلۇقلار، بېشى ئايرىم ئورنىتىلغانلار. بۇ خىل تېپىلمىلارنىڭ سانى باشقىلىرىدىن كۆپ بولۇپ، يىگىرمە نۇسخىغا يېتىدۇ. بۇلار كىماكلارنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت رايونلىرىدىن شەرقىي قازاقىستان، ئالتاي دالىلىرى، ئوب ۋە توم ۋادىلىرىدىكى دالا ۋە ئورمانلىقلارنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تارقالغان. ئۈچ يانلىق ۋە ياپىلاق باشاقلارنىڭ باشقا تىپلىرى ئاز بولۇپ، ئانچە كۆپ تارقالمىغان. ياپىلاق باشاقلار كېيىنكى دەۋردە كەڭ تارقالغان (75).

كىماكلارنىڭ يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرى ئىچىدە توسۇقنى يارغۇچى باشاقلار خېلى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە كۆپ خىل. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ بولغانلىرى ئۈچ قىرلىقلار: غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىك، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك ۋە بېشى ئايرىم ئورنىتىلغانلار. ئاخىرقى ئىككى خىلدىكى تۆت قىرلىقلارمۇ خېلى كەڭ تارقالغان. بۇنداق باشاقلارنىڭ ھەر بىر تىپىدىن ھازىر كۆپلىگەن نۇسخىلار تېپىلدى. ئومۇمىي تۈرلەر ئىچىدە توسۇقنى يارغۇچىلار توققۇز تىپ ۋە بەش گۇرۇپپىنى، ساۋۇت كىيىمگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغانلىرى 13 تىپ ۋە ئىككى گۇرۇپپىنى (43 ۋە 94 نۇسخا) تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمىي ئوق تۈرلىرى ئىچىدە توسۇقنى يارغۇچى باشاقلارنىڭ كۆپ بولۇشى (تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگە-

لىشى) شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، كىماكلار جەڭ مەيدانلىرىدا ساۋۇت كىيگەن دۇشمەن بىلەن، ئېھتىمال كىماك قاغانلىقىنىڭ زېمىنى بىلەن بىۋاستە چېگرىلانغان قىرغىزلار بىلەن جىددىي ئېلىشىپ تۇرغان.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، توسۇقنى يارغۇچى ئوق تېپىلمىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالتاي ۋە ئوب رايونلىرىدىن چىققان. شەرقىي قازاقىستاندا بۇلار ئازراق، شەكىللىرىمۇ باشقىچە. مۇشۇ ئالامەتلەرگە ئاساسەن قىرغىزلارنىڭ جىددىي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ يۆنىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، جەسەت كۆيدۈرۈلگەن گۆرلۈكلەر كىماك ۋە قىرغىز قاغانلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىداش يەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

كىماكلار سۆڭەك باشاقلارنى يىراق ئارىلىقتىكى جەڭدە ئىشلىتىدىغان قوشۇمچە ۋاستە سۈپىتىدە قوللانغان. بۇنداق باشاقلارنىڭ تىپلىرى ئاساسەن ئوخشاش، سانىمۇ ئاز [76]. سۆڭەك ئوقلار ئاساسەن كىماك زېمىنلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بارابا ۋە ئوب ئورمان - دالىلىرىدا تارقالغان. مۇشۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن كىماك ئوق باشاقلىرىنى تىپ تۈرلىرى ھەم سانى جەھەتتە دەۋرداش قىرغىز ئوقلىرىغا يەتمىسىمۇ خېلى ئىلغار دېيىشكە بولىدۇ. كىماكلار تۈرلۈك توسۇقنى يارغۇچى ئوق باشاقلىرىغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن دۇشمەننىڭ ئېغىر قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالىغان.

## ساداقلار

كىماك يادىكارلىقلىرىدا ئوخشىشىمىغان دەرىجىدە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغان بىر نەچچە نۇسخا ساداق بايقالغان. ئۇلار گەۋدىسىنىڭ شەكلى بويىچە بىر گۇرۇپپىغا، باش قىسمىنىڭ

شەكلى بويىچە تىپلارغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. گەۋدىسى سىلىندىر شەكلىدىكىلەر، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۈستى يېپىق. يېقىن يىلباناﻧ VI ، 1 ـ قورغان، 1 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑰. گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 100 س م، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى 10 س م، توۋىنىڭ كەڭلىكى 20 س م. گەۋدىسىنىڭ توۋى تەرىپى كەڭ، باش قىسمى سوقۇ-چاق شەكىللىك سوڭەك توۋاق بىلەن يېپىلغان. ساداققا ئوقلار باشاقلىرى يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىنغان.

2 ـ تىپ. يانچۇقلۇق. يەتتە نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يىلبانا V ، 6 ـ گۆر؛ يېقىن يىلبانا VII ، 78 ـ گۆر؛ يېقىن يىلبـانـا VIII ، 2 ـ قـورغان، 2 ـ گۆر؛ سىروستكى، 1 ـ، 2 ـ قورغانلار ⑱. گەۋدە ئۇزۇنلۇ-قى 85 س م، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى 11 س م، توۋىنىڭ كەڭلىكى 13 س م، يانچۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م. گەۋدىسى-نىڭ تۆۋەنكى قىسمى كەڭ، باش قىسمى ئوچۇق، يانچۇقى كۆتۈ-رۈلۈپ تۇرىدۇ. ساداققا ئوقلار ئىككى خىل ئۇسۇلدا، يەنى باشاق-لىرى يۇقىرىغا قارىتىلغان ۋە تۆۋەنگە قارىتىلغان هالدا سېلىنغان ⑲.

ساداقلار بەلباغقا ئىككى تاسما، سىرتماق ۋە ئىلمەكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېسىلغان بولسا كېرەك. ساداقلارنىڭ سىغىمچان-لىقى هەر خىل بولغان. گۆرلۈكلەردە 5 — 12 ئوق سېلىنغان ساداقلار بايقالغان ⑳. لېكىن، ساداقنىڭ ئەمەلىي سىغىمچانلىقى ئۇنىڭدىن خېلى ئارتۇق بولۇشى كېرەك.

كىماكلارغا تەۋە دەپ قارالغان يادىكارلىقلاردىكى يېقىن ئارد-لىقتا جەڭ قىلىش قورال ـ جابدۇقلىرى چېگرىداش زېمىنلاردى-كى دەۋرداش يادىكارلىقلاردىكىدىن خېلى كۆپ. بۇ هال ئالدى بىلەن چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ پاكىتتىن كىماكلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىدە، بولۇپمۇ يېقىن ئارىلىقتىكى

جەڭدە بۇخىل قورالّلارنىڭ بىر قەدەر زور رول ئوينىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىماك يادىكارلىقلىرىدا چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ ھەر خىل تۇرلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

## قوش بىسلىق قىلىچلار

قەدىمكى كىماكلارغا تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان قوش بىسلىق قىلىچلار تىغىنىڭ توغرا كەسمىسى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكىللىكلەر، بىر تىپ. بالدىقى قېيىق شەكىلدە. قېيىنزارلىق ئارال (ئوب ۋادىسى) يادىكارلىقى 3 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا. تىغ ئۇزۇنلۇقى 99 س م، كەڭلىكى 2.8 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 12 س م. تىغى تۈز، قوش بىسلىق، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە. بالدىقى تۈز بولۇپ، ئىككى ئۇچى تار. دەستىسى تۈز. تىغى، بالدىقى ۋە دەستىسى بەك چىرىپ كەتكەن.

2 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكىللىكلەر، بىر تىپ. بالدىقى چاسا شەكىلدە. تاراسوۋو يادىكارلىقى 2 ـ قورغان 1 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑧¹. تىغىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 س م، تىغىنىڭ كەڭلىكى 2 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 10 س م. تىغى تۈز، قوش بىسلىق، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، بالدىقى تۈز ۋە چاسا شەكىللىك، دەستىسى تۈز. سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. قىلىچنىڭ سىرتقى يۈزى پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن.

## تۈز قىلىچلار

كىماكلارنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان تۈز قىلىچلار بىر

گۇرۇپپا بولۇپ، ھەممىسى ئۈچ قىرلىق، ئالتە تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپ. بالدىقى كرېست شەكىللىك. سىروستكى يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا [82]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 96 س م، كەڭلىكى 4 س م. دەستىسى تېپىلمىدى. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز. بالدىقى جۈپلەنگەن مىس قاداقلاردىن ياسالغان ۋە ھايۋانات شەكلىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان. تىغ بويىدا ئىككى جۈپ مىس ھالقا بولۇپ، ئۆزئارا سىرتماق شەكلىدە تۇتاشتۇرۇلغان، غىلاپنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى توقىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھايۋانات شەكلىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان. س. كىسېلىيوۋنىڭ پىكرىچە، بۇ نۇسخا يېقىن شەرقتىن (ئوتتۇرا شەرقتىن ـ ت.) كىرگۈزۈلگەنىكەن.

2 ـ تىپ. بالدىقى قېيىق شەكلىدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: سىروستكى، 4 ـ قورغان؛ سولونوۋكا (ئوب ۋادىسى)، 1 ـ قورغان [83]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 70 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 4.6 س م. تىغى تۈز، يەككە بىسلىق، ئۇچلىرى سۇنۇپ كەتكەن. بالدىقى تۈز، ئىككى ئۇچى تار. دەستىسى تۈز. ھەر ئىككى نۇسخىنىڭ دەستە بېشى سۇنۇپ كەتكەن.

3 ـ تىپ. بالدىقى قاداقسىمان شەكلىدە. يېقىن يېلبانا يادىكارلىقى 1 ـ قورغان 5 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا [81]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 85 س م، كەڭلىكى 4 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 15 س م. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز، ئۇچى تار بولۇق شەكلىدە. بالدىقى ۋە دەستىسى تۈز. دەستە بېشى تولۇق ساقلانمىغان. تىغ بويىدا غىلاپتىن قالغان ھالقىسى بار. غىلاپنىڭ تىتىلىپ كەتكەن قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

4 ـ تىپ. بالدىقى چاسا شەكلىدە. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: گرىيازنوۋ II، 5 ـ قورغان؛ كاربولىغا VIII؛ گېلېۋو V، 6 ـ قورغان؛ قىزىل تۇ،

2 ـ قورغان؛ يۇپىتېر (شەرقىي قازاقىستان)، 4 ـ قورغان ⑧. تىغ ئۇزۇنلۇقى 85 س م، كەڭلىكى 4 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 10 س م. تىغى تۈز، يەككە بىسلىق، ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، بالدىقى تۈز ۋە چاسا شەكىللىك. بىر نۇسخىنىڭ دەستە بېشىغا كۈمۈش يالىتىلغان. غىلاپىنىڭ كۈمۈش يالىتىلغان، ئۆسۈملۈك شەكلىدىكى نەقىش ئويۇلغان باشىقى ساقلىنىپ قالغان.

5 ـ تىپ. بالدىقى ئىلمەك شەكلىدە. ئورلوۋكا يادىكارلىقى، 1 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا ⑧. تىغ ئۇزۇنلۇقى 68 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 15 س م. تىغى يەككە بىسلىق ھەم تۈز، بالدىقى تۈز، ياخشى ساقلانمىغان بولۇپ، ئىككى ئۇچى تىغ ۋە دەستىنىڭ ئىككى يېنىغا چىقىپ تۇرىدۇ. دەستىسى تۈز، ئۆسۈملۈك نەقىشى چۈشۈرۈلگەن توقىسى بار. تىغ بويىدا ئىككى جۈپ غىلاپتىن قالغان ھالقىسى ساقلىنىپ قالغان، ھالقىلار تاسما ۋە توقا بېكىتىش ئۈچۈن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان، توقىسىغا ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى ئويۇلغان.

6 ـ تىپ. بالدىقى يوق. بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: يېقىن يېلبانا Ⅶ، 78 ـ گۆر؛ سروستكى؛ ئۇست كوزلۇخا (ئالتاي)؛ گېلبۋ Ⅴ، 6 ـ قورغان؛ گېلبۋ Ⅶ، 1 ـ قورغان ⑧. تىغ ئۇزۇنلۇقى 85 س م، كەڭلىكى 4 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 9 س م. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز، ئۇچى تار بولۇڭ شەكلىدە، دەستىگە تۇتۇشىدىغان جايىدا مۇنىكى بار. بەزى نۇسخىلارنىڭ سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

## يېنىك قىلىچلار

كىماك يادىكارلىقلىرىدىن چىققان يېنىك قىلىچلار ئىككى

گۇرۇپپا بولۇپ، بىر نەچچە تىپقا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىقلار، تۈز، تۆت تىپ.

1 ـ تىپ. بالدىقى قېيىق شەكىلدە. سىروستىكى، 2 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [88]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 80 س م، كەڭلىكى 8 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 8 س م. تىغى يەككە بىسلىق، تۈز، ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن ۋە بالدىقى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان. دەستىسى بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. غىلاپىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

2 ـ تىپ. بالدىقى قاداقسىمان شەكىلدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قىزىل تۇ، 6 ـ قورغان؛ سلاۋيانكا (شەرقىي قازاقىستان)، 9 ـ قورغان [89]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 77س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 11س م. تىغى يەككە بىسلىق، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، بالدىقى تۈز ۋە قاداقسىمان، دەستىسى بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. دەستىسىنىڭ تۇتقۇچىدا قاپلىما بېكىتىش ئۈچۈن ئىلمەك چىقىرىلغان.

3 ـ تىپ. بالدىقى چاسا شەكىلدە. ئىككى نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: قىزىل تۇ 5 ـ قورغان، سلاۋيانكا 2 ـ قورغان [90]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 70 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 9 س م. تىغى يەككە بىسلىق، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، بالدىقى تۈز چاسا شەكىللىك، دەستىسى بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. دەستە تۇتقۇچىدا قاپلىما بېكىتىش ئۈچۈن ئىلمەك چىقىرىلغان.

4 ـ تىپ. بالدىقى زىننەتلىك. شەرقىي قازاقىستاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا [91]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 74 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستە ئۇزۇنلۇقى 7 س م. تىغى يەككە بىسلىق، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، بالدىقى ئەگىم، دەستىسى بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. بالداقنىڭ ئىككى بېشى شارىسىمان بولۇپ، ئۇچى تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرىدۇ.

2 ـ گۇرۇپپا. ئۇچ قىرلىقلار، سەل ئېگىلگەن، ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. بالدىقى قېيىق شەكلىدە. يېقىن يېلىبانا VIII يادىكارلىقى 2 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا[92]. تىغ ئۇزۇنلۇقى 80 س م، كەڭلىكى 3 س م، دەستىسى 3 س م. تىغى يەككە بىسلىق ئەگرى، ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، بالدىقى تۈز. تىغى سۇنۇپ كەتكەن.

2 ـ تىپ. بالدىقى يوق. يېقىن يېلىبانا V يادىكارلىقى 6 ـ گۆردىن تېپىلغان بىر نۇسخا. تىغ ئۇزۇنلۇقى 70 س م، كەڭلىكى 2 س م، دەستىسى 10 س م. تىغى يەككە بىسلىق، ئەگرى، دەستىگە تۇتۇشىدىغان جايىدا مونىكى بار. دەستىسى بىس تەرەپكە ئېگىلگەن. دەستە تۇتقۇچىنىڭ تىغ ئوقىغا نىسبەتەن جايلاشقان ئورنى سەل ئۆزگىچە. ئادەتتە چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە تۇتقۇچ تىغنىڭ دۈمبىسى بىلەن بىر سىزىقتا سوقۇلغان بولىدۇ، لېكىن مەزكۇر نۇسخىدا تۇتقۇچ تىغنىڭ بىسى بىلەن بىر سىزىقتا سوقۇلغان بولۇپ، خۇددى بوغۇملۇق خەنجەرلەرگە ئوخشايدۇ.

ئەسەرلەردە مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يادىكارلىقلاردىن چىققان چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تەكرار مۇھاكىمە قىلىنغان. جۈملىدىن، سىروستكىن مەدەنىيىتىدىكى ئەرلەر كۆمۈلگەن گۆرلەردىكى چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى تەكىتلەنگەن[93]. بەزى تەتقىقاتچىلار تۈز ۋە يېنىك قىلىچلار ئالتاينىڭ ئۆزىدە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى[94]. سىروستكىن ۋە كىماك قورال تۈرلىرى ئىچىدىكى چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ تىپولوگىيىسى ۋە كېلىپ چىقىشىغا ئائىت بىر قىسىم مەسىلىلەر يۇ. پىلوتنىكوۋنىڭ ۋە مەزكۇر ئەسەر ئاپتورىنىڭ مەخسۇس ماقا-

لىلىرىدە قارالغانىدى [95]. سىروستكىن مەدەنىيىتىدىكى چاپقۇچى قوراللار يېقىن ئارىلىق جېڭىدىكى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى دەپ قارالماقتا [96]. نۆۋەتتە بۇ يەكۈنگە ماھىيەتلىك تولۇقلاش كىرگۈزۈش مۇمكىن.

كىماكلارنىڭ چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ۋە تىپلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا كىماكلار چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللارنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە ئىگە بولغان، يەنى قوش بىسلىق، تۈز، يېنىك قىلىچلار. قوش بىسلىق قىلىچلار كىماك قاغانلىقىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا خاس بولغان، يېنىك قىلىچلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ئالتاي داللىرىدا ۋە ئوب ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن. ئوب ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا يەنە تىغى بەكرەك ئېگىلگەن يېنىك قىلىچلارمۇ كۆرۈلىدۇ. بىر دەۋردىكى قورال تۈرلىرى ئىچىدە چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللارنىڭ تۈر، گۇرۇپپا ۋە تىپلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۇلارنىڭ قايتا - تېخنىكىلىق پىششىقلاشتىن ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەر قايسى تىپلاردىكى تېپىلمىلار سانى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، ھازىرچە ئاساسلىق شەكىللەرنى ئايرىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەزكۇر رايوندا ئومۇمەن دەستىسى تۈز ياكى ئېگىلگەن يەككە بىسلىق تۈز تىغلار ئومۇملاشقان.

كىماكلارنىڭ چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللىرىنىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى شەكسىزدۇر. يېڭى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قوش بىسلىق، تۈز ۋە يېنىك قىلىچلىرى يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە قوچاقلاشما جەڭلەردە دۈشمەنگە زەربە بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ھەممە قورال تۈرلىرىدىن كۆپ بۇ قوراللار چېگرىداش زېمىنلاردىكى شۇ دەۋر قورال تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ راۋاجلانغان تۈر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

# نەيزىلەر

كىماك يادىكارلىقلىرىدا ئاز ساندىكى نەيزە باشاقلىرى تېپىلغان. ئۇلار باشاقنىڭ توغرا كەسمىسى بويىچە ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. رومبا شەكىللىكلەر، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكىلدە. جەمئىي ئۈچ نۇسخا بولۇپ، تـۆۋەندىكـى يـادىكـارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: تېز ئېقىن (ئوب ۋادىسى)؛ يېقىن يېلبانا Ⅷ، 1 ـ قورغان، 5 ـ گۆر؛ قـارا كـۇريـا (ئالتاي) (97). باشاق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 س م، كەڭلىكى 3 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 11 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە، گەۋدىسى تار ياكى كەڭ، قىرلىرى ئۇزۇن، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكلۈك ساپىقى ئۇزۇن ۋە جىپسىلاشمىغان بولۇپ، ياغاچ دەستىنى بېكىتىش ئۈچۈن تۆشۈكچە ياكى مۇنەكچە چىقىرىلغان. بىر نۇسخىنىڭ تۆشۈكلۈك ساپىقى سۇنۇپ كەتكەن.

2 ـ گۇرۇپپا. لىنزا شەكىللىكلەر، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. سروستكى، ترويتسكويې يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان ئىككى نۇسخا (98). گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 9 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 8 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە، گەۋدىسى تار ياكى كەڭ، قىرلىرى ئۇزۇن، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكلۈك ساپىقى ئۇزۇن ۋە جىپسىلاشمىغان.

3 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىقلار، بىر تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. كاربولىغا Ⅷ يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. گەۋدە ئۇزۇنلۇقى 13 س م، كەڭلىكى 2 س م، تۆشۈك ئۇزۇنلۇقى 8 س م. باشاق ئۈچى تار بولۇڭ شەكلىدە، قىرلىرى ئۇزۇن بولۇپ، كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئۈچ قوۋۇرغا شەكلىدە، قاناتچىلىرى يانتۇ، تۆشۈكلۈك ساپىقى ئۇزۇن ھەم جىپسىلاشمىغان.

كىماكلار ۋە ئۇلارغا قـارام قـەبىلىلـەر ياشىغان زېمىنلاردا ئاندا ـ

ساندا ئۇچراپ قالىدىغان مىس تاختىلاردا ئۇزۇن ياغاچ دەستىلىك نەيزىلەر-نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

كىماك يادىكارلىقلىرىدىكى نەيزە باشاقلىرىنىڭ تىپولوگىيە مەسىلىلە-رى مەخسۇس ئەسىرىمىزدە قارالغانىدى . ياكونۇر 5 - قورغاندىكى تېپىلمىلار ئاساسىدا ئايرىلغان بىر تىپ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قورال تۈرلىرىگە كىرگۈزۈلسە توغرا بولاتتى.

نەيزىلەرنى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ جەڭ قوراللىرى تەركىبىگە كىرگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەينى دەۋر يادىكارلىقلىرىدا قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى-نىڭ بولغانلىقىدىن ۋە قويما تاختىلاردا ساۋۇت كىيگەن جەڭچى-لەرنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن قارىغاندا، كىماكلاردا ساۋۇتلۇق چەۋەندازلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇم-كىن. توغرا كەسمىسى قوپال ۋە گەۋدىسى تار ئايرىم نۇسخىلار توسۇقنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. يېنىك نەيزىلەر قول بىلەن ئېتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن كىماكلارنىڭ نەيزە شەكىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمايدۇ.

كىماك يادىكارلىقلىرىدىكى قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ پارچە-لىرى پەقەت بىر يەردىلا بايقالدى. بۇ ئالتاي دالىلىرىدا تېپىلغان تۆمۈر ساۋۇتنىڭ قاداقلىرىدىن ئىبارەت.

## ساۋۇتلار

مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا تەئەللۇق بولغان،

ئالتاي دالىلىرىدىن تېپىلغان ساۋۇتلار قاداقلىرىنىڭ شەكلى ۋە بېكىتىلىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تىپنى شەكىللەندۈرىدۇ. قاسىراق-سىمان. ترويىتسكويې يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. قا-داقلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچەملىرى، ئۇلاردىكى تۆشۈكلەرنىڭ سانى ۋە ئورۇنلاشقان جايلىرى ناھايىتى پەرقلىق. تولىسى تىك بولۇڭ-لۇق قاداقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاستىنقى قىسمى يۇمىلاق ۋە چۆرىسىدە تۆشۈكلىرى بار، ئۆلچىمى 3×5 س م (8 دانە). يەنە تىك بولۇڭلۇق ۋە تراپېتسىيە شەكلىدىكى قاداقلارمۇ بولۇپ، تۆشۈكلىرىنىڭ سانى ھەر خىل، ئۆلچىمى 3×5تىن 3×7 س م غىچە (10 دانە). قاداقلاردىن بىرى تار ۋە ئېگىلگەن بولۇپ، ئۆلچىمى 2.5×8 س م. بىر مۇنچە قاداقلارنىڭ سۇنۇق-لىرى ساقلىنىپ قالغان.

ئەگەر بۇ قاداقلارنىڭ ھەممىسى بىر ساۋۇتنىڭ بولسا، ئۇ-لارنى شەكلى، بېكىتىلىش ئۇسۇلى ۋە ئورنىغا قاراپ ئۈچ گۇرۇپ-پىغا ئايرىغىلى بولىدۇ. بىر گۇرۇپپا تىك بولۇڭلۇق ۋە تراپېت-سىيە شەكىللىك قاداقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ چۆرىلى-رىدە تەگلىككە بېكىتىش ئۈچۈن تېشىلگەن ئاز ساندىكى تۆشۈك-لىرى بار. ئىككىنچى گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان قاداقلارنىڭ تۆۋەندىكى قىسمى يۇمىلاق بولۇپ، قاسىراق شەكلىدە بېكىتىش مۆلچەرلەنگەن. ئۆلچەملىرى بۇلاردىن چوڭراق ۋە تۆشۈكلىرىمۇ كۆپرەك بولغان تىك بولۇڭلۇق قاداقلارمۇ شۇلارغا ئوخشايدۇ. بۇلارنى ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. شۇنداق پە-رەز قىلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى قاداقلار ساۋۇت-نىڭ گەۋدە قىسمىغا، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلىرى يەڭلەرگە، ئۈچىنچىلىرى ئېتەككە بېكىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.



ساۋۇتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۇلۇندىن يادىكارلىقىدىن تېپىلغان مىس تاختىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاختىدا ئوقيا ئېتىۋاتقان پىيادە جەڭچىنىڭ سۈرىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ جەڭچى كىيگەن ئۇزۇن ئېتەكلىك ساۋۇت بەدەننى كۆكرەكتىن تىزغىچە يېپىپ تۇرىدۇ، يەلكە ۋە قوللارنى ياپمايدۇ.

15 ـ رەسىم كىماك ساۋۇتى
(ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن)

## قورال تۈرلىرى

بىز مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىللىنىڭ ئاخىرىدىكى ئالتاي كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىغا باھا بېرىپ بولغاندۇق (100). يىراق ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭ قوراللىرى ھەمدە قوغدىنىش ۋاستىلىرى ھېسابقا ئېلىنغاندى. نۆۋەتتە يېڭى مەلۇماتلار ئار-

قىلىق مۇشۇ باھانى تولۇقلاشقا بولىدۇ. كىماك قوراللىرىنىڭ ئومۇمىي جەدۋىلىدە 11 تۈر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلار 25 گۇرۇپپا ۋە 57 تىپقا بۆلۈنىدۇ. ئوقلار ۋە چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللارنىڭ تۈرى ئەڭ كۆپ.

ئەينى دەۋردىكى كىماك جەڭچىلىرى ھەر خىل تىپلاردىكى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالار بىلەن قوراللانغان. ئۇلارنىڭ ئۈچ يانلىق، ياپىلاق ۋە توسۇقنى يارغۇچى تۆمۈر ئوقلىرى كۆپ بولغان، يەنە ئاز ساندا سۆڭەك ئوقلىرىمۇ بولغان. ئوقلار قېيىن پوستىدىن ياسالغان ساداقلارغا سېلىنغان. كىماك چەۋەندازلىرى يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە قوچاقلاشما جەڭلەردە قوش بىسلىق، تۈز ۋە يېنىك قىلىچلارنى، نەيزە، گۈرزە، پالتىلارنى ئىشقا سالغان، پىيادە ئۇرۇشقاندا خەنجەرلەردىنمۇ پايدىلانغان. قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى قاسراقسىمان ساۋۇت، كونۇس شەكىللىك دۇبۇلغا ۋە دۈگىلەك ياغاچ قالقانلاردىن ئىبارەت بولغان.

كىماكلار ۋە ئۇلارغا قارام بولغان قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى ئاساسەن يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يىراق ئارىلىقتىكى جەڭلەردە يا ۋە ئوقلارنى، يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللارنى ئىشلىتەتتى. شەرقىي قازاقىستان، ئالتاي ۋە ئوب ۋادىسىدىكى بۇنداق ئەترەتلەرنىڭ تەركىبىدە ساۋۇت كىيگەن ئېغىر قوراللىق چەۋەندازلارمۇ بولغان. كىماك قاغانلىقىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا قورال تۈرلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئوقيا، گۈرزە ۋە خەنجەردىن تەركىب تاپقان. ئېھتىمال، يېنىك قوراللانغان ياردەمچى ئاتلىق قوشۇننىڭ قوراللىرى شۇنداق بولسا كېرەك.

كىماك قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن يېنىك قوراللانغان، لېكىن يېقىن ئارىلىق جېڭىدە مۇستەھكەم، ھەرىكەتچان ۋە تېز يۈرەر ئاتلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان.



16 ـ رەسىم كىماك جەڭچىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى



17 ـ رەسىم ئېغىر قوراللانغان كىماك جەڭچىسى

# ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى

كىماكلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەخسۇس تەتقىقات ماۋزۇسى قىلىنغانىدى. ب. كۇمېكوۋنىڭ پەرىزىچە، كىماكلار 656 ـ يىلى غەربىي تۈرك قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەركىبىدىن بۆلۈنۈپ چىققان (101). ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىلىي ۋە تەركىبى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز. بىزگە مەلۇم بولغىنى شۇكى، گەردىزى كىماك قەبىلىسىنىڭ باشلىقى «شاد تۇتۇق» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان، دېگەن (102). بۇ ئۇنۋاندا تۈركلەرنىڭ ئىككى خىل ئەمەل نامى بىرلەشتۈرۈلگەن: «شاد» يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل بولۇپ، ئاساسەن ھۆكۈمدار قاغان ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىرىغا بېرىلەتتى؛ «تۇتۇق» بەلگىلىك زېمىننىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھەربىي نائىب ۋە ھەربىي ۋالىي ئىدى. ئېھتىمال، بۇنداق ئۇنۋان كىماك تۆرىلىرىگە غەربىي تۈرك قاغانلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بولسا كېرەك. قاغانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئۇنۋاننى ساقلاپ قالغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى كۆچمەنلەر دۇنياسىدا بۇنىڭدىن چوڭراق رولنى تالىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى كىماك قەبىلە ئىتتىپاقىغا قوشۇلدى (103). ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىماك ئىتتىپاقى مۇنداق يەتتە قەبىلىدىن تەركىب تاپتى: ئىمى، ئىمەك، تاتار، باياندەر، قىپچاق، لانىكاز ۋە ئاجلاد. كىماك ھۆكۈمدارى «يابغۇ» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى (104). باياندەر ۋە تاتارلار شەرقتىن كەلگەن قەبىلىلەر دېيىلىدۇ (105). باشقا بىر رىۋايەتتە كىماكلارنىڭ ئۆزلىرى چەتتىن كەلگەن دېيىلىدۇ ۋە ئۇلار كۇموخ ياكى قاي دەپ ئاتىلىدۇ (106).

قانداقلا بولمىسۇن، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە قىرغىز قاغانلىقى چېگرىلىرىنىڭ غەربىدىكى يەرلەردە كىماك ئىتتىپاقى دەپ ئاتالغان كۆپ قەبىلىلىك بىرلەشمە پەيدا بولدى. ئەينى دەۋردە كىماك قوشۇنى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ پىدائىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولسا كېرەك. تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، 9 - ئەسىردىكى «كىماك پادىشاھىنىڭ» قوشۇنىدا 20 مىڭ «سەر خىل چەۋەنداز» بولغان ⑩. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىماك قوشۇنى ئونلۇق پرىنسىپى بويىچە ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن ھەمدە پىدائىيلار بىلەن بىر قاتاردا مۇنتىزىم «پادىشاھ قوشۇنى» بولغان. ئىرتىشنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى مەركەز قىلغان دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن كىماكلارنىڭ ھۆكۈمدارى قاغان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاھالە 12 ئايماققا بۆلۈنگەن، ئۇلاردىن بىرى بىۋاستە پادىشاھقا قاراشلىق بولغان، باشقىلىرى ئايماق بەگلىرىگە قارىغان، ئايماق بەگلىرى قاغان قوشۇنىغا مەلۇم ساندا ئەسكەر چىقىراتتى ⑩. قاغان جەڭ مەيدانىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەربىي باشلىقلارغا ئايماقلارنى تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

ئايماقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا قوشۇن ۋە ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، قەبىلىلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىنى تۈگىتىش مەقسەت قىلىنغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشمىغان. كىماك قوشۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ پىدائىيلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە قاغان قوشۇنىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان. كىماكلار مەملىكىتىدە ئاتلىق قوشۇن بىلەن بىر قاتاردا پىيادە ئەسكەرلەر قوغدايدىغان كۆپلىگەن شەھەر - قەلئەلەر بولغان. بۇ پىيادە ئەسكەرلەر شەھەر — قەلئەلەردىكى سوغدى ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن بولسا كېرەك ⑩. ئاستانە، يەنى «قاغان شەھىرى چوڭ شەھەر بولۇپ، تۆمۈر دەرۋازىلىق سېپىللار بىلەن قورشالغان». شەھەردە پادىشاھنىڭ

نۇرغۇن مۇھاپىزەتچىلىرى، قوشۇنى ۋە قورال ـ ئەسلىھەلىرى بولغان [110].

شۇنداق قىلىپ، 9 — 10 ـ ئەسىرلەردە كىماك قوشۇنى ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك قوشۇندىن تەركىب تاپقان ۋە قاغان قوشۇنى، ئايماق پىدائىيلىرى، قەلئە قوغدىغۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق تارماققا ئايرىلغان. قوشۇننىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە سانى توغرىسىدا بىر نېمە دېمەك تەس. ئېھتىمالغا يېقىن بولغىنى شۇكى، كىماك قوشۇنى ئونلۇق سىستېمىسى بويىچە ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر ئايماق تەخمىنەن 10 مىڭ ئەسكەر چىقارغان. شۇنداق بولغاندا، كىماك قوشۇنىنىڭ سانى 120 ـ 130 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە يېتىدۇ. كىماك قاغانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى ئالاكۆل ئويمانلىقىدا بولۇپ، بىر يۈرۈش سېپىللار بىلەن قورشالغان [111]. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كىماك دۆلىتىدە ياشىغۇچى سوغدى ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئەنە شۇ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا كېرەك. ھەر بىر شەھەر ـ قەلئەنىڭ ئىستىھكام سىستېمىسى، قوراللىق كۈچلىرى ۋە ھەربىي قوماندانلىرى بار ئىدى. ئۇرۇش يۈز بەرگەن ئەھۋالدا شەھەرلەر پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قوللىناتتى. بەزى شەھەرلەر كىماك قاغانىغا بېقىنغان ئۆز «پادىشاھى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى [112]. قاغان قاغانلىقتىكى بارلىق قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئالىي باش قوماندانى ئىدى. ئەل خارەزمىنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خاقان ـ تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق پادىشاھىدۇر. خاقان دېگەنلىك خانلارنىڭ خانى، يەنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۆكۈمدارى دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى پارسلارنىڭ شاھىنشاھ دېگىنىگە ئوخشايدۇ» [113]. قاغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ياكى ئۆزى، ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلاتتى. بەزى مەنبەلەردە بۇ ئەمەلدارلار ئىچىدە ھاجىپ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ بولغانلىقى

ئېيتىلىدۇ (112). مۇبادا ئۇرۇشلار دۆلەت مىقياسىدا بولمىسا،
يەرلىك «پادىشاھلار»، ئايماق بەگلىرى ۋە ياكى قەبىلە ئاقساقال-
لىرى يۇرۇشلەرگە باشچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، كىماكلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى بىر قەدەر
مۇرەككەپ دەرىجە تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئايرىم
تارماقلار نىسبەتەن يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە ئىدى. كىماكلاردا
ھوقۇقنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي تەشكىلىنىڭ نىسبەتەن
ئاجىز بولۇشى كۆپ قەبىلىلىك بىرلەشمىدە ئالاھىدە ساپالىق
ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئېتنىك تۇر-
كۈمنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھال مەركەزدىن
قېچىش خاھىشلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىماك دۆلىتىنىڭ پار-
چىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنە قىپچاقلار باش كۆتۈرۈپ
چىقىپ، كىماكلارنى رەھبەرلىك ئورنىدىن چۈشۈرگەنلىكى ۋە
نايمانلار غەربكە بېسىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن كىماك قاغانلىقى
يىمىرىلگەن، دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ (113).

## ئۇرۇش سەنئىتى

كىماكلار ۋە ئۇلارغا قارام قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىگە
باھا بېرىشتە بىز ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزىگە
خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئالدۇق (114). يۇقىرىدا
قەيت قىلغىنىمىزدەك، كىماك قوشۇنى نىسبەتەن ئوخشاش تۈر-
دىكى، ھەر خىل قوراللانغان ئاتلىق ئەترەتلەردىن تەركىب تاپ-
قان. قورال - ياراغلار تەركىبىدە يىراق ۋە يېقىن ئارىلىق
جەڭلىرىدىكى توسۇقنى يارغۇچى ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەر بولغىنى
ئۈچۈن كىماك ئاتلىق قىسىملىرى ئېغىر قوراللانغان دۈشمەنگە
تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاقابىل تۇرالىغان، گەرچە ئۇلارنىڭ سا-
ۋۇتلۇق قىسىملىرى يوق بولسىمۇ، قوراللارنى ئەڭ ئۈنۈملۈك

ئىشلىتىشكە بولىدىغان تاكتىكىنى قوللانغان.

جەڭ ۋاستىلىرى ئىچىدە ھەر خىل ئوقيا ۋە ئوقلارنىڭ بولغىنىدىن قارىغاندا، كىماكلار چېچىلما سەپ تۈزگەن. ساۋۇت كىيمىگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە مۆلچەرلەنگەن ئوق باشاقلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قارىغاندا، چېچىلما سەپنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ، يەنى ئۇلار جەڭ مەيدانىدا كەڭ يېيىلغان، ئىككى ياندىن قورشىغان، يالغاندىن چېكىنگەن ۋە باشقىلار.

يېنىك قوراللانغان ئاتلىق دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە كىماك ئاتلىق قىسىملىرى باشقىچە تاكتىكىلىق ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. كىماكلار يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىگە ۋە قوغدىنىش كىيىملىرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنگە يېقىنلاشقان ئەھۋالدا يېنىك قوراللانغان چەۋەنداز ئوقياچىلار بىلەن كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيتتى. شۇ ئاساستا پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كىماك قوشۇنى يىراق ئارىلىقتا قىسقىغا جەڭ ئارقىلىق رازۋېدكا قىلغاندىن كېيىن دۈشمەننى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلايتتى ۋە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. بىۋاستە يېقىنلاشقاندا كىماكلار دۈشمەنگە نەيزە، قوش بىسلىق، تۈز ۋە يېنىك قىلىچلار بىلەن زەربە بېرەتتى. دۈشمەننىڭ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلىرى يېقىن ئارىلىق جېڭىدە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن قېچىش ئارقىلىق قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى.

كىماك ئاتلىق قىسىملىرى دۈشمەننىڭ ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلىرى بىلەنمۇ ئۈنۈملۈك جەڭ قىلالايتتى. بۇنى كىماك ئوقياچىلىرىنىڭ توسۇقنى يارغۇچى ئوق تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كىماك قوشۇنى ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار بىلەن توقۇنۇشقاندا يىراق ئارىلىقتىلا جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ھال-

بۇكى، دۇشمەنلەر يېقىنلىشىپ كېلىپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشقا
توغرا كەلگەندىمۇ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولالايتتى. كى-
ماكلار يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ئىشلىتىدىغان زەربە بەرگۈچى
ۋاستىلەرنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتىمۇ ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار-
دىن قېلىشمايتتى. مەخسۇس قوغدىنىش ۋاستىلىرى يېتىشمە-
گەنلىكتىن دۇشمەنگە نىسبەتەن ئاجىزراق ئورۇنغا چۈشۈپ قالسى-
مۇ، لېكىن ھەرىكەتچان بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم
قىلالايتتى. مۇبادا، دۇشمەننىڭ ساۋۇتلۇق چەۋەندازلارنىڭ سەپ-
لىرى زەربىگە تاقابىل تۇرالىسا ۋە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرسا،
كىماكلار تېزلىك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، تەشكىللىك ھالدا
چېكىنىپ كېتەلەيتتى.
كىماكلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىغا تايىنىپ،
مىلادىيە 9 — 10 ـ ئەسىرلەردە قىرغىزلارنىڭ ئىالتىاي دالىلى-
رى ۋە شىەرقىي قىازاقىستاندىكىي ھىۇجىۇملىرىغىا تىاقىابىل
تۇرالىغان [117] .
كىماك قوشۇنىدىكى پىيادىلەرنىڭ رولى ھەققىدە پىكىر بايان
قىلىش تەسرەك. پىيادىلەرمۇ ئوچۇق دالىدىكى جەڭلەرگە قاتناش-
قان بولۇشى مۇمكىن. قىيا تاش سۈرەتلىرىدىن قارىغاندا، ئوقيا
بىلەن قوراللانغان ساۋۇتلۇق پىيادىلەر يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ-
لەرگە قاتناشتۇرۇلغان [118] . ئېغىر ساۋۇتلارنى كىيىشكەن پىيا-
دىلەر ئانچە ھەرىكەتچان بولالمايتتى ۋە چەۋەندازلارنىڭ ياردىمى-
سىز ئۆز ئالدىغا ھۇجۇم قوزغىيالمايتتى. پىيادىلەر كىماكلارنىڭ
شەھەر ـ قەلئەلىرىدىكى مۇداپىئەچى قوشۇنلارنىڭ ئاساسلىق كۈ-
چىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، قاغاننىڭ ساراي، قارارگاھلىرى
قاتارلىق جايلارنى مۇھاپىزەت قىلغان بولسا كېرەك. قامالدا
قالغاندا ساۋۇت كىيگەن پىيادە ئەسكەرلەر سېپىل ئۈستىدىن
دۇشمەنگە ئوق ئاتقان. كۆلۈندىن يادىكارلىقىدىن تېپىلغان تاختى-
دا ئەنە شۇنداق كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن[119] .

يازما مەنبەلەردە قوراللىق توقۇنۇشلار پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان بولغاچقا، كىماكلارنىڭ ئۆز قەلئەلىرىنى قوغداشتىكى ئۈنۈمدارلىقى قانچىلىك بولغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. كىماكلارنىڭ ئىستىھكام قۇرۇلمىلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس. ئەگەر كىماك شەھەرلىرىدە سوغدىلار ياشايتتى دېگەن پەرەز توغرا بولسا، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە قۇرۇلمىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك (120).

مەنبەلەردە كىماكلارنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ۋە كىماك قاغانىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بايان قىلىنىدۇ: «كىماكلارنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغ ۋە شان ـ شۆھرەتلىك پادىشاھلارنىڭ بىرى…» (121). «خاقان — ئۇلۇغ پادىشاھ، ئەزەلدىن تارتىپ ئۇنىڭ تەختىگە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ۋارىسلىق قىلىدۇ. كىماك پادىشاھى ئالتۇن لىباس ۋە ئالتۇن تاج كىيىدۇ، بىر يىلدا تۆت قېتىم پۇقرالىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ» (122). قوشنا ھۆكۈمدارلار ۋە خەلقلەر ھەمىشە كىماكلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەندىشە قىلاتتى: «…تۈركلەرنىڭ پادىشاھلىرى خاقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن، ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئەھۋاللارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن…» بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، كىماك قاغانى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان (123).

مەنبەلەر ئىشەنچلىك بولسا، قاغان ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. مەنبەلەردە ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى توغرىسىدا سۆزلەنگەندە، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ: «ئۇلار دىن، ھۆكۈمرانلىق، خىراج، ئۆز قەبىلىسىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، رىقابەتتىن (ئاياللارنى تالىشىش بۇنىڭ سىرتىدا)، غەزەپلەنگەنلىكتىن، دۈشمەنلەشكەنلىكتىن ئە-

مەس، ۋەتەن ئۈچۈن، ئۆز ئۆيىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس
...بەلكى بۇلاڭچىلىق ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىدۇ» (121). قارىماققا،
ئۆزلۈكسىز ھەربىي يۈرۈشلەر كىماك قاغانلىقىنىڭ كۆپ قەبىلە-
لىك قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ۋە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش-
تىكى تەشەببۇسكارلىقىنى توسۇشقا پايدىلىق بولغان بولۇشى مۇم-
كىن.

كىماك قاغانلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى ئىشغالىيەتچىلىك
مەقسىتىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك
تەس. ئەل ئىدرىسىنىڭ خەرىتىسىدە ئاسىيا دالىلىرىنىڭ كۆپ
قىسمى كىماك قاغانلىقىغا تەۋە قىلىپ كۆرسىتىلگەن (125).
كىماك قاغانلىرى يۈرگۈزگەن ئىستراتېگىيە يۆنىلىشىنى بەلگى-
لىك دەرىجىدە كۆچمەنلەر دۆلەتلىرى ئۈچۈن تىپىك دېيىشكە
بولىدۇ. ئەپسۇسكى، مەنبەلەردە كىماك قاغانلىرىنىڭ ئۇرۇش
ھەرىكەتلىرىدىكى كونكرېت چارە - تەدبىرلىرى ھەققىدە گەپ
يوق.

قوشنىلار بىلەن بولغان دائىملىق ئۇرۇشلار كىماك دۆلىتى-
نى بۆلگۈنچىلىك بالاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. بۇ ئۇرۇشلار
جەريانىدا كىماك دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قىپچاق ئېتنىك
تۈركۈمى كۈچەيدى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. قاغانلىق يىمىرىل-
گەندىن كېيىن قىپچاقلار ئالتايدىن دۇنايغىچە بولغان دالىلاردا
يېتەكچى كۈچ بولۇپ قالدى. بۇ جايلار دەشتى قىپچاق دېگەن
جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنىك سىياسىي نام بىلەن ئاتالدى. كىماك-
لارنىڭ نامى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن تېزلا
غايىب بولدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قورال-ياراغ تەرەققىياتى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىدىكى ئاساسلىق قانۇنىيەتلەر

جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى، ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىنى بەلگىلىك ئېتنىك مەنبە ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىگە تەئەللۇق بولغان كونكرېت ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتلەر دائىرىسىدە تەتقىق قىلغاندا، ھەرخىل قورال تۈرلىرى، قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەش ئۇسۇللىرى ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ماكان ۋە زاماندىكى تەرەققىيات جەريانلىرىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قانۇنىيەتلەر ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى تارىخىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى ئايرىپ چىقىشقا ئاساس بولالايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى قاراپ چىقىشتا بىز يېقىنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى①، مەزكۇر ئەسەردە شەرھلەنگەن ماتېرىياللارنى، شۇنداقلا بايانلىرىمىزغا كىرگۈزۈلمىگەن قورال - ياراغ مەلۇماتلىرىنى ھېسابقا ئالدۇق②.

تەكشۈرۈلگەن رايوندىكى ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىرلەر داۋامىدا يىراق ئارىلىقتىكى

جەڭ ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرىنى بەلگىلىگەن (ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىكى ئايرىم رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). يىراق ئارىلىقتىكى جەڭ ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيا شەكىللىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇرەككەپلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يېتەرلىك دەرىجىدە پۈتۈن ساقلانمىغان بولغاچقا، يانىڭ ئۆز ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلغان، ھەر خىل ئوقيا شەكىللىرىنىڭ چىدامىلىقى ھەققىدىكى تەجرىبە نەتىجىلىرى يوق. شۇنداقتىمۇ، بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق مەلۇماتلارنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بۇ قورال تۈرىنىڭ ئاساسلىق تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ھۇن ئوقياسىنىڭ ئاساسلىق ئىككى تۈرلۈك شەكلى پۈتكۈل ئوقيا تەرەققىياتىنىڭ باشلانغۇچ مودېلى بولۇپ قالغان: 1) يانىڭ ئوتتۇرىدا ۋە باش تەرەپلىرىدە يان قاپلىغۇچلىرى بار؛ 2) ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچى، ئوتتۇرىدا ۋە باش تەرەپلىرىدە يان قاپلىغۇچلىرى بار. بۇ شەكىللەرنىڭ فۇنكسىيىلىك پەرقلىرىنىڭ چوڭ بولۇشى ناتايىن. ھالبۇكى، يانىڭ كېيىنكى شەكىل ئۆزگەرتىشلىرىدە مۇقەررەر ھالدا پەرق بولغان. تۈزۈلۈشى يۇقىرىقى شەكىللەرگە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىق قاپلىغۇچلىرى بولغان يالارمۇ بار ئىدى. بۇنداق قاپلىغۇچلار يانىڭ قانداق ئورۇنلىرىغا بېكىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاش تەس. ئېھتىمال، ئۇلار ئۇلانما يان قاپلىغۇچلار بولسا كېرەك (يانىڭ ئوتتۇرىدىن يان تەرەپلەرگە ئۆتىدىغان ئورۇنلاردا). بۇنداق قاپلىغۇچلارنىڭ ۋەزىپىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس، چۈنكى ھۇن ئوقيالىرىنىڭ بىۋاسىتە ئاساسىي بولغان ئوقيا شەكىللىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ يەردە بايقال ۋە مىنۇسىن ئويمانلىقىدىكى تاش ۋە مىس

قوراللار دەۋرلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان «كۆچەيتىلگەن ئوقيالار»نى ئەسلەپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولمايدۇ. ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، شۇ يالاردا باشتىن - ئاياغ سۆڭەك قاپلىغۇچلار بولغان[3]. ئۇلانما يان قاپلىغۇچلارنى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالارنىڭ «كۆچەيتىلگەن» نۇسخىسىنىڭ «قالدۇقى» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ پەرەزگە قوشۇلساق، ئۇلانما يان قاپلىغۇچلۇق ئوقيالارنى ھۇن ئوقيالىرىنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكى ئاساسلىق شەكلى دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. بار بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلانما يان قاپلىغۇچلار كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا كۆرۈلمەيدۇ. ھۇن دەۋرىدىن كېيىنكى كۆكەل ئوقيا تۇرلىرىنىڭ بىرىدە شۇ خىل شەكىل قوللىنىلغان، دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن.

ھۇن دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە تەئەللۇق بولغان، كېسىملىرى ئۆز ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆڭەك قاپلىغۇچلۇق ئوقيالار تۇۋا[4] ۋە بايقال ئەتراپلىرىدىكى[5] ئۇلۇغ خەم مەدەنىيىتى تېپىلمىلىرىدىن مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىكى يانىڭ تۇزۇلۇشى تازا ئېنىق ئەمەس. ھالبۇكى، قاپلىغۇچلارنىڭ شەكلى، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت ماتېرىياللىرى ئىچىدە سانىنىڭ ئازلىقى، شۇنداقلا تىلغا ئېلىنغان زېمىنلار ھۇن دۆلىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغانلىقى — كۆرسىتىلگەن شەكىللەرنىڭ ھۇن زېمىنىنىڭ مەركىزىدىن چەت رايونلىرىغا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلىنىڭ بۇنداق قويۇلۇشى يېڭىلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سايان - ئالتاي ۋە بايقال ئەتراپلىرىدىكى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيانىڭ ھۇنلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى پىكىر سىبىرىيە ئارخېئولوگىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان[6]. بىزنىڭ ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىمۇ بۇنىڭغا مۇخالىپ ئەمەس، لېكىن بۇ پىكىرنى يەنىلا ئاخىرقى يەكۈن دېگىلى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، ھۇن مەدەنىيىتىگە دەۋرداش بولغان سىبىرىيە

رايونلىرىدىكى يادىكارلىقلار تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈل-مىدى، شۇڭا، مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالار ھون دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئاھالىلەرنىڭ پروتوتىپلىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇم-كىن. ئىككىنچىدىن، بىر مۇنچە جايلاردا ساپ ياغاچ ئوقيالار ئىشلىتىلگەن. ھالبۇكى، ھونلار ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى قورال تۈرلىرىنى تارقىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

كېيىنكى دەۋردە، يەنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ۋە باش تەرەپلىرىدە يان قاپلىغۇچلىرى بولغان ئوقيالار تۇۋادىكى كۆكەل ۋە مىنۇسىنىدىكى تاشتىق مەدەنىيەتلى-رىدە تارقالدى. ئوتتۇرىدا ۋە باش تەرەپلىرىدە يان قاپلىغۇچلىرى ھەم ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغان ئوقيالار ئوب ۋادىسى-دىكى يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتىدە، تاغلىق ئالتايدىكى بېرېل مەدە-نىيىتىدە، تۇۋادىكى كۆكەل، شەرقىي بايقالدىكى بۇرخوتۇي مەدە-نىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. كۆكەل، تاشتىق مەدەنىيەتلى-رىدە بۇختىل يا شەكىللىرى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇلانما يان قاپلىغۇچلۇق ئوقيالاردىن سىرت ساپ ياغاچتىن ياسالغان مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيالارمۇ بولغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ دەۋردە ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولغان يېڭى ئوقيا نۇسخىلىرى بارلىققا كەلمىگەن بولسا كېرەك. ساپ ياغاچ نۇسخىلارنى يېڭى دېگىلى بولمايدۇ، ھون يادىكارلىقلىرىدا بۇنداق تېپىلمىلار كۆ-رۈلمىگەن بولسىمۇ، سىزما تەسۋىرىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا يېنىسەيدە ئاددىي ياغاچ ئوقيالارمۇ ئىشلىتىلگەن.

بايان قىلىنغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇ-رۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئوقيا تەرەققىياتىدىكى بىر باسقۇچ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باسقۇچ ئىككى قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئوقيا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشى كۆرسىتىلگەن ئوقيا شەكىللىرىنىڭ مەر-كىزىي ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ چەت رايونلىرىغىچە تارقىلىشىدىن

ئىبارەت بولغان: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇل ـ بايقال مەركىزىدىن تۇۋا ۋە بايقالغا؛ مىلادىيە 1 — 5 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي، ئوب، يېنىسەي ۋە شەرقىي بايقالغا تارقالغان.

هۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئوقيالار ئۆلچەملىرى چوڭ بولغاچقا غەيرىي سىممېترىك ھالەتتە بولسا كېرەك⑦ (لېكىن قولىمىزدا ئېنىق مەلۇماتلار يوق، شۇڭا بۇ خىل قىياسنى ئوقيا تەرەققىياتىنىڭ شەرھىسىگە كىرگۈزمەيمىز). پەقەت مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندىلا بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم مەلۇماتلار پەيدا بولغان. ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى خىل ئوقيا شەكلى قەدىمكى تۈرك دەۋرىدىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. 6 — 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئالتاي، تۇۋا، مىنۇسىن تۈركلىرى، شەرقىي بايقال شىرۋىلىرى ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچلىرى بولغان ئوقيالارنى ئىشلەتكەن. تۈركلەرنىڭ ئوقيالىرى شۇلارغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن باش تەرىپىدە بىر جۈپ قاپلىغۇچى ۋە ئوتتۇرىدا قاپلىغۇچلىرى بولغان، شۇنداقلا بەزى ئوقيالىرىنىڭ ئوتتۇرىدا يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچى يەنە باش تەرەپتە بىر جۈپ قاپلىغۇچى بولغان. بۇ ئىككى شەكىلنى ئەسلىدىكى ئوقيا تۈرلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان غەيرىي سىممېترىك شەكىللىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

7 ـ ئەسىردىكى تۈرك دەۋرىدە ئوقيالارنىڭ ئوتتۇرىدا يان قاپلىغۇچى بولغان يېڭى شەكىللىرى پەيدا بولدى. بۇنداق ئوقيالار تۈركلەرنىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى تارقالغان ھەممە جايلاردا، جۈملىدىن سايان ـ ئالتايدا قوللىنىلغان. 8 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىدا يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچى بولغان ئوقيالار پەيدا بولۇپ، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەنلەر ئىشلەتكەن. ئالتايدا شۇلارغا ئوخشايدىغان، لېكىن قوشۇمچە كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغان ئوقيالار بايقالغان.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلىنىڭ ئاخىرقى ئەسىرلىرىدە ئوقيا شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان. بۇ دەۋردە تەكشۈرۈل-گەن رايوننىڭ ھەممە جايلىرىدا ھەر خىل شەكىللەردىكى ئوقيالار بارلىققا كەلگەن، يەنى ئوتتۇرىسى ۋە باش تەرىپى يان قاپلىغۇچ-لۇق، ئوتتۇرىسى يان ۋە كاۋاك قاپلىغۇچلۇق، ئوتتۇرىسى يان قاپلىغۇچلۇق ئوقيالار. بۇلار تۈرك ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھۇن ئەنئەنىلىرىدىن كېلىپ چىققان. سايان ـ ئالتاي ۋە بايقال ئەترا-پىدىكى جايلاردا ئىككى چېتى كاۋاك قاپلىغۇچلۇق ئوقيالار تارقال-غان. يەنە شۇ رايونلاردا ئوتتۇرىدا بىر لا كاۋاك قاپلىغۇچى بولغان ئوقيالار بايقالغان. بۇنداق ئوقيالار كېيىنكى دەۋردە سان جەھەتتە ئەڭ كۆپ بولغان. سىممېترىك شەكىللەر بىلەن بىر قاتاردا غەيرىي سىممېترىك ۋارىيانتلارمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. بايقال ئەتراپلىرىدىكى ئوقيالارنىڭ باش تەرەپلىرىدە قاپلىغۇچى بولغانلىرى ئايرىم ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنى مۇرەككەپ تەركىبلىك ئوقيا تەرەققىياتىدىكى يېڭى باسقۇچ دەپ ھېسابلاش لازىم. بۇ دەۋردە ئەسلىدىكى نۇسخا جىددىي تېخنىكە-لىق يېڭىلىنىشتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ھال تىپ تۈرلىرىنىڭ كۆ-پىيىشىدە ئىپادىلەندى. بۇ باسقۇچ ئىككى قاتلامغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى قاتلامدا تېخنىكىلىق يېڭىلىنىش ئاساسەن قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلدى، ئىككىنچى قاتلامدا بۇن-داق يېڭىلىنىش مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى. ئۆزگەرگەن شەكىل-لەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە يېڭى ئامىللارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەنئەنى-ۋى شەكىللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭىچە ئاددىيلاشتۇرۇلغان نۇسخىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يېڭىچە نۇس-خا كېيىنكى دەۋردىكى ئوتتۇرىدا كاۋاك قاپلىغۇچى بولغان ئوقيا-لارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. يېڭى شەكىل ۋە ئىككى

ياندا كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بولغان دەۋرداش تىپلارنىڭ پەيدا بولۇ-
شى، يانىڭ قاتتىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن سۆڭەك دېتاللارنى
ئەۋرىشىملىكنى ئاشۇرۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە باش-
لىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ⑧ (95 ـ رەسىم). ئوقيا تەرەققىياتى
ئۆز ئالدىغا ئايرىم يول بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوقلارنىڭ تەدرىجىي
تەرەققىياتى ۋە ئاتلىق جەڭدە ئاتقۇچى قوراللارنى قوللىنىش تاك-
تىكىسى بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىيلەشتى.

هۇن دەۋرىدىكى ئوق باشاقلىرىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات
باسقۇچىدا مىس ئوقلارنىڭ ئورنىنى تۆمۈر ئوقلار ئىگىلىدى.
هۇنلار ۋە باشقا بەزى كۆچمەنلەر (مەسىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇن-
قى 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بېشىدى-
كى كۆكەللىكلەر) ئىشلەتكەن مىس ئوقلارنىڭ گەرچە ئاز ساندا
شەكىل تۈرلىرى بولسىمۇ، ئالدىنقى دەۋردىكى ئوقلارغا ئوخشاش-
مايدىغان يېڭىچە شەكىللىرى يوق ئىدى. تۆمۈر ئوقلارنىڭ تۈر-
لىرىمۇ ھەم سانىمۇ ئەڭ كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى
خىل فۇنكسىيىلىك گۇرۇپپىسىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ: ساۋۇت
كىيمگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان ئوقلار ۋە توسۇقنى يارغۇچى
ئوقلار. ئۈچ يانلىق تۆمۈر ئوقلار ئەڭ دەسلەپتە مىستىن ياسال-
غان، ياپىلاق ئوقلار چاقماق تاشتىن ياسالغان. ئۈچ يانلىق تۆمۈر
ئوق باشاقلىرىنىڭ بەزى تۈرلىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇق-
لۇقىنىڭ يايلاقلىرىدا سكىف (ساك) دەۋرىدىلا پەيدا بولغان.
هالبۇكى، سكىف (ساك) دەۋرىدىكى مېتال ئوقلار مىستىن يا-
سىلاتتى، شۇڭا هۇن ئوقلىرىنى كېيىنكى تەرەققىياتلار ئۈچۈن
چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان، دېيىشكە بولىدۇ. هۇنلارنىڭ
ئۈچ يانلىق ئوقلىرىدىن بەش تىپ، تۆت يانلىقلىرىدىن بىر تىپ،
ياپىلاق تۆمۈر ئوقلىرىدىن تۆت تىپ تىزىمغا ئېلىنىدى. ئومۇمەن،
هۇن ئوقلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، جاي ـ جايلارغا كەڭ
تارقالغان. كېيىنكى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن مۇنداق ئوقلارنى

كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم: ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىك، سوزۇنچاق رومبا، قاتلاملىق، ئىلمەكلىك، ياپىلاق غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك ئىلمەكلىكلەر. ئۈچ يانلىق ئوقلارنىڭ تولىسىنىڭ سۆڭەك ئىسقىرتقۇچلىرى بار. چېگرىداش جايلاردىكى مىنۇسىنىغا دەۋرداش تېپىلغان ئوق تۇرلىرى ئىچىدە ئايرىم ساندىكى ئۈچ يانلىق سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر ۋە ئىلمەكلىكلەر، ياپىلاق سوزۇنچاقلار ۋە سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر كۆرۈلىدۇ. شەرقىي بايقالدىكى ئاگىن ئوق تۇرلىرى ئىچىدە ياپىلاق سوزۇلما رومبا شەكىللىك باشاقتىن بىرى تېپىلغان. ھۇن دۆلىتىنىڭ چەت جايلىرىدا تۆمۈر ئوقلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ھۇنلاردا توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار ناھايىتى ئاز بولغان. بۇلار ئۈچ قىرلىق ئۈزۈنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق ۋە تۆت قىرلىق سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەردىن ئىبارەت. ھۇن دەۋرىنى تۆمۈر ئوقلار تەرەققىياتىدىكى دەسلەپكى باسقۇچ دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيە 2 — 5 - ئەسىرلەردىكى ئوق تۇرلىرىنى ھۇن ئوقلىرى بىلەن تولۇق سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئوق تۇرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سايان - ئالتاي زېمىنلىرىدىن كېلىپ چىققان. تۇۋادىكى كۆكەل مەدەنىيىتىگە ياتىدىغان باشاقلارنىڭ تۇرى ئەڭ كۆپ. بۇنىڭدا ئەسلىدىكى شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ يانلىق باشاقلارنىڭ يەتتە تىپى ۋە ياپىلاقلارنىڭ ئۈچ تىپى بار، جۈملىدىن ئەسلىدىكى ئىككى شەكىل — غەيرىي سىممېترىك رومبا ۋە سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەرمۇ بار. كۆكەل ئوقلىرى ئىچىدە ئۈچ يانلىقلار تىپلىرى كۆپ: غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر، قاتلاملىقلار ۋە توسۇقنى يارغۇ-

چىلار (يېڭىچە شەكلى) . تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ تۇرلىرىدە ئۈچ يانلىق ئوقلار تۆت تىپ ۋە ياپىلاقلار تۆت تىپ. ئەسلىدىكى ئوق شەكىللىرىمۇ ساقلانغان، شۇنداقلا يېڭى شەكىللەرمۇ بارلىققا كەلگەن - ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغان ئۈچ يانلىقلار ۋە ياپىلاق تومتاقلار. يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتىنىڭ تۇرلىرى ئۈچ يانلىقلاردىن سەككىز تىپنى ۋە ياپىلاقلاردىن بىر تىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئەسلىدىكى شەكىللەردىن ئىبارەت، يېڭىلىرى ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغانلار، تومتاقلار، ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇقلاردۇر. بېرېل تۇرلىرىدە ئۈچ يانلىق ئوقلاردىن ئالتە تىپ، ياپىلاقلاردىن بىر تىپ كۆرۈلىدۇ. بۇرخوتۇي تۇرلىرىدىكىسى ئۈچ يانلىق قاتلاملىق ئوقلار، ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇقلار، ياپىلاق ئۇزۇنچاق ئۈچبۇلۇڭلۇقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن ئېتىبارەت ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

دېمەك، ئەينى دەۋردىكى توسۇقنى يارمايدىغان ئوق تۇرلىرى ئىچىدە ئەسلىدىكى ئاساسلىق شەكىللەر ساقلانغان: ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا ۋە سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر. ئۇنۇملۇك يېڭى شەكىللەر جەمئىي ئۈچ خىل: ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغان ئۈچ يانلىقلار، ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇقلار ۋە ياپىلاق تومتاقلار. ئۈچ يانلىق ئوقلارنىڭ تولىسىنىڭ ئىسقىرتقۇچلىرى بار. توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار كۆكەل (تۆت قىرلىقلار ئىككى تىپ ۋە يۇمىلاقلار بىر تىپ) ۋە يۇقىرى ئوب (يۇمىلاقلار بىر تىپ) ئوق تۇرلىرىدە كۆرۈلىدۇ. كۆكەللىكلەرنىڭ ئوقلىرى ئىككى تىپ بولۇپ، توغرا كەسمىسى ئۇنىۋېرسال ۋە لىنزا شەكىللىك. ھۇن پروتوتىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىنغان شەكىللەر كۆرۈلمەيدۇ.

ئاساسلىق فۇنكسىيە دائىرىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە مەزكۇر دەۋرنى تۆمۈر ئوقلار تەرەققىياتىدىكى

يېڭى بىر باسقۇچ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئەسلىدىكى شەكىللەر ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ۋە كەڭلىكتە تارقالغان، ئۈنۈملۈك يېڭى شەكىللەرمۇ پەيدا بولدى. توسۇقنى يارغۇچىلار تۈركۈمىدە بۇنداق يۈزلىنىش كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن بۇ خىل ئوق تۈرىنى شۇ دەۋردە شەكىللەنگەن دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىككى باسقۇچنى ئەسلىدىكى شەكىللەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن شۇ بىر دەۋر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

كېيىنكى دەۋردە، يەنى قەدىمكى تۈرك قاغانلىقى مەۋجۇد بولغان 6 — 8 - ئەسىرلەردە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئادەتتىكى ئوق تۈرلىرى (توسۇقنى يارغۇچى ئەمەس) ئۈچ يانلىق ئوقلارنىڭ يەتتە تىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، جۈملىدىن ئالدىنقى دەۋر شەكىللىرى - غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ، ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭ شەكىللىرى. يېڭىچە ئوقلاردىن ئاران ئىككى خىل شەكىل بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغىنى - ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇق. تۈركلەردە ئەسلىدىكى ئوق شەكىللىرى سان جەھەتتە يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ياكى نىسبەتەن يېڭى شەكىللەردىن ئاز ئىدى. ئەينى دەۋردىكى تۈركلەرنىڭ ئوق تۈرلىرىنىڭ تىپلىرى ئالدىنقى دەۋردىكىگە يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ھەر قايسى تىپلاردىكى ئوق سانى ئوخشاشمايدۇ. بىر مۇنچە ئوقلارغا ئىسقىرتقۇچلار بېكىتىلگەن.

ئەينى دەۋردىكى توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ ئۈچ تىپى بولغان: ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىك، ئوق ئۇچى ئايرىم ئورنىتىلغانلىرى ۋە تۆت قىرلىق ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇقلار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ يانلىق ئوقلىرىدىن ئاران ئىككى تىپ بايقالغان: ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇق ۋە ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق؛ توسۇقنى يارغۇچى ئوقلاردىن ئۈچ تىپ: ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا، تۆت قىرلىق سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك ۋە ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇقلار. ئەينى دەۋردىكى قىر-

غىزلاردا ئۈچ يانلىق ئوقلارنىڭ تۆت تىپى، جۈملىدىن يېڭىچە ئۈزۈنچاق بەش بۇلۇڭلۇق شەكىللەر بولغان. قۇرىقانلاردا ئۈچ يانلىقلاردىن ئالتە تىپ، ياپىلاقلاردىن تۆت تىپ، تۆت قىرلىقلاردىن بىر تىپ بولغانلىقى مەلۇم. غەربىي بايقالدا ئۈچ يانلىق ئوقلاردىن بەش تىپ، شەرقىي بايقالدا ئۈچ يانلىقلاردىن يەتتە تىپ، ياپىلاقلاردىنمۇ يەتتە تىپ ۋە تۆت قىرلىقلاردىن بىر تىپ بايقالدى. ئەپسۇسكى، بايقال ئەتراپلىرىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان مەلۇماتلارنى قوللىنىش تەس، چۈنكى بۇ مەلۇماتلار ئىچىدىكى كېيىنكى دەۋرگە ياتىدىغان ماتېرىياللار تېخى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىلمىدى.

ئومۇمەن، ئەينى دەۋردىكى مەركىزىي ئاسىيا ئوقلىرى ئەسلىدىكى هۇن ئالاھىدىلىكلىرى سۈسلىشىپ، قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەنلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلىرى داۋامىدا يېڭىچە ئالاھىدىلىكلەر نۇرغۇزۇلۇۋاتقان تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈزۈنچاق بەش بۇلۇڭلۇق ۋە ئۈزۈنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق شەكىلدىكى ئۈچ يانلىق ئوقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. مەركىزىي ئاسىيادىكى توسۇقنى يارمايدىغان ئوقلارنىڭ تۈرلىرى تېپىلار بويىچە ئىككى رايونغا بۆلۈنىدۇ: موڭغۇلىيە ـ سايان ـ ئالتاي رايونىدا ئۈچ يانلىق ئوقلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، بايقال ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا ئۈچ يانلىقلار بىلەن بىر قاتاردا ياپىلاق ئوقلارمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. توسۇقنى يارغۇچى ئوق تۈرلىرى ھەممە جايلاردا ئانچە راۋاجلانمىغان.

كېيىنكى دەۋردە، يەنى 9 — 10 ـ ئەسىرلەردە تۆمۈر ئوقلارنىڭ يېڭىچە شەكىللىرى جىددىي كۆپەيدى. گورۇپپا ۋە تىپ خىللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ھەر ئىككى فۇنكسىيىلىك تۈركۈمدە روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال قىرغىز ۋە كىماكلاردىن ئىبارەت ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان

كۆچمەنلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. قىرغىزلار ھۆ-
كۈم سۈرگەن دەۋردە توسۇقنى يارمايدىغان ئوقلارنىڭ تۈرلىرى
ناھايىتى كۆپ بولغان: ئۈچ يانلىقلار 11 تىپ، ئىككى يانلىقلار
ئىككى تىپ، تۆت يانلىقلار بىر تىپ، ياپىلاقلار يەتتە تىپ.
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۈچ يانلىقلار ئىدى: غەيرىي سىم-
مېترىك رومبا، ئۈزۈنچاق رومبا، ئۈزۈنچاق بەش بۇلۇڭلۇق،
ئۈزۈنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق شەكىللىكلەر ۋە ئوق بېشى ئايرىم
ئورنىتىلغانلار. خېلى كۆپ ئوقلارنىڭ ئىسقىرتقۇچلىرى بولغان.
قىرغىزلاردا توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىدى:
ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىقلار بەش تىپ، تۆت قىرلىق - تۆت
يانلىقلار ئىككى تىپ، ئۈچ قىرلىقلار ئىككى تىپ، تۆت قىرلىق-
لار ئالتە تىپ، رومبا شەكىللىكلەر بىر تىپ، تىك بۇلۇڭلۇقلار
بىر تىپ، يۇمىلاقلار ئىككى تىپ. توغرا كەسمىسى قىرلىق -
ئويۇق بولغان توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارمۇ قىرغىزلارغا خاس.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى غەيرىي
سىممېترىك رومبا شەكىللىك ۋە ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغان-
لار، تۆت قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىكلەر، ئوق
بېشى ئايرىملار ۋە ئۈزۈنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇقلاردىن ئىبارەت.
كىماكلاردا توسۇقنى يارمايدىغان ئوقلاردىن ئىككى گۇرۇپپا
بولغانلىقى مەلۇم: ئۈچ يانلىقلار توققۇز تىپ، ياپىلاقلار 4 تىپ.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى: غەيرىي
سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۈزۈنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق
شەكىللىكلەر. توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار: ئۈچ قىرلىق - ئۈچ
يانلىقلاردىن بىر تىپ، ئۈچ قىرلىقلاردىن ئۈچ تىپ، تۆت قىر-
لىقلاردىن ئۈچ تىپ، رومبا شەكىللىكلەردىن بىر تىپ، يۇمىلاق-
لاردىن بىر تىپ. ئۈچ قىرلىقلار، غەيرىي سىممېترىك رومبا
ۋە سوزۇنچاق رومبا شەكىللىكلەر باشقىلاردىن بىر قەدەر كۆپ-
رەك. بۇ چاغدا دۆلەتلىك مۇستەقىللىقنى يوقاتقان تۈركلەردە

ئۈچ يانلىق ئوقلاردىن توققۇز تىپ، ئىككى يانلىقلاردىن ئىككى تىپ، تۆت يانلىقلاردىن بىر تىپ، ياپىلاقلاردىن يەتتە تىپ بولغان. ئۈچ يانلىق ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇقلار ۋە ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇقلار باشقا تۇردىكىلەردىن كۆپرەك بولغان. توسۇقنى يارغۇچى ئوقلاردىن مەلۇم بولغانلىرى: ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىقلار بىر تىپ، ئۈچ قىرلىقلار ئىككى تىپ، تۆت قىرلىقلار تۆت تىپ، يۇمىلاقلار بىر تىپ. ھەممىسىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس.

ئۇيغۇرلاردا ئۈچ يانلىق ئوقلاردىن ئىككى تىپ، ئۈچ قىرلىقلاردىن بىر تىپ، تۆت قىرلىقلاردىن ئىككى تىپ بولغان. قۇرىقانلاردا ئۈچ يانلىق ئوقلاردىن ئالتە تىپ، ئىككى يانلىقلاردىن ئىككى تىپ، ياپىلاقلاردىن سەككىز تىپ، تۆت قىرلىقلاردىن ئىككى تىپ بولغانلىقى مەلۇم. ھەممىسىنىڭ سانى ئاز. بايىرقۇلارنىڭ ئوقلىرى مۇنداق بولغان: ئۈچ يانلىقلار توققۇز تىپ، ئىككى يانلىقلار ئىككى تىپ، تۆت يانلىقلار ئۈچ تىپ، ياپىلاقلار يەتتە تىپ. توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۈچ قىرلىق - ئۈچ يانلىقلار بىر تىپ، تۆت يانلىقلار تۆت تىپ، ئالتە قىرلىقلار بىر تىپ، تىك بۇلۇڭلۇقلار بىر تىپ، شىرۋىلار مۇنداق ئوقلار بىلەن قوراللانغان: ئۈچ يانلىقلار يەتتە تىپ، ئىككى يانلىقلار تۆت تىپ، ياپىلاقلار توققۇز تىپ، تىك بۇلۇڭلۇقلار ئىككى تىپ، تۆت قىرلىقلار ئىككى تىپ.

مەزكۇر دەۋر ئوتتۇرا ئەسىر ئوقلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاخىرقى مەزگىل بولۇپ، بۇ تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈلگەن بىر قاتار يېڭىلىنىشلار كېيىن يەنە داۋاملىق راۋاجلاندى. ھەر ئىككى فۇنكسىيىلىك تۇركۇمدىكى تىپلارنىڭ خىللىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. بىر مۇنچە تىپلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. توسۇقنى يارمايدىغان ئوقلارنىڭ بىر قىسىم قەدىمي شەكىللىرى يوقالدى، لېكىن ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇقلار ۋە

ئۈزۈنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇقلار ئۆز ئەھمىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. قىزىقارلىقكى، بەزى ئوق شەكىللىرىنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇ شەكىللەر ھەممە تۇرلەرنىڭ ئەسلىدىكى شەكىللىرى ئىدى، يەنى: غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۈزۈنچاق - ئۈچ بۇلۇڭلۇق شەكىللەر. بۇ خىل شەكىللەردىكى ئوقلار مەركىزىي ئاسىيا - سايان - ئالتاي رايونىنىڭ (تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلاردا) ئوق تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئەڭ كۆپ بولغان. بايقال ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا ئۈچ يانلىق ئوقلار بىلەن بىر قاتاردا ئىككى يانلىق ۋە ياپىلاق ئوقلارمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان (قۇرىقان، بايىرقۇ، شىرۋىلاردا). ئوب ۋادىسى، ئالتاي داللىرى، شەرقىي قازاقىستاندا (كىماكلار) ئەسلىدىكى ئوق شەكىللىرى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن: ئۈچ يانلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا، سوزۇنچاق رومبا، ئۈزۈنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىكلەر.

توسۇقنى يارغۇچى ئوقلار كۆپ جەھەتتىن ئۆزئارا ئوخشاشقان تەرىزدە راۋاجلانغان. مەركىزىي ئاسىيادا قىرغىز ئوقلىرى باشقىلارغا نىسبەتەن خېلى كۆپ تەرەققىي قىلغان. بۇ ئوقلار مۇنداق خاراكتېرلىنىدۇ: گۇرۇپپا ۋە تىپلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى كۆپ، قىرلىق - ئويمان شەكىللىكلىرى بار، توغرا كەسمىسى غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىللىك ۋە ئوق بېشى ئايرىم ئورنىتىلغان ئوقلار، ئۈچ يانلىق - ئۈچ قىرلىق، ئۈچ قىرلىق ۋە تۆت قىرلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. ئاساسلىق شەكىللەر ئىچىدە كەڭ بۇلۇڭلۇق ئوق باشلىرىنىڭ بولغانلىقى بۇ ئوقلارنىڭ ساۋۇتنى يېرىش ئۈچۈن ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوق تۈرلىرى ئىچىدە ساۋۇت ھالقىلىرىنى ئۈزۈش ۋە ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىرى بار. تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋرداش ئوق تۈرلىرى ئانچە راۋاجلانمىغان. تۈركلەرنىڭ توسۇقنى يارغۇچى ئوق تۈرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى ئىچىدە

قىرغىزلارنىڭ ئوقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان توسۇقنى يارغۇچى ۋە ساۋۇتنى بۇزغۇچى ئوقلارمۇ بار ئىدى. كىماكلارنىڭ توسۇقنى يارغۇچى ئوق باشاقلىرىنىڭ تۈرلىرى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەنلەرگە يېقىن. بۇ ئوقلار قىرغىز ۋە تۈرك ئوقلىرىنىڭ گۇرۇپپا ۋە تىپ خىللىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئوقلار ئىچىدە توسۇقنى يېرىشقا ۋە ساۋۇت ھالقىلىرىنى ئاجرىتىۋېتىشكە قارىتىلغانلىرىمۇ بار. بايقال رايونىدىكى توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ ئەڭ راۋاجلانغان تۈرى بايىرقۇلاردا كۆرۈلىدۇ. بايىرقۇ ئوقلىرىنىڭ تەركىبىدە ئومۇمەن شۇ رايونغا ئورتاق بولغان تۆت قىرلىق ئوق باشاقلىرى كۆپ ئىدى. شەرقىي بايقالدا ئۇچرايدىغان تىك بۇلۇڭلۇق ۋە سايان ـ ئالتايغا خاس بولغان ئۈچ قىرلىق ـ ئۈچ يانلىق ئوقلارمۇ بار ئىدى. قۇرىقانلاردا پەقەت تۆت قىرلىقلار، شىرۋىلاردا تۆت قىرلىق ۋە تىك بۇلۇڭلۇق ئوقلار بولغان.

مەدەنىي ـ تارىخىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەربىي بايقال يادىكارلىقلىرىدىكى ئۈچ يانلىق ۋە توسۇقنى يارغۇچى ئوق تۈرلىرى بايقالغا يېقىن جايلاردىكى ۋە شەرقىي بايقالدىكى ئوقلارغا قارىغاندا سايان ـ ئالتاي ئوقلىرىغا بەكرەك ئوخشايدۇ. ئېھتىمال، بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقاندەك بايقالغا يېقىن جايلار ۋە ئانگارا دەرياسى ئارقىلىق بولماستىن، بەلكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە سېلىنگا دەرياسى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشكەن بولۇشى مۇمكىن⑨.

تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدىكى ھەربىي ئىشلاردا يېڭىچە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى مەركىزىي ئاسىيادىن شىمالدىكى يەرلەرگە ئۆتىدىغان ئەنئەنىۋى يول بىلەن بولماستىن، ئەكسىچە، سايان ـ ئالتايدىن جەنۇبقا ۋە شەرققە كېڭەيگەن. شۇنداقلا، غەربتىكى قوشنىلارنىڭ

تەسىرىمۇ كۆرۈلگەن. تەرەققىيات جەريانىدىكى شەكىل ئۆزگە-رىشلىرىنى كۆزىتىشلەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ-كى، شەكىلدىكى ئۆزگىرىش ئاساسىي جەھەتتىن توغرا كەسمە-سىدە كۆرۈلىدۇ، ئوق گەۋدىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئىلگە-رىكىدەكلا بولۇپ قېلىۋەرگەن. يا شەكىللىرىگە، جەگچىلەرنىڭ قوغدىنىش بۇيۇملىرىغا ۋە يېڭىچە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىغا ماس-لىشالايدىغان ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوق شەكىللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش دەۋرىدە ئوق گەۋدىسىنىڭ ۋە ئوق باشاقلىرىنىڭ توغرا كەسمىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭىچە شەكىللىرى بارلىققا كەلدى.
بۇ جەھەتتە سۆڭەك باشاقلارنى تەھلىل قىلىش خېلى تەس. مەر-كىزىي ئاسىيا رايونىدىكى سۆڭەك باشاقلار، بولۇپمۇ تۆمۈر باشاق تۇرلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئاتفۇچى قورال-لار تۇرلىرى ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇلار يېنىك قوراللانغان دۇشمەننى ئېتىشقا ئىشلىتىلگەن. چەت جايلاردا بۇن-داق ئوقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ قوللىنىلغان. بۇنداق ئوقلار ناھايىتى خىلمۇخىل بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاسان ئەمەس. كونكرېت مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولغان سۆڭەك ئوق تۇرلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزگىچە. بەزى شەكىللەر، مەسى-لەن، ئۈچ قىرلىق ياكى تۆت قىرلىق سوزۇنچاق رومبا شەكىل-لىكلەر ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەدىن نەگە تارقالغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئوقلار ئالدىنقى دەۋرلەردە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئومۇمەن، سۆڭەك ئوقلار-نىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئەينى دەۋردە چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. سايان - ئالتايدىكى تۆشۈكى تىلىن-غان سۆڭەك ئوقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇنداق ئوقلارنى بۇ يەرلەرگە ھۇنلار ئېلىپ كەلگەن (ھۇنلاردىن بۇرۇنقى ۋە كې-يىنكى دەۋرلەرنىڭ ھېچقايسىدا بۇنداق ئوقلار ئىشلىتىلمە-گەن). ھۇن دەۋرىدىكى يايلاق رايونلىرىدا سۆڭەك ئوقلار ساۋۇت

كېيىنكەن دۇشمەنگە زەربە بېرىش ۋاستىسى سۈپىتىدە زور ئەھ-
مىيەتكە ئىگە بولغان. تۆمۈر ئوقلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ
ئۇلار قول بىلەن ئاتقۇچى قورال تۈرلىرىدىن ئاستا - ئاستا
سىقىپ چىقىرىلدى. سۆڭەك ئوقلار بۇ رايوننىڭ شىمالىدىكى
ئورمان - داللاردا، كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە
ئۇزاققىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى.

قول بىلەن ئاتقۇچى قورالىلارنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن
بولغان يا سېلىنىدىغان غىلاپ، ساداق ۋە ئوقدانلارنىڭ تەرەققىيا-
تى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. يا سېلىنىدىغان
غىلاپلار ئاساسەن سۈرەتلەردىن مەلۇم، ئۇلارنىڭ تېپىلمىلىرى
بەك ئاز. ھەر خىل شەكىللەردە بولغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى
ۋە تارقالغان جايلىرىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. ئوقدانلار
ھەققىدىكى مەلۇماتلار كۆپرەك. ئەينى دەۋردىكى قېيىن پوستى-
دىن ياسالغان ئوقدانلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى تىپى بولغان. ئەپ-
سۇسكى، ھۇن ئوقدانلىرىنىڭ شەكلى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات
يوق. سايان - ئالتايدا مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىغا ياتىدىغان ئايرىم ساندىكى يېپىق ئوقدانلار تېپىل-
غان بولۇپ، ئوقلار ئۇنىڭغا باشاقلىرى تۆۋەن قىلىپ قاچىلانغان.
بۇ خىلدىكى ئوقدانلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ، تاكى 8 - ئەسىرگە
قەدەر مەۋجۇت بولغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فۇنكسىيىسى
باشقىچە بولغان بىر قىسىم ئوقلار باشاقلىرى يۇقىرىغا قارىتىپ
سېلىنىدىغان بولغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوقلارنىڭ بۇنداق
قاچىلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ خىل ئوقلارنىڭ توغرا كەس-
مىسى كۆپ يانلىق ۋە ئىلمەكلىك بولغان. شۇڭا، تۈرك دەۋرىدە
يېپىق ئوقدانلار بىلەن بىر قاتاردا ئۈستى ئوچۇق ۋە يانچۇقلۇق
ئوقدانلار پەيدا بولغان. بۇ خىل ئوقدانلارغىمۇ ئوقلار باشاقلىرى
يۇقىرىغا قارىتىپ سېلىنغان. يانچۇقلۇق ئوقدانلار بولۇپمۇ ئەينى
دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كەڭ تارقالغان. ئەپسۇسكى، بۇ

ھەقتە تېخىمۇ تولۇقراق سۆزلەشكە ھازىرچە ئىمكانىيەت يوق. ھەرخىل مەدەنىيەتلەردىكى ئوقدانىنىڭ شەكلى، سىرتمىقى، ئىلمىكى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرچە سىستېمىلاشتۇرغىلى ۋە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى ئەھمىيىتى جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، لېكىن يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ جەڭ غەلىبىسىنى بەلگىلەيدىغان ناھايىتى مۇھىم قورال تۈرى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ خىل قوراللارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلىرى بەك ئاز. ئەينى دەۋردىكى يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى: ئىككى بىسلىق، تۈز ۋە يېنىك قىلىچلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇ ئۈچ تۈردىكى چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللار ئەنئەنىۋى قورالشۇناسلىق ئىلمىدە ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوراللار دەپ قارىلىدۇ. فورمال تىپولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا مۇشۇنداق قارالسا توغرا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى بىر تۈردىكى چاپقۇچى - سانجىغۇچى قورال تەرەققىياتىنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدىكى كەڭ رايون دائىرىسىدە شۇنداق بولىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيادىكى چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللارنىڭ تەرەققىيات تارىخى راۋاجلانغان مىس دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. مىس دەۋرىنىڭ ماتېرىياللىرىدا دەسلەپكى مىس قىلىچلار خاتىرىلەنگەن. سكىف دەۋرىدە سانجىغۇچى قىلىچلار بولۇپ قالماستىن، يەككە بىسلىق ئۇزۇن قىلىچلارمۇ بار ئىدى. ھۇن دەۋرىنىڭ ماتېرىياللىرى ئىچىدە تېخى تۈز ۋە دەستىسى بالداقسىز بولغان بىر قىلىچ بار. بۇنىڭ تىغى بىلەن دەستىسى ئۇيۇل بولسا كېرەك. ئالدىنقى دەۋردىكى تۈز قىلىچ ئىشلىتىش ئەنئەنىسى مەزكۇر رايوننىڭ غەربىي قىسمىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، تۈز قىلىچلارنى ھۇنلار ئىران تىللىق سارمات كۆچمەنلىرىدىن ئۆزلەشتۈرگەن

دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. سارماتلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
3 — 4 ـ ئەسىرلەردە شەرققە (شەرقىي تۈركىستانغا) ئىلگىرى-
لىگەن⑩. ئۇلۇغ ياۋچىلارمۇ سارماتلاردىن بولسا كېرەك. ئۇلار
تۈمەن تەڭرىقۇت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، يەنى مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە ھۇنلارنى بويسۇندۇرغان⑪. ھۇنلاردا
تۈز قىلىچلاردىن باشقا يەنە قوش بىسلىق قىلىچلارمۇ ئىشلىتىل-
گەن بولسا كېرەك، گەرچە بۇنداق تىپلىمىلار كۆرۈلمىگەن بول-
سىمۇ، ھۇن تاجاۋۇزچىلىقى مەزگىلىدە قىسقا سانجىغۇچى قى-
لىچلار بىلەن قوراللانغان سايان ـ ئالتاي كۆچمەنلىرى يېقىن
ئارىلىقتىكى جەڭلەردە ھۇن چەۋەندازلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان.
مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا چاپ-
قۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللار تېخى تېپىلمىدى. كېيىنكى دەۋر-
دە، يەنى مىلادىيە 2 — 5 ـ ئەسىرلەردە سايان ـ ئالتايدا
چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپرەك
بولغان. توغرا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەك ئىپتىدائىي شەكىلدە.
تۈۋانىڭ كۆكەل مەدەنىيىتىدىكى بەزى تۈز قىلىچلارنىڭ دەستىسى
ياغاچ، بەزىلىرىنىڭ تۈز بالدىقى بار، بەزىلىرىنىڭ بالدىقى يوق،
تۇتقۇچى قوۋۇرغىسىمان، دەستە بېشى يېرىم ئاي شەكلىدە ياكى
يېرىم سوزۇق، باش قىسمى ئۈچلۈق، دەستە بېشى ياپىلاق ھالقا
شەكلىدە بولغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇلار، ئېھتىمال، سارمات
پروتوتىپلىرىغا ئوخشاش بولسا كېرەك. بۇلارغا قوشنا بولغان
مىنۇسىدىكى تاشتىق مەدەنىيىتىنىڭ چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قو-
راللىرى بىر قەدەر قەدىمىي ھالەتتە. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە مۇنداق-
لىرى بار: قوش بىسلىق قىسقا قىلىچلار، بەزىلىرىنىڭ بالداق
ئورنىدا بەلدەمچىسى بار، دەستە بېشى ھالقىسىمان، يەككە بىس-
لىق تۈز قىلىچلار، بالدىكى تۈز، دەستە بېشى ھالقىسىمان.
يۇقىرى ئوب مەدەنىيىتىدىكى چاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللار:
قوش بىسلىق، بالداقسىز قىلىچلار، يەككە بىسلىق تۈز قىلىچ-

لار، بالداقسىز، دەستە بېشى لىنزا شەكلىدە. بېرىل يادىكارلىق-لىرىدىكى تۈز قىلىچلار بالداقسىز ۋە ئەگرى بالداقلىق، دەستە بېشى هالقىسىمان.

جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيەتلىرىدىكى چاپقۇچى - سانجىغۇ-چى قورال تۈرلىرى هۇن قوراللىرىغا بىۋاسىتە باغلانمايدۇ. بۇلا-ردا قىسقا قىلىچلارنى ياساشتىن ئىبارەت يەرلىك ئەنئەنە ئالامەت-لىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەنئەنە سىكىف - تاغار دەۋرىدىكى سانجىغۇچى قىلىچلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كېيىن شۇ ئاساستا ئۇزۇن قوش بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلار ئىشلەپچىقىرىل-غان. سايان - ئالتاي ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئالتاينىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى يايلاق رايونلىرىنىڭ بەزى ئامىللىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسا كېرەك. ئۇ رايونلاردا هۇن دەۋرىدە ئىران تىللىق سارمات كۆچمەن قەبىلىلىرى ياشايتتى. دەرۋەقە، ئەينى دەۋردىكى ئۆزلەشتۈرۈش مەنبەسىنى توغرا ئېنىقلاش ئاسان ئە-مەس. يۇقىرى ئوب ۋە بېرىل قىلىچ شەكىللىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەنبەلىرى شەرقىي قازاقىستاندىكى «قورغانلاردىن» ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى كېنىكول مەدەنىيىتىنىڭ لەخمە گۆرلە-رىدىن تېپىلغان قوش بىسلىق ۋە تۈز قىلىچلار بولسا كېرەك. ئالتاي داللىرىدىن چىققان ئىنتايىن مۇكەممەل شەكىللىك ئىگە بولغان تۈز قىلىچ سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا چەتنىڭ تەسىرى مۇشۇنداق يول بىلەن كىرگەنلىكى هەققىدىكى پەرەزنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ⑫.

6 — 8 - ئەسىرلەردىكى يەككە بىسلىق تىغلارغا كۆچۈش ئالامەتلىرى سايان - ئالتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. ئەينى دەۋردىكى قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارنىڭ قورال تۈرلىرىدە پەقەت قوش بىسلىق قىلىچلارلا بايقالدى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا بۇنداق قوراللار تېپىلمىدى. هالبۇكى، بۇ يەرلەردە تۈز قىلىچ ئىشلە-

تىش ئەنئەنىسى ۋاقتىنچە ئۈزۈلۈپ قالغان (مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرقى ئەسىرلىرىگىچە) ، دەپ پەرەز قىلىنسا توغرا بولمايدۇ. قىرغىزلاردا بۇ ئۈچ تۈرلۈك قورالنىڭ ھەممىسى بار ئىدى: قوش بىسلىق، تۈز قىلىچلار، تۈز ۋە سەل ئەگرى يېنىك قىلىچلار. كىماكلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ئىچىدە قوش بىسلىق، تۈز ۋە يېنىك قىلىچلارنىڭ تۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان.

دېمەك، ماتېرىياللار تەھلىلىدىن مەلۇمكى، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى چاپقۇچى - سانجىغۇچى قوراللار تەرەققىياتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن (ئەمەلىيەتتە پەقەت غەربىي رايونلاردا، يەنى سايان - ئالتاي، غەربىي سىبىرىيە، شەرقىي قازاقىستاندا). بىرىنچى باسقۇچتا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىر - مىلادىيە 5 - ئەسىر) يەرلىك ۋە چەتتىن كىرگەن ئەنئەنىلەر قوشۇلۇپ كەتكەن، ئىككىنچى باسقۇچتا (مىلادىيە 6 — 10 - ئەسىرلەر) قوش بىسلىق قىلىچ تۈز قىلىچ تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، يېنىك قىلىچنىڭ ئايرىم بىر تۈرى بولۇپ قالدى. قولىمىزدا بار بولغان ھەممە مەلۇماتلارنى قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، يېنىك قىلىچلار مەزكۇر رايوندا پەقەت 9 — 10 - ئەسىرلەردىلا پەيدا بولغان، دېگەن ئىلگىرىكى نۇقتىئىنەزەرنى خاتا دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق⑬. بىر چاغلاردا بۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە 6 — 8 - ئەسىرلەردىكى قەدىمكى تۈرك تاش سۈرەتلىرى زىت كېلىدۇ دەپ قارالغانىدى. بۇ تاش سۈرەتلەردە تۈز تىغلىق قىلىچلار ۋە يېنىك ئەگرى قىلىچلار ئىپادىلەنگەن. ھازىر بۇ زىددىيەت ھەل بولدى، چۈنكى تاش سۈرەت تۈرغۈزۇش ئەنئەنىسى تاكى مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان⑪.

خەنجەرلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات مەسىلىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قاراپ چىقىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ئوينايدىغان رولى تازا ئېنىق ئەمەس. مەركىزىي ئاسىيادا

خەنجەرلەر يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە قوچاقلاشما جەڭلەردە سانجىپ
زەربە بېرىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە خېلى
ئۇزاق ئىشلىتىلگەن. سايان ـ ئالتايدا بۇ ئەنئەنە تاكى ھۇن
دەۋرىگىچە ساقلانغان. يىراق ئارىلىق جېڭىنىڭ رولىنىڭ ئۆسۈ-
شىگە ئەگىشىپ خەنجەر ئىشلىتىش دائىرىسى زور دەرىجىدە تاراي-
دى. شۇنداقتىمۇ، خەنجەرلەر داۋاملىق مەۋجۇت بولدى ۋە قو-
چاقلاشما جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە ئىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ
قوش بىسلىق ۋە يەككە بىسلىق شەكىللىرى ئۆزگىرىپ تۇردى.
بولۇپمۇ، يەككە بىسلىق خەنجەرلەرنىڭ تۈز، جەينەكسىمان ۋە
ئەگرى تىغلىق شەكىللىرى كەڭ تارقالغان. دەستە بىلەن تىغنىڭ
تۇتاشتۇرۇلۇش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگەرگەن. مۇشۇنداق كۆپ خىل
ئەھۋاللار ئىچىدىن ھازىرچە بەلگىلىك يۈزلىنىش ۋە ئىچكى باغلى-
نىشلارنى تېپىپ چىقىش تەس. يەنە داۋاملىق ماتېرىيال يىغىشقا
توغرا كېلىدۇ.

يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە كۆچمەنلەرنىڭ نەيزىلىرىمۇ مۇ-
ھىم رول ئوينىغان. ھۇنلاردا توغرا كەسمىسى يۇمىلاق ئۇزۇن
نەيزىلەر بولغان. بۇ خىل نەيزە شەكلى كۆكەل مەدەنىيىتىدە
مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ساقلانغان.
كۆكەل تۇرلىرىدىكى ياغاچ دەستىلىك قوراللار ئىچىدە يەنە باشاق
گەۋدىسى سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ئىشلى-
تىلىدىغان ۋە باشقى سەل يۇمىلاقلاشقان نەيزىلەرمۇ بولغان.
بۇلارنىڭ بەزىلىرى نەقىشلىق. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قورال
تىپلىرى (سوزۇنچاق رومباشەكلىدىكى سانجىغۇچى نەيزىلەر ۋە
باشاق گەۋدىسى يۇمىلاقلاشتۇرۇلغان قىسقا نەيزىلەر) تاشتىق
مەدەنىيىتىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆمۈر نەيزىلەر تەرەققىياتىنىڭ
بىرىنچى باسقۇچىنى ئايرىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا
ئەسلىدىكى بىر شەكىلدىن سانجىغۇچى نەيزىلەرنىڭ ئىككى تىپ

ۋە ئاتقۇچى نەيزىلەرنىڭ بىر ـ ئىككى تىپى بۆلۈنۈپ چىققان.

ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىدە ئۇزۇن نەيزىلەر ئۇيغۇرلاردا، سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكى سانجىغۇچى نەيزىلەر قەدىمكى تۈركلەر ۋە قىرغىزلاردا، ئۇزۇن ئاتقۇچى نەيزىلەر شىرۋىلاردا بولغان.

مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا ياغاچ دەستىلىك قوراللارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپەيدى. ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار يۇمىلاق ۋە قىرلىق ئۇزۇن نەيزىلەرنى داۋاملىق ئىشلەتتى. قىرغىزلاردا يەنە سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكى ۋە ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق سانجىغۇچى نەيزىلەرمۇ بولغان. تۈركلەر سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك، ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق ۋە ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق نەيزىلەرنى ئىشلەتكەن. كىماكلار توغرا كەسمىسى ھەر خىل بولغان سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكى نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان. قۇرىقانلار ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق نەيزىلەرنى، بايىرقۇلار سوزۇنچاق رومبا ۋە ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق نەيزىلەرنى، شىرۋىلار ئۇزۇنچاق ئالتە بۇلۇڭلۇق نەيزىلەرنى ئىشلەتكەن. نەيزە تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچىدا شەكىللەر داۋاملىق يېڭىلاندى، سانجىغۇچى نەيزىلەر ئىچىدە مەخسۇس ساۋۇتنى يارغۇچى نەيزىلەر ۋە باشاق گەۋدىسى تار بولغان ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق، ئۇنىۋېرسال سوزۇنچاق رومبا شەكىللىك نەيزىلەر، يېنىك قوراللانغان دۈشمەنگە ئىشلىتىلىدىغان يېنىكلەشتۈرۈلگەن نەيزىلەر، توغرا كەسمىسى لىنزا شەكىللىك بولۇپ، باشاق گەۋدىسى تار ۋە تۆشۈكى ئۇزۇن نەيزىلەر بارلىققا كەلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاتقۇچى نەيزىلەرنى قوللىنىش ئەنئەنىسى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالغان.

چاپقۇچى قوراللارنىڭ رولى ۋە شەكلى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش قىيىنراق. دەسلەپكى تۆمۈر دەۋرىدە كۆپ ئىشلىتىلگەن ئۇزۇن ساپلىق قىلىچلار مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ بېشىغا

كەلگەندە يوقنىڭ ھېسابىغا چۈشۈپ قالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا ھۇنلار بۇ خىلدىكى قورالنى ئىشلەتمىگەن، چۈنكى يىراق ئارىلىق جەڭلىرىدە بۇنداق قورالنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولاتتى. قىرغىزلار مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ جەڭ پالتىلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق ئىشلەتكەن. 1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا تاغلىق ئالتاي تۈركلىرىدىمۇ پالتىلار پەيدا بولغان. بۇنى قىرغىزلارنىڭ تەسىرىدىن بولغانمۇ دېگەن مەسىلىنى ھازىرچە ئېنىقلاش تەس.

مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ تۈرك، كىماك، قىرغىز، قۇرىقان، بايىرقۇ ۋە باشقا كۆچمەنلەرنىڭ گۆرلىرىدە ئادەتتىكى پالتىلارمۇ كۆرۈلگەن. بۇنداق پالتىلارمۇ چاپقۇچى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم باشقا ئىشلاردىمۇ، جۈملىدىن ئىگىلىك ئېھتىياجى بىلەنمۇ لازىم قىلىنغاندۇر.

ھۇنلاردا كەم ئۇچرايدىغان ئۇرغۇچى قورال ئومۇتمۇ بايقالغان. ئومۇتلار پەقەت دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى تۈرك تاش رەسىملىرىدىنلا مەلۇم.

مەركىزىي ئاسىيادىكى قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدىلا بايان قىلالايمىز، چۈنكى مەنبەلەر تولۇق ئەمەس.

ھۇن دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىدە ۋە ئۇلارغا قارام بولغان جايلاردا ساۋۇتلۇق بەلباغلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ھالبۇكى، يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشقانىېرى ئالدىنقى دەۋرلەردە سانجىغۇچى قىلىچ ۋە خەنجەرلەرنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بۇ خىل قوغدىنىش تۈرىنىڭ ئورنى تۆۋەنلىدى. شۇڭا، ھەربىيلىك سالاھىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان قوغدىنىش بەلبېغى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسىنى تېزلا يوقاتتى؛ كېيىن ئۇنىڭ تەركىبىدە سۆڭەك

ئىلمەكلەر، مىستىن ياسالغان نەقىشلىق قاداقلار ۋە يەنە باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان ئىلمەكلەر پەيدا بولغان.

سۆڭەك قاداقلارنىڭ بەزى تىپلىرى ئەسلى ساۋۇتلارغا ئىشلىتىلگەن دەيدىغان پىكىرنىڭ توغرىلىقى تېخى ئىسپاتلانمىدى[15]. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى كان دەرياسى بويىدىكى ھۇن دەۋرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن يۇقىرىقىغا ئوخشايدىغان ئىككى قاداق تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ مۈرە سۆڭىكى دائىرىسىدە، يەنە بىرى كۆكرىكىدە بايقالغان[16].

مەركىزىي ئاسىيانىڭ چەت جايلىرىدا قوغدىنىش بەلباغلىرى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىدىكى يۇقىرى ئوب ۋە بۇرخوتۇي مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن بايقالغان. مېتال ساۋۇتلارنىڭ تارقىلىشى بىلەن ھەربىيچە بەلباغلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى فۇنكسىيىلىك ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، لېكىن يەنىلا ھەربىيلىك سالاھىيىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ساقلاندى ۋە بەزى جايلاردا قوماندانلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھۇنلاردا يەنە مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان «بىلەك قاپلىغۇچلىرى» ۋە «پاقالچەك قاپلىغۇچلىرى» بولغان.

مېتال ساۋۇتلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تېپىلمىلىرى يۇقىرى ئوب ۋە بېرىل يادىكارلىقلىرىغا مەنسۇپ. بۇلار تولۇق ياكى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان كۆكرەك ساۋۇتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قاداقلار توغرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە چېگرىسى تۇتاشتۇرۇلغان. بۇنداق ساۋۇتلار جەڭچىلەرنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق قىسمىنى يېپىپ، ئوقلاردىن، ياغاچ دەستىلىك سانجىغۇچى ۋەچاپقۇچى ـ سانجىغۇچى قوراللارنىڭ زەربىسىدىن قوغداشقا مۆلچەرلەنگەن. قاسراقلىق ساۋۇتتىن بىرى يۇقىرى ئوب ماتېرىياللىرى ئىچىدىن تېپىلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ خىل ساۋۇتلار ھۇن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

مەزكۇر دەۋر مېتال قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى تەرەققىياتىدى-
كى كونا قورال تۈرلىرى پۈتۈنلەي يېڭىلانغان بىر باسقۇچنى
تەشكىل قىلىدۇ.

كېيىنكى دەۋردە، يەنى 6 — 8 - ئەسىرلەردە يېنىسەيدە
شەكلى ئاددىيلاشتۇرۇلغان كۆكرەك ساۋۇتلىرى بارلىققا كەلدى.
ئالتاي ۋە بايقالدا پۈتۈن ساۋۇتنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. ئالتاي
ۋە تۇۋادىكى قەدىمكى تۈرك قورال تۈرلىرى ئىچىدە قاسراقلىق
ساۋۇتنىڭ قاداقلىرى ئۇچرىغان. بۇ كۆكرەك قىسمى ۋە ئېتىكى
بولغان شەكىلدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولى-
دۇكى، كۆكرەك ساۋۇتنىڭ توغرىسىغا تىزىلغان قاداقلىرىنى
تىك ھالەتتە تىزىلغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋە قوغدىنىش مەيدانىنى
كېڭەيتىش يولى بىلەن قاسراقسىمان ساۋۇت ياسالغان. بۇ دەۋردە
كۆكرەك ساۋۇتى ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان
مىنۇسىن ئويمانلىقىدىلا ساقلىنىپ قالغان. كۇدىرگىدىن تېپىل-
غان ساۋۇت پارچىسىدىن قارىغاندا، تۈركلەر شەرقىي تۈركىستان
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ساۋۇتنى
ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ خىل قوغدىنىش قورالى كېنكول قەبى-
لىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. كېنكول قەبى-
لىلىرى پۈتۈن ساۋۇتتىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان[17]. مىلادىيە
1 - مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا قاسراقسىمان ساۋۇتلارنى مەركىزىي
ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى خەلقلەر، جۈملىدىن سايان -
ئالتايدىكى تۈركلەر، بايقال ئەتراپلىرىدىكى قىرغىزلار، كىماكلا-
ر، قۇرىقانلار، بايقالنىڭ نېرىسىدىكى بايىرقۇ ۋە شىرۋىلار قوللان-
غان.

كىماكلار ۋە قۇرىقانلارنىڭ قوغدىنىش كىيىملىرى دەسلەپكى
تۈرك دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئۇزۇن ساۋۇت ئىدى، دەپ قىياس
قىلىنماقتا. قىرغىز ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، باشقىچە پەرەز-
نى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ، يەنى ساۋۇت قىسقا يەڭلىك ۋە

ئۇزۇن ئېتەكلىك كۆڭلەك تەرىقىسىدە بولۇپ، كۆكرەك ۋە مۈرە قىسىملىرىدا قوشۇمچە قوغدىنىش ياپقۇچلىرى بار ئىدى. بۇ قوغدىنىش كىيىملىرىنىڭ بىرىكمە ۋارىيانتىدىن ئىبارەت.

مىلادىيە 1 - مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمى قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ساۋۇتلار كەڭ تارقالغان ۋە ساۋۇت شەكلى قاداقلارنى قاسراقسىمان ئۇلاش سىستېمىسىغا ئۆزگەرگەن.

شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئاساسلىق قورال تۈرلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى مەزكۇر دەۋر جەريانىدا ئومۇمىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىككى ئاساسلىق باسقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى باسقۇچ كېيىنكى قەدىمكى ۋە ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. قول بىلەن ئاتقۇچى قوراللارنىڭ بەزى تۈرلىرىنى تېخىمۇ ئۇششاق باسقۇچلارغا بۆلگىلى بولىدۇ، يېقىن ئارىلىق جېڭى ۋە قوغدىنىش قوراللىرىنىڭ بەزى تۈرلىرىدە بۇنداق باسقۇچلار ئەسلا كۆرۈلمەيدۇ.

ئەمدى قورال تۈرلىرىنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلايلى مەزكۇر دەۋر جەريانىدا پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئوقياچىلارنىڭ قوراللىنىشىغا ماس كېلىدىغان بىردىنبىر قورال تۈرى مەۋجۇت ئىدى. ھالبۇكى، ھۇن دەۋرىدىلا بۇ قورال تۈرلىرى ئىچىدە يېقىن ئارىلىق جېڭى ۋە قوغدىنىش قوراللىرى كۆرۈلگەن. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە بۇ خىل ئامىللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى - ساۋۇت كىيگەن چەۋەندازلار پەيدا بولدى، چاپقۇچى - سانجىغۇچى ۋە ياغاچ دەستىلىك قوراللار رولىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ يېقىن ئارىلىق جەڭلىرىدىكى تەشەببۇسكارلىقى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەينى دەۋرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈركلەر

ۋە قىرغىزلارنىڭ ئېغىر قوراللانغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلاردىن ئىبارەت ئالاھىدە ئەسكىرىي قىسمى بارلىققا كەلگەن.

ھەربىي قوشۇنلار قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بىر قەدەر قىيىنراق بولىدۇ، چۈنكى سىياسىي - ئېتنىك بىرلەشمىلەرنىڭ تولىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تەشكىللىنىش شەكلى تازا ئېنىق ئەمەس. مۇنتىزىم ئەسكىرىي قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشى ھۇنلاردىن باشلانغان. ئۇلارنى ئاسىيانىڭ كېيىنكى ئونلۇق سىستېمىسىنىڭ باشلامچىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. جۈملىدىن، قىسىملارنىڭ ئىككى قاناتقا بۆلۈنۈشىمۇ ھۇن دەۋرىدىن باشلانغان. ئونلۇق سىستېما جۇرجانلاردىن قوبۇل قىلىنغان دەپ ھېسابلانماقتا. بۇ سىستېما قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قاغانلىقلىرىدا ئەڭ تولۇق ئەكس ئەتكەن. ئەلۋەتتە، بۇ سىستېمىنى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى باشقا كۆچمەنلەرمۇ قوللانغان.

كۆچمەنلەردىكى ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق: ئەينى دەۋردە تۈزلەڭ يەردىكى جەڭنىڭ ئاساسلىق تاكتىكىسى ئىزچىل تۈردە چېچىلما سەپتىن ئىبارەت بولۇپ، دۈشمەن سەپلىرىگە ئوق ئېتىش، ئىككى ياندىن قورشاۋغا ئېلىش، يالغاندىن قېچىش ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بارلىق كۆچمەنلەرنىڭ تاكتىكىلىق ئۇسۇللىرى ئىچىدە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىلىدىكى قۇچاقلاشما توقۇنۇشنىڭ رولى بارغانسېرى ئۆستى. ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلار ئايرىم ئەسكىرىي قىسىم بولۇپ تۈزۈلگەندىن كېيىن يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە زىچ يىغىلغان سەپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى.

كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش سەنئىتى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك خېلى تەس. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ

سەركەردىلىرى كەسكىن ھەرىكەتلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن توقۇنۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. دۈشمەننى ھالسىرىتىش ئۈچۈن يىراق ئارقا سەپكە مەقسەتلىك چېكىنىش ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك مۇداپىئە جەڭلىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان. بۇ ھال كۆچمەنلەرنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەينى دەۋردىكى كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا سېپىللىك تۇرالغۇلار قۇرۇلغان بولۇپ، دالىغا قارايدىغان تەرىپىدە ياكى تۇرالغۇنىڭ چۆرىسىدە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار ئىدى. ھۇن دەۋرىدە قوراللىق تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە لازىم بولىدىغان قوغدىنىش شەھەرچىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇلار مۇداپىئەچى قوشۇنلارنىڭ تايانچ پونكىتلىرى ۋە ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ بارگاھلىرىدىن ئىبارەت بولغان قەلئەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قورغانلار ئىدى. ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئۈچ تۈرلۈك ئىستىھكام قۇرۇلمىلىرى بولغان. قوغدىنىش شەھەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە بايقال ئەتراپلىرىدىكى كۆچمەنلەرگە - قىرغىز، قۇرىقان، شىرۋىلارغا خاس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىھكام ۋە قەلئەلىرى ئەڭ مۇكەممەل ئىدى. قىرغىزلاردا سوقما تاملىق قەلئەدىن بىرىلا كۆرۈلدى.

سېپىللىك تۇرالغۇلار ۋە قوغدىنىش شەھەرچىلىرىنىڭ مۇداپىئە ئەھمىيىتى ھەر قايسى ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشلار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. دۈشمەن تەرەپ ئىستىھكاملارنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرىدىن خەۋەرسىز بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا قوغدىنىش شەھەرچىلىرىدە تۇرغۇچىلار خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالالايتتى. مۇرەككەپ ئىستىھكام سىستېمىسىغا ئىگە بولغان سوقما تاملىق قورغانلار ئۇزاق مۇددەتلىك مۇداپىئەگە مۆلچەرلەنگەن⑱. ھالبۇكى، كۆچمەنلەردە سېپىللارغا ھۇجۇم قىلىش تېخنىكىسى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق

مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، بۇنداق ئىستىھكام قۇرۇلمىلىرى دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى دەپ ئېيتالايمىز. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئىگىلىك، جەمئىيەت ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىسىنىڭ خاراكتېرى ئەينى دەۋردە باشتىن - ئاياغ ئۆزگەرمەي تۇرىۋەردى. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ مەقسەتلىرى يايلاقتىكى ھاكىممۇتلەقلىققە ئىنتىلىش، يېپەك يولىنى كونترول قىلىش، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ئولتۇراق دۆلەتلەرگە سېلىق تۆلەش مۇناسىۋەتلىرىنى تېڭىشتىن ئىبارەت ئىدى. كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيەتلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. بۇنداق دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش دائىرىسى ۋە ۋاقتى ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلەردە ھۇجۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرالىشىغا باغلىق بولاتتى. لېكىن، بېسىۋېلىنغان كەڭ زېمىنلار پەقەت قورال كۈچى بىلەنلا كونترول قىلىنغانلىقتىن بۇنداق دۆلەتلەر تولىمۇ مۇقىمسىز بولاتتى. مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەممە كۆچمەن دۆلەتلەر نىسبەتەن قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ، ئوڭۇشسىز جەڭلەر ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ كېتەتتى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ چەت جايلىرىدىكى كۆچمەنلەر بىرلەشمىلىرى، مەسىلەن يېنىسەيدىكى قىرغىز دۆلىتى بىر قەدەر تۇراقلىق بولۇپ چىقتى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلەر دۆلەتلىرىنىڭ ھۇجۇم ئىستراتېگىيىسى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھالاكىتىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

# خاتىمە

ھەربىي ئىشلار (قوراللارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قورال ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى) خۇددى ھەر قانداق بىر تارىخىي ھادىسىگە ئوخشاش ئۆز تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كېلىدۇ. دۇنياۋى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرلىرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان باسقۇچلىرىغا تايىنىپ، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدىكى بىرىككەن ۋە ئۆز ئارا باغلانغان ھادىسىلەرنى ھېسابقا ئېلىپ، ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەنلەر ھەربىي ئىشلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى ئىككى باسقۇچنى ھەمدە ھەرقايسى كونكرېت قورال تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئۆز ئارا باغلانغان ھادىسىلەرنىڭ بىرلىكى، ئاساس سالغۇچى ئۆزگىرىشلەر ھەرىكىتىنىڭ دەۋرداشلىقى كونكرېت مەدەنىيەتلەر دائىرىسىدىكى تۈرلەر پەرقلىرىنى ۋە تىپلار خاسلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. مەلۇم رايون دائىرىسىدىكى ئايرىم قورال تۈرلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تۇغقانچىلىقى بار ۋە تۇغقانچىلىقى يوق كۆچمەنلەر بىرلەشمىلىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. ماددىي، تەسۋىرىي ۋە يازما مەلۇماتلار پارچە - پۇرات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگىرىشلەر بەكمۇ خىلمۇخىلدەك تۇيۇلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرگە ئائىت مەنبەلەر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ھازىرقى تەسەۋۋۇرلارنى تولۇقلاشقا بولىدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئايرىم پەرقلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ئوخشاشمايدىغان يۈزلىنىشلەرنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەن-

دۇرىدۇ. شۇ خىل يۈزلىنىشلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلىرى ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمىي قوراللارغا قارىتا ئېيتقاندا، بۇ ھۇجۇم ۋە قوغدىنىشتىن ئىبارەت قارىمۇقارشى فۇنكسىيەلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، كونكرېت قورال تۈرلىرىگە قارىتا ئېيتقاندا، نەرسىلەرنىڭ شەكلى ۋە فۇنكسىيىسىنىڭ ماسلىشىشى، ئەسكىرىي قىسىملارغا قارىتا ئېيتقاندا، قوراللارنى كوللېكتىپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى، قوراللىق پائالىيەتلەرگە قارىتا ئېيتقاندا، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىقلاشقان ھۇجۇم ۋە قوغدىنىش ۋاستىلىرىنىڭ ئايرىلىشىدۇر.

كۆچمەنلەر ھەربىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن ھۇجۇم ھەرىكەتلىرىگە مۆلچەرلەنگەن قورال - ياراغ تېخنىكىسى دائىرىسىدە بولدى. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇداپىئە ۋە ئەسكىرىي قىسىملار قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئانچە تېز بولمىدى. كۆچمەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتى ھەققىدە تولۇق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن راۋاجلانغان ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە (11 — 14 - ئەسىرلەر) ياتىدىغان مەلۇماتلارنى، جۇملىدىن قىتان، تاتار، موڭغۇل قاتارلىق تىللىق كۆچمەنلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى كۆرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. قولىمىزدىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەجمى بۇ مەلۇماتلارنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئايرىم قىسمى قىلىپ كىرگۈزۈشكە ئىمكان بەرمىدى. بۇنى بىر مەخسۇس ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش كېرەك.

مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى مەدەنىيەت - ئىگىلىكىنىڭ، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئومۇملىشىش دەۋرىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر. مەلۇماتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى، ھەتتا بەزى رايونلار-

دىكى مەلۇماتلارنىڭ پۈتۈنلەي يوق بولۇشى، يازما مەنبە ئۆچۇرلە-
رىنىڭ كەمچىلىكى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ
ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە
ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەزكۇر ئە-
سەردە يورۇتۇلغان ھادىسە ۋە قانۇنىيەتلەرنىڭ ئۆتمۈشنى ئانالىز
قىلغاندا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئازدۇر - كۆپتۇر
پايدىسى بولىدۇ.

جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەن ئاھالىسى-
نىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر مەلۇماتلار سىستېمىلاشتۇرۇلغاندا
چېگرىداش رايونلار ماتېرىياللىرى ئاساسىدىكى يۇقىرىقىغا ئوخ-
شاش مەسىلىلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا يول ئېچىلىدۇ.
ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يايلاقلىرىدىكى ھەربىي
ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا،
ياۋروپا - ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش سەنئىتى
تارىختىي چۈشەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدۇ ھەمدە بۇ تا-
رىخقا دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن مۇناسىپ ئورۇن
ئاجراتقىلى بولىدۇ.

# ئىزاھات

## مۇقەددىمە

### ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىلىرى

① يى. رازىن: «ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ تارىخى»، 1 ـ توم، موسكۋا، 1955 ـ يىلى، 74 ـ، 81 ـ، 108 ـ، 111 ـ بەت؛ گ. دېبرىيۇك: «سىياسىي تارىخ دائىرىسىدىكى ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ تارىخى»، 1 ـ توم، 1936 ـ يىلى.

② ئو. ئىۋانىن: «موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى ۋە ئىستىلاچىلىقى ھەققىدە»، 1846 ـ يىلى؛ م. گورېلىك: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ قوغدىنىش كىيىمى»، «موڭغۇلشۇناسلارنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنى»، 1 ـ توم، ئۇلان باتور، 1979 ـ يىلى، 90 ـ 101 ـ بەت؛ «14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى — 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى موڭغۇل ـ تاتار قوغدىنىش قوراللىرى»، «ئېلىمىز تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى كۆلىكوۋ جېڭى»، موسكۋا، 1983 ـ يىلى، 244 ـ 269 ـ بەت؛ ئا. مېدۋېدېۋ: «شەرقىي ياۋروپادىكى تاتار ـ موڭغۇل ئوق باشاقلىرى»، 1966 ـ يىلى، 50 ـ 60 ـ بەت؛ س. كىسلىيوۋ، ن. مېرپېرت: «قاراقورۇم تۆمۈر ۋە چۆيۈن بۇيۇملىرى»، «قەدىمكى موڭغۇل شەھەرلىرى»، موسكۋا، 1965 ـ يىلى، 192 ـ 206 ـ بەت.

③ ن. كونراد: «سۇن زى ھەربى دەستۇرى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1950 ـ يىلى، تاڭغۇتچە تەرجىمىسى، موسكۋا، 1979 ـ يىلى؛

Griffith S. B Sun Tzu. The art of war. —Oxford, 1963.

④ بى. رازىن: «ئۇرۇش سەنئىتى تارىخى»، 111 ـ 125 ـ بەت.
⑤ يۇ. خۇدياكوۋ: «كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىدىكى ياي-
لاق مۇھىتىنىڭ تەسىرى»، «غەربىي سىبىرىيىنىڭ تەبىئىي جۇغرا-
پىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تارىخىي جەريانلىرى»، توم-
سىك، 1970 ـ يىلى، 85 ـ 87 ـ بەت؛ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ
سىكىف دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەربىي ئىش-
لارنىڭ رولى»، «سىكىف ـ سىبىرىيە مەدەنىيەت ـ تارىخ بىرلىكى
مەسىلىلىرى» (پۈتۈن ئىتتىپاق ئارخېئولوگىيە مۇھاكىمە يىغىنى-
نىڭ دوكلات تېزىسلىرى)، كېمېروۋو، 1979 ـ يىلى، 27 ـ، 28 ـ
بەت؛ «جەنۇبىي سىبىرىيە سىكىف دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ھەربىي
ئىشلارنىڭ شەكىللىنىشى»، «سىكىف ـ سىبىرىيە مەدەنىيەت ـ
تارىخ بىرلىكى مەسىلىلىرى»، كېمېروۋو، 1980 ـ يىلى، 135 ـ 144 ـ
بەت.
⑥ يۇ. خۇدياكوۋ: «12 ـ ئەسىر قورالشۇناسلىق ئۇقۇملىرى-
نىڭ دەلىلى» (6 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ
قورال ـ ياراغ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا)، «شەرقىي سىبىرىيە ئار-
خېئولوگىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسى» (يەرلىك مۇھاكىمە يىغىنى-
نىڭ دوكلات تېزىسلىرى)، ئىركۇتسك، 1978 ـ يىلى، 77 ـ 79 ـ
بەت؛ «قورالشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسلىق چۈشەنچىلەر» (6 ـ 12 ـ
ئەسىرلەردىكى يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ قورال ـ ياراغ ماتېرىياللى-
رى ئاساسىدا)، «سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق ئارخېئولوگىيىسىدىكى
يېڭىلىقلار»، نوۋوسىبىرسك، 1979 ـ يىلى، 184 ـ 193 ـ بەت.
⑦ يۇ. خۇدياكوۋ: «6 — 7 ـ ئەسىرلەردىكى قىرغىزلارنىڭ
قورال ـ ياراغلىرى»، نوۋوسىبىرسك، 1980 ـ يىلى.
⑧ يۇ. خۇدياكوۋ: «قوراللار تارىخىي مەنبەدۇر»، «ئىلمىي ـ
نەزەرىيىۋى دوكلات يىغىنى» (دوكلات تېزىسلىرى)، ئىركۇت-
سك، 1979 ـ يىلى، 9 ـ، 10 ـ بەت.
⑨ يۇ. خۇدياكوۋ: «قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئۇرۇش»، «سى-
بىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە
مەسىلىلىرى»، ئىركۇتسك، 1980 ـ يىلى، 36 ـ، 37 ـ بەت.
⑩ «ئۇرۇش ۋە ئارمىيە»، موسكۋا، 1977 ـ يىلى، 21 — 23 ـ بەت.

## ئەسەرلەر ۋە مەنبەلەر ھەققىدە

① يۇ. خۇدياكوۋ: «6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردىكى يېنسەي قىرغىزلى-
رىنىڭ قوراللىرى»، نوۋوسىبىرسىك، 1980 ـ يىلى؛ «ئوتتۇرا
يېنسەي كۆك تۈرك قوراللىرى»، «س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى
خەۋەرلىرى»، 1980 ـ يىلى، 1 ـ سان، ئىجتىمائىي پەنلەر قىس-
مى، 91 ـ 99 ـ بەت.

② يۇ. خۇدياكوۋ: «9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئالتاي يايلاق
كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىرى»، «سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى
قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى»، نوۋوسىبىرسىك،
1980 ـ يىلى، 115 ـ 132 ـ بەت؛ «تاغلىق ئالتايدىكى قەدىمكى
تۈركلەرنىڭ قوراللىرى»، «تاغلىق ئالتايدىكى 1980—1982ـ يىل-
لىرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلار»، گورنو ـ
ئالتايىسك، 1983 ـ يىلى، 3 ـ 27 ـ بەت؛ د. ساۋىنوۋ: «مۇرەك-
كەپ ئوقيا تارىخىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي
سىبىرىيىدىكى تەرەققىياتىغا ئائىت بىر قىسىم مەسىلىلەر»، «سى-
بىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي
ئىشلىرى»، نوۋوسىبىرسىك، 1981 ـ يىلى، 146 ـ، 162 ـ بەت.

③ ل. چىندىنا: «ئوتتۇرا ئوب ۋادىسىدىكى جەڭچىلەرنىڭ
سۈرەتلىرى»، «سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى قەبى-
لىلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرى»، نوۋوسىبىرسىك، 1981ـيىلى، 87ـ
97 ـ بەت؛ ب. كونىكوۋ: «ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى
ئىرتىش ۋادىسى ئاھالىسىنىڭ قوراللىنىش ئالاھىدىلىكلىرىگە دائىر
ماتېرىياللار»، «ئىرتىش ۋادىسى ئارخېئولوگىيىسى»، تومسىك،
1980 ـ يىلى، 68 ـ 78 ـ بەت.

④ ي. دېدېۋيانكو: «موخە جەڭچىسىنىڭ قوراللىنىش مەسىلى-
سى»، «شىمالىي ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى»، نوۋو-
سىبىرسىك، 1975 ـ يىلى، 192 ـ 203 ـ بەت؛ ۋ. مېدۋېدېۋ:
«ئوتتۇرا ئەسىر ئامۇر جەڭچىسىنىڭ دۇبۇلغىسى ھەققىدە» (كور-
ساكوۋ گۆرلۈكىدىكى قورال ـ ياراغلارنىڭ قالدۇقلىرى)، «سىبى-

رىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي ئىشـ-لىرى»، نوۋوسىبىرسىك، 1981 ـ يىلى، 172 ـ 184 ـ بەت؛ ل. سىمىنىچىنكو: «دىڭىز ياقىسىدىكى 8 ـ 10 ـ ئەسىرلەرگە تەئەل-لۇق ئوق باشاقلىرى»، «س س س ر يىراق شەرقىدىكى ئەڭ يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار»، ۋلادىۋوستوك، 1976ـيىلى، 98ـ111ـ بەت؛ ئو. گالاكتىئونوۋ: «دىڭىز ياقىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە تەئەللۇق نەيزە باشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى»، «س س س ر يىراق شەرقىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال-لار»، 1978 ـ يىلى، 99 ـ 103 ـ بەت؛ يۇ. ۋاسلىيېۋ: «لۇدانىنكوۋ تۆپىلىكىدىكى گۆردىن تېپىلغان ئوق باشاقلىرى»، «س س س ر يىراق شەرقىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، ۋلادىۋوستوك، 1978 ـ يىلى، 118 ـ 126 ـ بەت؛ ۋ. خورېۋ ۋە ۋ. شاۋكونوۋ: «ئانانيېۋ خارابىسىدىن تېپىلغان ئوق باشاقلىرى»، «س س س ر يىراق شەرق ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىيال-لار»، ۋلادىۋوستوك، 1981 ـ يىلى، 111 ـ 117 ـ بەت.

⑤ ئا. مېلىيوكوۋا: «سكىفلارنىڭ قوراللىرى»، موسكۋا، 1965 ـ يىلى؛ ي. چېرنېنكو: «سكىفلارنىڭ قوغدىنىش كىيىم-لىرى»، كىيېۋ، 1968 ـ يىلى؛ «تولىستوي گۆرىدىن چىققان قورال»، «سكىفلار دۇنياسى»، كىيېۋ، 1975 ـ يىلى، 152ـ173ـ بەت؛ «سكىف ئوقياچىلىرى»، كىيېۋ، 1981 ـ يىلى؛ ك. سىمىر-نوۋ: «سارماتلارنىڭ قوراللىرى»، «س س س ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار ۋە تەتقىقاتلار»، موسكۋا، 1961 ـ يىلى؛ ئا. خازانوۋ: «سارماتلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئائىت ئوچېركلار»، موسكۋا، 1971 ـ يىلى؛ ب. لىتۋىنسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر ئوق باشاقلىرى»، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 1965 ـ يىلى، 75ـ91 ـ بەت؛ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇرەككەپ ئەركىبلىك ئوقياسى»، 1966 ـ يىلى، 51ـ69 ـ بەت؛ ئو. ئوبېلچېنكو: «سوغدى قورغانلىرىدىكى قىلىچلار ۋە خەنجەرلەر»، 1978 ـ يىلى، 115ـ127 ـ بەت.

⑥ ئا. مېدۋېدېۋ: «قول بىلەن ئاتىدىغان قوراللار (ئوقيا ۋە ئۆزئاتار)»، موسكۋا، 1966 ـ يىلى؛ ئا. كىرپىچنىكوۋ: «قەدىمكى

روس قوراللىرى» ، 1 ـ نەشرى، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1966ـيىلى؛ 3ـنەشرى، لېنىنگراد، 1971ـيىلى؛ «15ـ18ـئەسىرلەردىكى رۇسىيە ھەربىي ئىشلىرى» ، لېنىنگراد، 1976ـيىلى.

⑦ ئو. ئىۋانىن: «موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى ۋە ئىشغالىيەتچىلىكى» ، سانت پېتربورگ، 1846 ـ يىلى؛ ئا. ئىۋانوۋ: «جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخى خاتىرىلىرىدىكى موڭغۇللارنىڭ رۇسىيىگە يۈرۈشلىرى» ، «رۇسىيە ھەربىي ـ تارىخ جەمئىيىتىنىڭ ھەربىي ئارخېئولوگىيە ۋە ئارخېئوگرافىيە خاتىرىلىرى» ، 3 ـ توم، 1914 ـ يىلى؛ ب. ۋلادىمىرسوۋ: «چىڭگىزخان» ، بېرلىن، 1922 ـ يىلى؛ ئا. ناسونوۋ: «موڭغۇللار ۋە رۇسىيە» ، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1940 ـ يىلى؛ ب. گرېكوۋ، ئا. ياكۇبوۋسكىي: «ئالتۇن ئوردا ۋە ئۇنىڭ يىمىرىلىشى» ، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1950 ـ يىلى.

⑧ س. كىسېلېوۋ، ن. مېرپېرت: «قاراقۇرۇمدىن تېپىلغان تۆمۈر ۋە چويۈن بۇيۇملار» ، «قەدىمكى موڭغۇل شەھەرلىرى» ، موسكۋا، 1965 ـ يىلى، 192 ـ 206 ـ بەت؛ ئا. مېدۋېدېۋ: «شەرقىي ياۋروپادىكى تاتار ـ موڭغۇل ئوق باشاقلىرى» ، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» ، 1966 ـ يىلى، 50 ـ 60 ـ بەت؛ ئا. مالىنوۋسكايا: «ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىدىن تېپىلغان 13 — 16 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق سۆڭەك نەقىشلىق ساداقلار» ، «ۋولگا ۋادىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرى» ، موسكۋا، 1974ـيىلى، 132ـ175ـ بەت؛ م. گورېلىك: «ئوتتۇرا ئەسىر موڭغۇل قوغدىنىش كىيىملىرى» ، «موڭغۇلشۇناسلارنىڭ 3 ـ دۆۋەتلىك خەلقئارالىق يىغىنى» ، 1 ـ توم، ئۇلان باتور، 1979ـيىلى، 90 ـ 101 ـ بەت؛ «14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى — 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى موڭغۇل ـ تاتار قوغدىنىش قوراللىرى» ، «ئېلىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى كۈلىكوۋ جېڭى» ، موسكۋا، 1983 ـ يىلى، 244 ـ 269 ـ بەت.

Gorelik M. Oriental armour ofthe Near and Middle gast from the eighth to the fifteench centuries as shown in works ofart. —In: Islamic arms and armour. london, 1979, P. 38—41.

⑨ ئې. ۋادتسكايا: «مىنۇسىن ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە-لىك تەكشۈرۈشلەر تارىخى»، كېمېرىۋو، 1973 - يىلى، 6 - نەشرى، 99 - بەت.

⑩Radloff W. Aus Sibirien, B2. —leipzig, 1893, S. 126—130.
ۋ. رادلوۋ: «قەدىمكى سىبىرىيە»، سانت پېتربورگ، 1986 - يىلى، 44 - 60 - بەت.

⑪ ۋ. رادلوۋ: «قەدىمكى سىبىرىيە»، 54 — 55-، 58 — 60-بەت.

⑫Schott W. Uber die achten Kirgisen. —Berlin, 1865.
